

# مەمتىلى ئەپەندى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەمتىلى ئەپەندى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام



ISBN 7-5631-0896-3

ISBN 7 - 5631 - 0896 - 3
I·161(民文)定价:22.25元

مىرەھمەت سېيىت، يالقۇن روزى

# مەشلى ئەپەندى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

1997 - يىل، ئۈرۈمچى

مۇھەررىرى: **قۇربان بارات**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر يۇسۇپ**
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: **ئابدۇراخمان ئۆمەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **تۇنسايىم ساۋۇت**

**م. سېيىت، ي. روزى**
**مەمتىلى ئەپەندى**
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1168 × 850 مم، 1/32 باسما تاۋىقى؛12.625 قىستۇرما ۋارىقى:1
1997 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0896—3/I. 161
تىراژى: 1 — 10000
باھاسى: 22.25 يۈەن



مەمتلی ئەپەندی

# بېغىشلىما

مەشھۇر مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇم قەلەمكەش مىر ئەھمەت سېيىت بىلەن تونۇلۇۋاتقان ياش ئوبزورچى يالقۇن روزى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ تارىخىي تەرجىمىھالدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى ۋە مەنىۋى يېتەكچىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شانلىق ھاياتى، ئۇلۇغ مائارىپچىغا خاس نۇرانە ئوبرازى، جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرى ۋە سەنئەتكارغا خاس مەغرۇر خىسلىتى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئاپتورلار بۇ تارىخىي تەرجىمىھالنى يېزىشتا ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەن، يېڭى ھەم مول تارىخىي پاكىتلارنى توپلىغان، ئادىل ھەم ئەستايىدىل بولۇشتەك يېزىقچىلىق ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ھەقىقىي ئىلمىي ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

1997. 8. 25.

# سۆز بېشى

ئىنساننىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرى نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق خەلقنىڭ نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تارىخنىڭ ستىرېلكىسى XXI ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۈبھىسىزكى، XXI ئەسىردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاج تېپىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرەشلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋە تېخىمۇ رەھىمسىز بولىدۇ. كۆرگەن - بىلگىنىمىز ئاز بولسىمۇ، ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، يەر شارىدىكى تۈرلۈك ئىرقلار، دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر XXI ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، كېلەچىكى ئۈستىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئىزدەنمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۈرەن - شاۋقۇنلىرى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق، خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ قالاق، نامرات ۋە ئاجىز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولۇشى، ياشاشقا ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى گۇناھ ئەمەس، ئەكسىچە ئىزدىنىش ۋە رىقابەت بىلەن تولغان بۇ دۇنيانىڭ ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن. مۇشۇ مەنىدىن، يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، بۇ خىل ئىنتىلىشنىڭ بىز ئۈچۈن ئىزچىل گۇناھ بولۇپ كەلگەنلىكىنى

كۆرىمىز. ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ۋە پۇت - قولىمىزنى بوغۇپ قويغانلىقى تۈپەيلى، تەقدىرىمىز تۇز سۈيىدەك ئاچچىق بولۇپ كەلدى.

مەڭگۈ تاشلار نېمە مەقسەتتە تىكلەنگەن؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نېمە مەقسەتتە يېزىلغان؟ «قۇتادغۇبىلىك» چۇ؟

بىز نادانلىقىمىز تۈپەيلى، مىڭ يىللاردىن بېرى مانا مۇشۇنداق ئالەمشۇمۇل ئەنگۈشتەرلىرىمىزنىڭ ماھىيىتى بىلەن تونۇشۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. تالاي شىر يۈرەك ئەركەكلىرىمىز بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ يالقۇن كەبى ئىستەكلىرى تارىخنىڭ بىپايان ئېتىكىدە قۇم - بورانغا كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى. بىز بولساق يول بەلگىسى يوق يوللاردا، ئېغىز - بۇرنىمىزنى قان قىلىپ كېتىۋەردۇق. كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى. قانلىرىمىز سۇدەك ئاقتى. سۆڭەكلىرىمىز تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىمىز قۇل بولدى. خانىش بولىدىغان قىزلىرىمىز دېدەك بولدى.[1]

بىر زامانلاردا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، سەييارىلەردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، تۈركۈم - تۈركۈم مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنى چاقنىتىپ، مەدەنىيەت ئاسمىنىنى بىزىگەن بۇ خەلق، «يىپەك يولى»نىڭ چۆلدەرىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىشانچىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ نادانلىق، دەمكۆتە - قۇلچىلىق، تۈگىمەس ھەم ئەرزىمەس تەپرىقىچىلىق، شۇنداقلا زۇلۇم - زالالەت قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن

① «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»دىن ئېلىندى.

مۇستەھكەم مىللىي ئىگىلىك تەلتۆكۈس گۇمران بولۇپ، مەرىپەت مۇنارلىرى غۇلاپ چۈشۈپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى، تەڭرىتاغ ئانا غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتتى، دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى ئۈن - تىنسىز ئاقىدىغان بولۇپ قالدى...

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەيتاۋۇر باشقا ئەللەردە ياڭرىغان مەرىپەت قوڭغىرىقىنىڭ ساداسىدىنمۇ ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەھشەتلىك خورەك ئاۋازىدىنمۇ بەزى ئەقلى - ھوشى ۋە ئىمان - ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر بالدۇر ئويغىنىپ، خەلقىنىڭ ھالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتۇش، ئىلى، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان ۋادىلىرىدا، باھاۋۇدۇنباي، ھۇسەنباي، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى، تاشاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، ھاموت ھاجى قاتارلىق مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر يول باشلىغۇچىلىرىمىز خەلقنى كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشقا تۇتۇش قىلدى.

مەكتەپ خاسىيەتلىك كولدۇرما. ئۇ ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانلارنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىدۇ.

مەكتەپ نۇرانە مەشئەل. ئۇ زۇلمەت ئىچىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەنلەرگە پارلاق مەنزىلنى ئايان قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، XX ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى جاھالەت تۇتەكلىرى قاپلاپ كەتكەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چاراقلاشقا، تەڭرىتاغ ئانىنىڭ گىگانت گەۋدىسى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاشقا، دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى

شاۋقۇنلاشقا، تالاي يىللار پۇشۇلداپ ياتقان بۇ قەدىمىي تۇپراق ئاستا ـ ئاستا سىلكىنىشكە باشلىدى.

ئەپسۇسكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تەقدىرىمىزنىڭ ئارغامچىسىنى يېگىرمە يىلغا يېقىن چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ تۈگىمەس جادۇ ـ ئەپسۇنلىرى بىلەن بۇ ئۇلۇغ باشلىنىشنى مۇقەددىمە ھالىتىدىلا بوغۇپ قويدى.

1930 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا قۇمۇل، تۇرپان ۋادىسىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ نىسپىي غەلىبىسى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئازادلىق ھەم ئەركىنلىك شوئارلىرىنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن ياڭراپ، مەرىپەت چۇقانلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مانا مۇشۇ پۇرسەتتە تارىخىي ئۆركەش ھاسىل قىلغان يېڭى مائارىپ ئىنقىلابىدا، ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامى ئۆلمەس ئوغلى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) سەركەردىلىك رول ئوينىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا، ئەمما قىسمەتكە باي شانلىق ھاياتىدا، مائارىپ سەركەردىسىگە خاس نۇرانە ئوبرازى، سەنئەتكارغا خاس مەغرۇر خىسلىتى ۋە جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرى بىلەن «تەۋپىق روھى» نى نامايان قىلىپ، تىللاردا داستان قىلغۇدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مانا مۇشۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شانلىق ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئاتمىش يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلدى.

1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي. ئۈرۈمچى

مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك بىر تېۋىپنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى موللا غوجىلاق ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا قەشقەر تەۋەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەردىن ئىدى. موللا غوجىلاقنىڭ ئايالى خەلىچە ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىن ئىدى. موللا غوجىلاق 20 نەچچە ياش چاغلىرىدا، يەنى 1830 ـ يىللىرى قەشقەرنىڭ باش ئەمەلدارى زۇھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ھوزۇرىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغان. 1831 ـ يىلى قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆزى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن «مەسنىۋى شېرىپ» ناملىق كىتابنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازارىغا ۋەخپە قىلغاندا، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، ئوپالنىڭ بېگى زەيدىن قۇرۇلبېگىلەرنىڭ قاتارىدا، گۇۋاھچى سۈپىتىدە، موللا غوجىلاقمۇ بار ئىدى.[①]

زۇھۇرىددىن ھېكىمبەگ تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن موللا غوجىلاقنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا بۇيرىغان.

موللا غوجىلاقنىڭ مەمتىلى ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ، كارۋان تۆگىلىرى بار چوڭ سودىگەر بولسىمۇ، 1867 ـ يىلى بەدۆلەت — ياقۇببەگكە ئەگىشىپ ئەسكەر بولۇپ، 32

---

① «مەھمۇد قەشقىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى 40 ـ بەت.

يېشىدا ئۇرۇشتا ئۆلگەن. موللا غوجىلاق بولسا، بەدۆلەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللىرى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى جامەسىنىڭ مۆتىۋەللىسى[①] بولغان.

ياقۇپ بەگ سەلتەنەت سۈرگەن چاغدا، يەتتە شەھەردىكى مەشھۇر مازارلارنى ۋە جامەلەرنى رېمونت قىلدۇرغان. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چوڭ گۈمبەز ياساتقان. جۈملىدىن قاراخانىلارنىڭ مەشھۇر خاقانى، ئۇيغۇرلارنى ئىسلام ئېتىقادىغا ئېلىپ كىرگەن مەنىۋى يېتەكچى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئاپپاق خوجا مازارىنىڭ گۈمبىزىدىنمۇ ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆك كاھىشلىق گۈمبەز ياساتقان.[②] ئەپسۇسكى، بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتىدە پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان.

ئەنە شۇ گۈمبەز ئىچىدىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قەبرىسى ئۈستىگە ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن نەقىشلەپ ئىشلەنگەن قىممەت باھالىق يوپۇق يېپىلغانىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا، موللا غوجىلاق باينىڭ بويامەتتىن كېلىپ مەشھەتكە جايلاشقان بۇ مازار جامەسىگە مۆتىۋەللى بولغىنىغا ئوغىسى قايىنىغان مەشھەتتىكى خوجا ئەۋلادلىرى ھىيلە ئىشلىتىپ، قەبرە يوپۇقىنى قەستەن ئوغرىلىتىپ، «يوپۇقنى موللا غوجىلاق ئوغرىلىدى» دەپ ياقۇپ بەگكە ئەرز بەرگەن. بۇ تۆھمەتكە ئىشەنگەن ياقۇپ بەگ موللا غوجىلاقنى ھەپسىگە ئالغان، كېيىن ھەقىقىي ئەھۋال

① مۆتىۋەللى — ۋەخپە ۋە ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇرغۇچى ھەم ئۇنى تەقسىملىگۈچى دىنىي ئەمەلدار. قىسمەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە مۆتىۋەللىلەر مەشھۇر زىيارەتگاھلار (مەقبەرە، مازار ۋە باشقىلار) نى، ئۇلاردىن كىرگەن كىرىمنىمۇ باشقۇرىدۇ.

② بۇ گۈمبەزلىك مازارنىڭ فوتو سۈرىتى ساقلىنىپ قالغان.

پاش بولغاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ موللا غوجىلاقتىن كۆڭۈل سورىغان ھەم ئۇنى ھەپسىدىن بوشىتىپ، قەشقەردىكى ئوردا دىۋانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىپاگەرلىك — ئەمچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. موللا غوجىلاق ئەنە شۇ چاغدا، مەمتىلى ناملىق ئوغلىنىڭ چوڭ بالىسى توختاجىنى ئوردىدىكى داڭلىق تېۋىپقا شاگىرتلىققا بەرگەن. بىرنەچچە يىل شۇ تەرزدە ئۆتكەن. توختاجى بۇ يەردە تېۋىپلىقنى خېلىلا پىششىق ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ياقۇپ بەگ ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن، قىساس ئېلىش خاراكتېرىدە ھەربىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. شۇ چاغدا، موللا غوجىلاق ئادەم توپلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش ئەترىتى تەشكىللىگەن. ئەمما، موللا غوجىلاق قولغا چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكلىرى ئۇنى 1877 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 67 يېشىدا قەشقەر ھېيتكاردا دارغا ئېسىپ، خەلقى ـ ئالەمگە ئىبرەت قىلغان. تېۋىپلىقنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئامالسىز قالغان توختاجى چوڭ دادىسى دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن، يۇرتى — ئاتۇش بۇيامەتكە قايتىپ چىققان.

توختاجى بۇيامەتكە قايتىپ چىققاندىن كېيىن، تېۋىپلىققا كىرىشىپ كەتكەن ھەم ئاتۇش تەۋەسىدە داڭق چىقىرىشقا باشلىغان.

توختاجى تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن يىللاردا، يەنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئاتۇش ۋاق ـ ۋاقلىق تاشاخۇنۇم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر بايلار قاتارىدا باش كۆتۈرگەن.

تاشاخۇنۇم 1866 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى ۋاق ـ ۋاق كەنتىدە ئەزىزى ئىسىملىك بىر شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاشاخۇنۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇرېشىت

بولۇپ، دادىسى ئەزىز ئاخۇن ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدىلا «پىششىق (چىدامىلىق) ئادەم بولىدۇ» دەپ يەنە «تاش» دېگەن ئەركىلەتمە ئىسمىنى قويۇپ قويغان. چوڭ بولغانچە ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۇنتۇلۇپ قېلىنىپ، تاشاخۇنۇم دېگەن ئىسىم ئومۇملىشىپ قالغان. ئابدۇرېشىت دېگەن ئىسىم ئەسلى تاشاخۇنۇمنىڭ بۇۋىسىنىڭ ئىسمى ئىكەن. تاشاخۇننىڭ دادىسى ئەزىز ئاخۇن ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، قول ـ ئىلكىدە بار ئادەم بولۇپ، ۋاق ـ ۋاقنىڭ ئايىقىدىكى «بەلۇن دانا خېنىم» مازىرىنىڭ شەيخى بولغان. بۇ ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى، ئۈچ قىزى بولغان. تاشاخۇنۇم ناھايىتى چېچەن، ئىچى كۆچلۈك، سودا ـ سېتىققا ماھىر، يېڭىلىققا مايىل، ئېتىقادىي كۈچلۈك بالا بولۇپ، يېشى يىگىرمىدىن ئاشقاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدا نامى بار بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ سودىسىنىڭ روناق تېپىشىغا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان، بۇ ھەقتە ئىزدىنىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولغان. ئۇ دادىسىنىڭ تەلىپى، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە كۈچلۈك قىزىقىشى بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن سىستېمىلىق تەلىم ئالغان. شۇڭا ئۇ كېيىن دىنىي مەلۇمات ۋە پەننىي بىلىم جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇنداقلا زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئوقۇمۇشلۇق ئالىملىرىدىن بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى بىلىمى خېلىلا چوڭقۇر بولغان. شۇنداق بولغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە مائارىپ جەھەتلەردە ئۇنتۇلمايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلغان.

تاشاخونوم يېشى ئوتتۇزغا ئۇلاشقاندا، خېلىلا كۆپ بايلىققا ۋە يەر - زېمىنغا ئىگە بولغان. سودا - سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى جانلانغان، يەرلىك قول ھونەر سانائىتىمۇ خېلىلا ئونۇملۇك بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەيسەرلىك، تەۋەككۇلچىلىك روھى ۋە پەم - پاراستى بىلەن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا ھەرگىز باش ئەگمىگەن.

1894 - يىلى، ئۇ يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ كەنتىدە ۋاق - ۋاقتا بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ «تاشاخونوم مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. «تاشاخونوم مەكتىپى» ئاتۇش ئىكساقلىق ئاكا - ئۇكا سودىگەرلەر — ھۇسەيىن باي بىلەن باھاۋۇدۇنبايلار 1885 - يىلى ئاچقان «ھۇسەينىيە مەكتىپى»دىن كېيىن تەڭرىتاغ باغرىدا يېلىنجىغان ئىككىنچى مەرىپەت مەشئىلى بولغانىدى. «ھۇسەينىيە مەكتىپى» ئېچىلغاندا، ھۇسەيىن باي قىرىق بىر ياشتا، باھاۋۇدۇنباي ئوتتۇز تۆت ياشتا ئىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى ۋۇجۇدىدا تاشقىن ياسىغان بۇ ئۈچ ئۇلۇغ زات ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى سۈپىتىدە ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ نۇرانە سىما بولۇپ قالغۇسى.

تاشاخونوم بۇ بىر سىنىپلىق مەكتەپنى سالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا موللا مۇھەممەت خەلپىتىم بىلەن بىر تاتار مۇئەللىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى كەنتلەردىن قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچىنى يىغىپ بەرگەن. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى نورمال ئېلىپ بېرىلغان.

تاشاخونوم ئىككىنچى قەدەمدە، ئادەتتىكى ئېلىپ - سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان زامانىۋى ئىگىلىك يارىتىشقا،

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەسلەپكى مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1896 - يىلى روسىيىگە سودا قىلغىلى بېرىپ، روسىيىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى رومانوۋ بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە شىنجاڭنى قانداق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، تۆمۈر يول سېلىش ۋە بەزى تېخنىكىلار توغرىسىدا مەسلىھەت ئالىدۇ.

مانا مۇشۇ يىللىرى، تاشاخۇنۇم بۇيامەتتىكى بوياقچىلارغا شاگىرت تەربىيىلىتىش ۋە بىرلىشىپ بوياقچىلىق كارخانىسى قۇرۇش ئۈچۈن بۇيامەتكە كۆپ قېتىم بارغان. نەتىجىدە ئۇ توختاجى تېۋىپ بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلۇشۇپ، بېرىش - كېلىشى كۆپىيىدۇ. توختاجى تېۋىپ مۇشۇ جەرياندا، تاشاخۇنۇمنىڭ ئاچىسى پاتمىخاننى[1] ياقتۇرۇپ قالغان. بۇ چاغدا، پاتمىخان بىر ئەردىن چىققان جۇۋان بولۇپ، يېنىدا ئىككى قىزى بار ئىكەن.

توختاجى تېۋىپ پاتمىخاننى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل كۆرىدۇ. بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى نىزامىدىن، كىچىكىنىڭ ئىسمى مەمتىلى ئىدى. توختاجى دادىسى مەمتىلىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كىچىك ئوغلىغا مەمتىلى دەپ ئىسىم قويىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى مانا مۇشۇ ئائىلىدە، XX ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى — 1901 - يىلى دۇنياغا كۆز ئاچقان. مەمتىلى ئەپەندى دۇنياغا كۆز ئاچقان يىللار — ئۇيغۇرلار مىللىي زۇلۇم، دىنىي

---

① پاتمىخان — پاتەمخان دېگەن ئىسىمنىڭ ئاتۇش شېۋىسىدە تەلەپپۇز قىلىنىشى. بۇ ئايالنى تاشاخۇنۇم جەمەتى «ئاچىكام» دەپ ئاتايدۇ.

خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان، نادانلىق ۋە قالاقلىق قوينىدا جان تالىشىۋاتقان يىللار ئىدى. پۈتكۈل شىنجاڭغا نىسبەتەن، پەقەت ئاتۇشتىلا يېڭى مائارىپ بىخلىنىشقا، ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى.

نېمە ئۈچۈن ئاتۇش ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاجايىپ ھادىسە ھېسابلىنىدىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن مىللىي بۇرژۇئازىيە بارلىققا كەلگەن ئالتۇن بۆشۈك بولۇپ قالىدۇ؟

ئاتۇش جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن، ئۈستۈن ئاتۇش، ئاستىن ئاتۇش ۋە ئاغۇدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار[1] » دەپ كۆرسەتكەن. ئەنە شۇ ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرتنىڭ بىرى ئۈستۈن ئاتۇش، يەنە بىرى ئاستىن ئاتۇش. ئاستىن ئاتۇشنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى «ئالتىن ئاتۇش» . مەھمۇد قەشقىرى دىۋانىدا: «ئالتىن — ئاستىن، تۆۋەن» دېگەن مەنىگە ئىگە. «ئاستىن دېگەن بۇ سۆز توغرا ئەمەس، توغرىسى ئالتىن»[2] دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر «ئالتىن ئاتۇش» دېگەن سۆزنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ، «ئالتۇن ئاتۇش» دەپ قوللىنىپ كەلمەكتە. ئاتۇشتا ھازىر بىر يۈز قىرىق مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدۇ.

ئاتۇش ئۇيغۇر تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ باتۇر، ئەڭ چېچەن شۇنداقلا خاقان كۆپ چىققان قەبىلە

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، بىرىنچى توم 128 ـ بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم 147 ـ بەت.

بولغان ياغمىلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇنداقلا ئىلىم دۇنياسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي خۇلاسە. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتارلار يازغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەر — «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» دە: «تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئېتنىك جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ياغمىلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېنىدىكى ئەجدادلىرىدىن قالغان بۇ خىل ئەۋزەل ئىرسىي گېن ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى ۋە ئەقلىي ساپاسىنى شەكىللەندۇرۇشتە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئامىل. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاتۇش قاراخانىلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قاتارلىق بۇغراخانلارنىڭ قەبرىگاھى بار مۇقەددەس ماكان. بۇنى ئاتۇشلۇقلارنىڭ خاراكتېرىدە ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسىنىڭ، غۇرۇر تۇيغۇسىنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك، رىقابەت ئېڭى ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ مول بولۇشىنى بەلگىلىگەن مۇھىم تارىخىي ئامىل دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاتۇشنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن ئىبارەت «تەبىئەت ئانا» نىڭ ئاتۇشلۇقلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاتۇش ئىقلىمى قۇرغاق، ھاۋاسى ساپ جاي بولۇپ، ئەتراپىنى تاقىر تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ.

---

① «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 1996 - يىل نەشرى 227 - بەت.

ئۈنىڭ ئۈستىگە، سۇ قىس، تېرىلغۇ يەر ئاز، تاشلىق يۇرت. روشەنكى، بۇنداق جۇغراپىيىلىك ئىقلىم ۋە شارائىتتا ياشىغان ئاتۇشلۇقلار ھاياتىنى ۋە تۇرمۇشىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ۋۇجۇدىدا شىجائەت، تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش روھىنى، سودا ـ تىجارەتكە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، جاھان كېزىشكە ۋە يېڭىلىققا ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىدىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ۋە تۇنجى مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئاتۇشتا بارلىققا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۈگۈنكى ئاڭ يۈكسەكلىكىدىن قارىغاندا، بىزنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم نەرسە شۇكى، ئۇ بولسىمۇ ئاتۇشلۇقلارنىڭ يېڭى ـ يېڭى يۇرتلارنى ئېچىش ۋە ئاھالىسى شالاڭ جايلارغا بېرىپ تۇركۈملەپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى.

ئاتۇشتا ئېقىپ يۈرگەن غۇلجا تېجەننىڭ، سۆيدۈڭ ئازاقىنىڭ، بورتالا بۆيامەتىنىڭ، قۇمۇل ئوڭئېرىقىنىڭ، قاراشەھەر ئىشتاچىنىڭ، چۆچەك. . . دېگەن چاقچاق ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتۇش، بەشكېرەم ۋە تۇرپانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزگە قوشقان تۆھپىسى دەل مۇشۇ نۇقتىدا باشقا ھەممە جايلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ، بىز تا ھازىرغىچە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرمەي، ئېتىبارسىز قاراپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم ھادىسە. تارىخ بىزنى بۇ ھادىسىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالامەتلىرى، تاشقى قىياپىتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرى توغرىسىدا،

«ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايانلار بار: «بۈگۈنكى ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىياپەت تەسۋىرى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىياپەت تەسۋىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى باش سۆڭىكى يۇملاقراق، چاچ ۋە ساقاللىرى قويۇق ۋە قارا، بۇرنى ئىنچىكە، لېكىن ئېگىزرەك (قاڭشارلىق)، بۇغداي ئۆڭلۈك، قوي كۆزلۈك، ئوتتۇرا بوي، بەدەن مۇسكۇللىرى چىڭ، يۈزى سوقىچاقراق (ئات يۈز)، كۆز قارىچۇقى ئۆتكۈر، ئەگمە قاش، قاپىقىنىڭ قېتى كەڭرەك كېلىدۇ.

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئىشچان ۋە پەم ـ پاراسەتلىك بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن زارلانمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىگە تايىنىپ پاراۋان تۇرمۇش يارىتىش روھى ئۈستۈن كېلىدۇ.

ئاتۇش ئۇيغۇرلىرى ئۆزئارا ئىناق ۋە ئىتتىپاق ياشايدۇ. قەيەردە ئولتۇراقلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزئارا ئىزدىشىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئەقىل كۆرسىتىدۇ، يوقسۇللارغا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ.

تىجارەت ۋە سودا ـ سېتىققا كامىللىقى، سۆزدە مۇلايىم ۋە چىۋەرلىكى، ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى، كەمتەرلىكى ۋە سىڭىشچانلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكى قاتارلىق ئالامەتلەر ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنى خاراكتېرلەيدىغان تۈپ ئالامەتلەردۇر.»[1]

ئاتۇشتا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىلىرى، ئىجراچىلىرى ۋە تەرغىباتچىلىرى

---

① «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى». شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 227 ـ بەت.

ھېسابلىنىدىغان ھۈسەيىنباي، باھاۋۇدۇنباي، تاشاخۇنۇم، قۇناجىم، سەلەي ھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، موللا تۇردى ھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، شەمسىدىن داموللام، تۇرسۇن ئەپەندى، ئىمىن مەخسۇم، رەخمەتباي قاتارلىق زاتلار XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىھېساپ بەدەللەرنى تۆلەپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى بىلەن، يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يېلىنجىتىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋە جاھالەتلىك زامان بىلەن چامىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىشىپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا نۇرانە سەھىپە ئاچقان.

بىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى بولغان بۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىمىز دەپ تونىدۇق.

ئۇيغۇر تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان مۇسابايىۋلار ئائىلىسىنىڭ ئەجدادى ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودا - تىجارىتى ئابدۇرۇسۇلبايدىن باشلاپ قەشقەر تەۋەسىدىن ھالقىپ تۇنجى قېتىم دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئابدۇرۇسۇلباي سودا - تىجارەتكە ماھىر، دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى، جامائەت ئىشلىرىدا يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان كىشى ئىدى. ئۇ ئوغلى مۇسابايىنى (1809 — 1895) تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مۇساباي دادىسى ئابدۇرۇسۇلباينىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز سودىسىنى ئۈزلۈكسىز روناق تاپقۇزغان. ئۇ، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، زور مىقداردا سېخى ئىنايىتىنى ھەدىيە قىلىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، پۈتۈن قەشقەر ئاھالىسى ئىچىدە

ئىززەت - ئابروي قازانغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر ۋەسىقىسىدە، «بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۆشرە - زاكاتنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەررۇپ قىلىش زۆرۈر» لىكى تەكىتلەنگەن. مۇساباي ئوغۇللىرىغا: «مال - دۇنيانىڭلا ئىگىسى بولماي، ئىلىم - مەرىپەتنىڭمۇ ئىگىسى بولۇش لازىم» دەپ تەكىتلەپ تۇرغان. مۇسابايىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئوغۇللىرى — ھۈسەيىنباي (1844 — 1926) بىلەن باھاۋۇدۇنباي (1851 — 1928) لار بىر تەرەپتىن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، سودىسىنى ياۋروپا ئەللىرىگە كېڭەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋروپانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە، تەرەققىياتىغا ۋە مائارىپىغا نەزەر سېلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغان. بولۇپمۇ كەم سۆز، تەدبىرلىك ۋە غورۇرلۇق باھاۋۇدۇنباي مىللەتنى زۇلۇم - زالالەتتىن قۇتقۇزۇش، ئىنسانىي ئېڭىنى ئويغىتىش، زامانىۋى پەن - بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىش لازىملىقىنى چۈشەنگەن. چۈنكى، باھاۋۇدۇنباي ئىنتايىن ئەقىللىق، تەرەققىيپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايتتى. باھاۋۇدۇنبايىنىڭ يېشىنىڭ ئوتتۇزدىن ھالقىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ، ئەل ئىچىدىكى ئىززەت - ئابرويىمۇ بارغانسېرى كېڭەيگەن ھەم ئاشقان. دادىسى مۇسابايىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقاچقا، ئائىلە ئىگىلىكىنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ كۆپلىگەن ئەللەرگە بېرىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

باھاۋۇدۇنباي مۇشۇنداق شارائىتتا، ئاكىسى ھۈسەيىنباي

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ئۈستىدە پىكىرلەشكەن. نەتىجىدە، بۇ ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئىكساق كەنتىدە مۇنتىزىملاشقان بىر يېڭىچە مەكتەپنى قۇرۇپ چىقىشقا تۇتۇش قىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن، يەنى 1883 - يىلى ئىكساقلىق يىگىرمە ئۈچ ياشلىق يىگىت كېرىماخۇننى مەكتەپ مۇدىرى قىلىش ئۈچۈن، روسىيىنىڭ قازان شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1885 - يىلى كۈزدە ئىكساقتا مۇنتىزىم بولغان تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. مەكتەپنىڭ نامى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى تارىخىدىكى تۇنجى مەشئەل بولغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى»گە قازان دارىلمۇئەللىمىنىدە ئىككى يىل ئوقۇپ كەلگەن كېرىماخۇن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلار بەش نەپەر بولۇپ، ئۇلار: كېرىماخۇن چوڭ غوجىكام (مۇدىر)، سۇلتان مەخمۇت، ئىدرىس ھاجى، رائىلە بۇۋى موللاچام قاتارلىقلار ئىدى. بۇ چاغدا مەكتەپ بويىچە بىريۈز بەش نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، يىگىرمە بەش نەپىرى قىز ئوقۇغۇچى ئىدى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ھېساب، تىل، ئىملا، ئوقۇش دەرسى (ئەدەبىيات)، ئەرەپ - پارس تىلى، جۇغراپىيە، تارىخ، ئىلمىي ھال، ئىلمىي تەجۋىد، تەنتەربىيە قاتارلىقلار ئىدى. ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئىمتىھان نەتىجىلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرى پۈتۈن كەنت ئاھالىلىرى قاتناشقان ھالدا قىزغىن ۋە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن. ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئەر ئوقۇتقۇچىلار «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلار «موللاچام» دەپ ئاتالغان. كەمبەغەل ۋە يېتىم

باللار ئۈچۈن «خاندەلىك» (ئوقۇش ياردەم پۇلى) تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە تولۇق، خاتىرجەم ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جامائەتنىڭ چارۋىلىرىنى توپلاپ باقىدىغان مەخسۇس پادىچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

«ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ مەلۇماتلىق تۇنجى مۇدىرى كېرىماخۇن ئەپەندى يىگىرمە سەككىز يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. باھاۋۇدۇنباي مەكتەپنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۈركىيىدىن ئابابەكرى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە زىيالىينى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. ئابابەكرى ئەپەندى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ مۇدىرلىقىنى 1890 ـ يىلدىن 1896 ـ يىلغىچە ئۆتىگەن.

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېۋلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورلۇقى، ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن پايدىلىنىپ، 1889 ـ يىلى غۇلجىدا «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دىن يەنە بىرنى تەسىس قىلغان.

ئۆزلىرى باشلىغان ئىشىنىڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى، تەسىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېۋلار يېڭىچە مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، سىنىپ سانى ۋە ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىشنى كۆزلىگە پۈككەن.

1895 ـ يىلى، مۇساباي ھاجىم ۋاپات بولۇش ئالدىدا، بۇ ئىككى ئوغلىغا ئىكساقتىكى «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازارىنى ياساپ چىقىشنى ۋە يېنىغا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن، ھۈسەينباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي 1896 ـ يىلى «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازارى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ چوڭ قورۇلۇشىنى

رەسمىي باشلىغان.

زامانىسىنىڭ كاتتا ئالىمى، پەيلاسوپى ۋە شائىرى ھۈسەيىنخان تەجەللى ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ بۇ ئاجايىپ پەزىلىتى ۋە ھەرىكىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇلارغا ئاتاپ شېئىر ۋە مەكتۇپلارنى يازغان.

ھۈسەيىنخان تەجەللى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرىدا، بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇلۇشنى ياساشقا ۋەسىيەت قالدۇرغان مۇساباي ھاجىغا ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھۈسەيىنباي بىلەن باھاۋۇدۇنبايغا، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇستىلىرىغا پاساھەتلىك تىلى بىلەن ئاپىرىن ئېيتقان ۋە تەشەككۇر ئوقۇغان[1].

ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، يەنى 1898 - يىلى، ھەيۋەتلىك گۈمبەز - مۇنارلىرى پەلەككە بوي تارتقان «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرى بىلەن يۇرۇشلەشكەن، ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئۆلچەملىك يېڭى پاسوندىكى ئازادە، كۆركەم «ھۈسەينىيە مەكتىپى» قەد كۆتۈرگەن.

كېڭەيتىپ سېلىنغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار بىر قىسىم ياشلارنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقىرىشنى ئويلىغان ھەمدە بىرنەچچە يىل تەييارلىق قىلىپ، 1904 - يىلى بىرىنچى تۈركۈمدە سەككىز نەپەر ياشنى تاللاپ، ئۇلارنى ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا بار. ئۇ نۇقتا، ئاتۇش ئىكساقتا ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

---

① تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرى ھازىرمۇ بار.

بېسىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالدا كۆرسىتىلگەن: «باھاۋۇدۇنباي... بىر - ئىككى يىل پۇختا تاللاش ئارقىلىق ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، 1902 - يىلى بىر تۈركۈمدىلا سەككىز نەپەر ئىقتىدارلىق ياشنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۇرسۇن ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، مەسئۇت سەبىرى، جىرجىس ھاجى (بۇ ئىككىيلەن ئىلمىدىن تاللانغان) ۋە قادىر ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى» دېگەن باياندا كۆرۈلىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىش - پائالىيىتى ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۇرسۇن ئەپەندى، مەسئۇت سەبىرى ۋە جىرجىس ھاجىدۇر. تۇرسۇن ئەپەندى 1910 - يىلى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»گە مۇدىر بولغان.

تۇرسۇن ئەپەندى 1886 - يىلى ئىكساقتا تۇغۇلغان. 1910 - يىلى ئىستامبۇلدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىپ مۇدىر بولغاندا، ئۇ يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى.

جىرجىس ھاجىغا كەلسەك، بۇ كىشى ياقۇپبەگ زامانىنىڭ ئالدى - كەينىدە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخس — ئاتۇش مەشھەتلىك مەخمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئوغلى بولىدۇ. جىرجىس ھاجى مەرھۇم يازغۇچى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ «جىرجىس ھاجى» ماۋزۇلۇق توققۇزىنچى بابىدا، يېشى يەتمىش - سەكسەنلەرگە بارغان، گەۋدىسى مۈكچەيگەن، ۋۇجۇدى قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان، پېشىپ قالغان بوۋاي سىياقىدا تەسۋىرلەنگەن. روماندا يېزىلغان بۇ ۋاقىت دەل 1933 - يىلى ئىدى. بىز بۇ يىل بىلەن جىرجىس ھاجىنىڭ يېشىنى توغرىلاپ كەينىگە ياندۇرىدىغان بولساق، جىرجىس ھاجى 1900 - يىللىرى يېشى قىرىقتىن ئارتىپ كەتكەن كىشى بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا جىرجىس ھاجىنىڭ تۈركىيىگە

قاچان ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز لازىم.

XIX ئەسىر سەبىرگە كەلسەك، مەسئۇت سەبىرى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاتۇشتا نامى چىققان «باي كۆز» جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئاتۇشتىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان سابىر ھاجى دېگەن مەشھۇر باي ئىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدىغان يولداش لو شاۋۋېننىڭ «ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق — مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك رەئىسى مەسئۇدنىڭ ھاياتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئۆز مىللىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئالغا باستۇرۇش، دۆلەتنى مۇتەھەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، 1904 ـ يىلى مەسئۇدنىڭ ئاتىسى سابىر مەسئۇدنى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، شۇ چاغدىكى تۈرك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان ئىستامبۇلغا ئوقۇشقا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. شۇ يىلى مەسئۇد ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدى. مەسئۇد ئەقىللىق، تىرىشچان بولغاچقا، ئالدى بىلەن، V ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇلغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ تىببىي ئىلىم ئۆگىنىپ، 1915 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى. مەكتەپتە ئۇ ‹ئەخلاقتا ياخشى، ئوقۇشتا ئەلا› چى ئوقۇغۇچى دېگەن باھاغا ئېرىشتى.»[1]

لو شاۋۋېن ماقالىسىدە مەسئۇدنىڭ ئىستامبۇلغا ئوقۇشقا

---

[1] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان 75 ـ بەت.

چىققان يىلىنى 1904 ـ يىلى دەپ يازغان. «مەشئەل» ژۇرنىلىدا 1902 ـ يىلى دەپ يېزىلغان. مەن ئوقۇش تارىخى بىلەن يىلنى توغرىلاپ باقسام، 1904 ـ يىلى چىققان دەپ يېزىشنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇمۇ بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىنىپ بېقىشىمىز كېرەك بولغان بىر مۇھىم مەسىلە.

1985 ـ يىلى بېسىپ چىقىرىلغان «مەشئەل» ژۇرنىلىدا، ئىكساق «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولغان غوپۇر ئەپەندىم «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق ئەسلىمىسى ئېلان قىلىنغان. غوپۇر ئەپەندىم بۇ ئەسلىمىسىدە بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى يىپ ئۇچى تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن: «مەن ھازىر سەكسەن ياشتىن ئېشىپ قالدىم. . . مەن مىلادى 1905 ـ يىلى (ھىجرىيە 1323 ـ يىلى) ياز پەسلىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئېسىمگە كەلسەم، ئانام رائىلە بۇۋىم ئىكساق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. باشقىلار ئۇنى ‹رائىلە بۇۋىم موللا ئاچام› دەيتتى. مەن دەسلەپكى خەت ساۋادىمنى مەرھۇم ئانام رائىلە بۇۋىمنىڭ تەربىيىسىدە چىقاردىم. ئاندىن ئابدۇراخمان ئەپەندىدە ئوقۇدۇم. . . مەن شاۋۇدۇن دوختۇر، ئابلىز ئەپەندى، ئىمىن ئىمام، تۇرسۇن ئەپەندىلەرنىڭ قولىدىمۇ ئوقۇغانىدىم. بۇ ئوقۇتقۇچىلار مېنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇتقانىدى. . . شۇ مەزگىللەردە مەسئۇد، ئەمرۇللا بەگ قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئىكساقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. . . ئۇ چاغلاردا، باشقا جايلاردا تېخى كونىچە مەدرىس مائارىپى داۋاملىشىۋاتاتتى، يېڭىچە مائارىپ يوق ئىدى. ئىكساق مائارىپىنىڭ تەسىرى بىلەن، باشقا جايلاردىمۇ يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، بەيساقتا[1] باھاۋۇدۇنباينىڭ

---

① بەيساق — ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ بىر كەنتى

ياردىمى بىلەن، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھەسەن ئەپەندى مەكتەپ ئاچقانىدى. كەنجى ئەپەندى ئىكساق دارىلمۇئەللىمى-نىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بەيساقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. قايراقتا[1] سوپى ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ئىسلام ئەپەندىلەر، ئۈچاردا[2] تۇردى ئەپەندى، تاقۇتتا[3] ئىمىن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، كامال ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپ ئاچقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىكساقتا ئوقۇغان... مەن يىگىرمە ياش ۋاقتىلىرىمدا، ئىكساق مازار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدۇم. مەن ھېساب، خەت - ئىملا دەرسى بېرەتتىم. ئىككى يىلدىن كېيىن، باھاۋۇدۇنباي مەمتىلى ئىمىنوپ بىلەن ئىككىمىزنى روسىيىگە ۋە تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقاردى. بىز ئەنجان، تاشكەنت، موسكۋالارغا باردۇق. لېكىن 1928 - يىلى باھاۋۇدۇن مۇسابايوپ غۇلجىدا ۋاپات بولدى. باھاۋۇدۇنباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بىزگە ئىگە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇدۇق...»[4]

بىز بۇ بايانلاردىن باھاۋۇدۇنباي تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەسەن ئەپەندى بىلەن قادىر ئەپەندىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىرگە، مەسئۇد سەبىرىنىڭمۇ قىسقا مۇددەت ئىكساق ھۇسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىنى بىلىمىز ھەم يىل دەۋرىنىڭ 1915 - يىللىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالايمىز. قارىغاندا، مەسئۇد سەبىرى

---

① قايراق، ② تاقۇت، ③ ئۈچار — ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ كەنتلىرى

④ بۇ نەقىل مەشئەلنىڭ تۇنجى سانىنىڭ 57 - 58 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

تۈركىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولسا كېرەك. يولداش لو شاۋۋېن مەسئۇد سەبىرى ھەققىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىسىدە بۇ ھەقتە سۆز ئاچمىغان. لو شاۋۋېننىڭ ماقالىسىدە «مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بۈيۈك تۇغىنى لەپىلدىتىش» دېگەن كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا، مەسئۇد سەبىرىنىڭ مائارىپ ھاياتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «مەسئۇد 1915 ـ يىلى تۈركىيىدىن ‹ ئەخلاقتا ياخشى، ئوقۇشتا ئەلا › دېگەن باھا ۋە مول تىببىي بىلىم ھەمدە پانتۈركىزملىق ئىدىيىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى رايونىدا، مەسئۇدقا ئوخشاش چەت ئەلگە چىقىپ 11 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇپ كەلگەنلەر يەنىلا ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى بىلەن ئىستامبۇلنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ناھايىتى قالاق ھالەتتە قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئەسلى تىببىي بىلىم ئۆگىنىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېسەل داۋالاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ، بىر دوختۇر قانچىلىك ئادەم قۇتقۇزالايدۇ؟ دوختۇر پەقەت فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى كېسەلنىلا داۋالىيالايدۇ، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق كېسىلىنى داۋالاپ قۇتقۇزالمايدۇ، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۈركىيىدىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىدىكى ‹ ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇش › نىڭ ئۇلۇغۋار ۋە چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تىبابەتچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى. مەسئۇدنىڭ ئائىلىسى باي بولغانلىقتىن، ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ ‹ تۇران › مەكتىپىنى

قۇردى ۋە ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. ئۇ، ئامىنىنىڭ قوللىشىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىبابەتچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنى نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى پۈتۈن يۇرتداشلىرىغا ئۇقتۇردى.

تۈرك ئوسمانلى ئىسلام ئىمپېرىيىسىدە، مەيلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ ئېلان قىلغان ئاساسىي قانۇنىدا بولسۇن ياكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ 1908 ـ يىلى خىتابنامە شەكلىدە ئېلان قىلىنغان، مەزكۇر پارتىيىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان سىياسىي پروگراممىسىدا بولسۇن، تۈرك تىلىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەندى. ھېلىقى ئاساسىي قانۇننىڭ ئون سەككىزىنچى ماددىسىدا: ‹دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغان تۈرك تىلىنى بىلىش ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغانلار ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان شەرتتۇر› دېيىلگەن بولسا، ئاتمىش سەككىزىنچى ماددىسىدا، تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى سايلىمىدا، تۈرك تىلىنى بىلمەيدىغانلارنى سايلاشقا بولمايدۇ، سايلىنىشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ‹تۈركچىنى ئوقۇيالايدىغان ۋە مۇمكىنقەدەر يازالايدىغان بولۇش› دەپ كۆرسىتىلگەن. سىياسىي پروگراممىنىڭ ئون يەتتىنچى ماددىسىدا بولسا، بارلىق ئىپتىدائىي مەكتەپلەردە ‹تۈرك تىلى ئاساسلىق دەرس قىلىنىدۇ› دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇ چاغدا، مەسئۇدنىڭ كۆڭلىدە، پەقەت پانتۈركىزملا ئۆز مىللىتىنى قۇتقۇزالايدۇ، پانتۈركىزمنىڭ مەنىۋى كۈچى تۈرك ئوسمانلى ئىسلام ئىمپېرىيىسىدىن كېلىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۇ ئاچقان مەكتەپتە تۈرك تىلى ئاساسلىق دەرس قىلىندى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭشىن

«مائارىپنىڭ ئىچكى سىياسەت ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم» لىقىنى چوڭقۇر بىلەتتى... بۇنداق دەرسلەر ئۆتۈلسە، ئىلىمىزگە يارامىلىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش قىيىنلا بولۇپ قالماستىن، ئەكسىچە مىللىي، دىنىي ئېزىقتۇرۇشنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى... شۇڭا، ياڭ زېڭشىن 1917 - يىلى ئوخشاش سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، مەسئۇد ئاچقان «تۇران» مەكتىپىنىمۇ تەكشۈرۈپ پېچەتلىۋەتتى.

1921 - يىلىدىن 1922 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆكتەبر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغانلىقتىن، پانتۈركىزم بىلەن زادى چىقىشالمايدىغان بىر خىل ئىدىيە ئىلى رايونىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، مەسئۇد بۇ خىل يېڭى ئىدىيىنى توسۇش ئۈچۈن، يەنە ئۆز مەبلىغى بىلەن تۆت يەردە «دەرنەك» مەكتىپىنى ئاچتى. ياڭ زېڭشىن مەسئۇد ئاچقان بۇ يېڭى مەكتەپلەرنىمۇ تەكشۈرۈپ توختىتىۋەتتى.

مەسئۇدنىڭ ئىككى قېتىم ئاچقان مەكتىپى تاقىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نىيىتىدىن ھەرگىز يانمىدى، بەلكى ھەقىقەت قولۇمدا دەپ قاراپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن — 1925 - يىلى يەنە ئىلى مەكتىپىنى ئاچتى. ياڭ زېڭشىنمۇ مەسئۇدنىڭ مەكتەپ ئېچىشىنى نەچچە قېتىم چەكلەپمۇ توسۇپ قالالمىغانلىقتىن، ئۇنى سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ، يولدىن چىقىپ كەتتى دەپ گۇمانلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىم — 1926 - يىلى مەسئۇد ئاچقان ئىلى مەكتىپىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى ۋە مەسئۇدنى سوتلاش ئۈچۈن نازارەت ئاستىدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ياڭ زېڭشىن مەسئۇدنى ئۈچ قېتىم ئۆزى سوراق قىلدى ھەمدە ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەكتەپ ئېچىشىدا بەلگىلىمىگە خىلاپ جايلىرى بولسىمۇ، بىراق جىنايى پاكىت شەكىللەنمىگەنلىكتىن، ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى، يىل

ئاخىرىدا، تەسەللى بېرىپ، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەردى.

1927 ـ يىلى مەسئۇد ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە ‹دۆڭمەھەللە› مەكتىپىنى ۋە ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئېچىپ، ھۆكۈمەتكە يېقىن ئادەملەرنى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇئەييەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى.

مەسئۇد تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇن نەچچە يىل ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە توپلىغان يۈز مىڭ سەردىن ئارتۇق مەبلىغىنى سەرپ قىلىپ مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، بىراق ئۇن ئىككى يىل داۋامىدا ئاچقان مەكتىپى ئۇدا پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلۇپ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى...»[1]

مەسئۇد سەبىرىنىڭ 1930 ـ يىللاردىن كېيىنكى ھاياتى سىياسىي سەھنىدە ئۆتكەن. ئۇ 1950 ـ يىلى، ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييۇلار 1900 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىگە بىر تۈركۈم ياشلارنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە يەنە ئىككى ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغان. يەنى، ئۇلار ئىكساق كەنتىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى ئاچقان، يەنە بىرى، غۇلجىدا «تېخنىكلار مەكتىپى»نى تەسىس قىلغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييۇلارنىڭ «تېخنىكلار مەكتىپى» ئېچىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

1895 ـ يىلى، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييۇلار غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باش تىجارەتخانىسى — «مۇسابايىۋ بۇرادەرلىرى

[1] «شىنجاڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

شىركىتى» نى قۇرغان.

ھۈسەيىنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي دادىسى مۇساباي ھاجىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ شىركەتنى قانداق رۇناق تاپقۇزۇش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان. ئاخىرى ئۇلار ئاتا ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكى - تاشقى سودىنى بىر دەك راۋاجلاندۇرۇش قارارىغا كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇلار شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى بىلەن ھەر خىل دورا - دەرمەكلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە ۋە ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن سودا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سودا - سانائەت، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. غەرب دۇنياسىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى، يېڭى مائارىپىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. ئۇلار ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سودا بىلەن سانائەتنى جىپسىلاشتۇرۇشقا بەل باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەللەرنىڭ سانائەت ماللىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزگەن ھەم شىنجاڭنىڭ خام ئەشيالىرىنى چىقارغان. ئەنە شۇ خىلدىكى كۆپ قېتىملىق سودا ئارقىلىق، ئۇلار ياۋروپا ئەللىرىگە تونۇلغان ھەمدە «ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار» دەپ داڭق چىقارغان.

ئۇلار چەت ئەللەردىكى زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، 1885 - يىلى دادىسى مۇساباي ھاجىم كۇرەدە قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىسىنىڭ تولىمۇ قالاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە 1895 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇ كارخانىنى ھازىرقى ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئورنىدىكى ئىككى

قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسىدىن شىمال تەرەپكە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ مېتىر، كەڭلىكى تۆت يۈز مېتىرلىق دائىرىگە كېڭەيتىپ، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان. لېكىن بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار روسسىيە ھۆكۈمىتىدىن زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىراق روسسىيە تەرەپ ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ زامانىۋى سانائەت كارخانىسى قۇرۇشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۇلار تەلەپ قىلغان ئۈسكۈنىلەرنى سېتىپ بەرمىگەن. ئەمما بۇ ئىككى ئەزىمەت شىنجاڭدا سانائەت كارخانىسى قۇرۇش ئىرادىسىدىن زادىلا يانماي، داۋاملىق ئىزدەنگەن.

1903 - يىلى، ھۈسەيىنباي تەكلىپكە بىنائەن موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يەرمەنكىگە قاتناشقان، بۇ يەرمەنكىگە ئالدى يەتتە يىل، ئەڭ كەينى ئۈچ يىل تەييارلىق كۆرگەن چوڭ سودىگەرلەرنىڭ يەرلىك ماللىرى ۋە تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن كەلگەن چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ خىلمۇخىل سانائەت ماللىرى قويۇلغان. بۇ يەرمەنكىگە تاشكەنتلىك ئۆزبېك سودىگەر ئەرشانباي پۈتۈن تۈركىستاندىن يىغقان بىرقانچە يىللىق پاختىسىنى قويغانىدى. بۇ پاختىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى يۈز مىڭ تىللاغا يېتەتتى. يەرمەنكە باشلانماي تۇرۇپ، ئالدىن كەلگەن سودىگەرلەر مال كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە، بىر ئىنگلىز سودىگەر ھۈسەيىنبايغا، سىز ئۆزبېك تىلىنى بىلىدىكەنسىز، بۇ پاختىنى ماڭا سودا قىلىپ قويسىڭىز! دېگەن. ھۈسەيىنباي پاختىنىڭ كىلوسىغا سەكسەن تىيىندىن باھا قويۇپ، ئىنگلىز سودىگىرىگە سودا قىلىپ قويغان. ئىنگلىز سودىگەر پاختىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى بىلگەندىن كېيىن، پۇلى يەتمەي بۇ سودىدىن يېنىۋالغان. يەرمەنكە قائىدىسىدە، يەرمەنكىگە قاتناشقانلار مالغا

ئالدىراپ باھا قويماسلىق، ئەگەر باھا كېسىلىپ، سېتىۋالماقچى بولغان تەرەپ يېنىۋالسا، بۇ مالنىڭ سېتىلماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مالنى باھا كەسكۈچىنىڭ ئېلىشى لازىم ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، يۈز مىڭ تىللالىق پاختا ھۈسەيىنبايىنىڭ گەدىنىگە چۈشۈپ قالغان. ھۈسەيىنباي بۇ كېلىشمەسچىلىكنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندا، ژاخار مارۇژۇۋ ئىسىملىك بىر يەھۇدىي سودىگەر ئۇنىڭغا ئۇچۇر بېرىپ: «ياۋروپادا ئاپەت يۈز بېرىپ، پاختا ئۆكسۈپ قالدى، نۇرغۇن زاۋۇتلار خام ئەشيا يوق توختاپ كەتتى، پات ئارىدا بۇ يەرمەنكىگە ياۋروپالىق توقۇمىچىلىق فابرىكا كاپىتالىستلىرى كېلىدۇ، پاختا سۈپەتلىك ئىكەن، ياخشىسى شۇلارنى كۈتكىن!» دېگەن. دەرۋەقە، يەرمەنكە باشلانغاندا، ياۋروپالىق سودىگەرلەر يېتىپ كەلگەن، ھېلىقى ژاخار مارۇژۇۋنىڭ سودا قىلىپ قويۇشى بىلەن، ھۈسەيىنباي پاختىنى (قىممىتى يۈز مىڭ تىللا، يەنى بىر دانە تىللا ئون سوم بولۇپ، جەمئىي بىر مىليون سوملۇق پاختا) بىر سوم يىگىرمە تىيىندىن پادىن ئىسىملىك بىر سودىگەرگە سېتىپ، ئەللىك مىڭ تىللا پايدا ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۈسەيىنباي موسكۋا يەرمەنكىسىگە ئېلىپ كەلگەن ئۆزىنىڭ ماللىرىنىمۇ سېتىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالغان. بۇ قېتىمقى غايەت زور پايدا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ زامانىۋى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش پىلانىنى تېزلىتىشكە ئاساس سالغان.[1] شۇ يىللىرى، گېرمانلار تۈركىيە بىلەن باغدات ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول ياساپ، پاي چېكى ساتقان. ھۈسەيىنباي قىرىق مىڭ

---

[1] بۇ بايانلار تارىخچى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ سودا گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن ئېلىندى.

تىللالىق پاي چېكى سېتىۋالغان ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېرمانىيىلىك كاپىتالىستلار بىلەن تونۇشقان. 1904 - يىلى ھۆسەيىنباي ئىنىسى باھاۋۇدۇنباينى نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن گېرمانىيىگە سودا قىلىشقا ۋە شۇ پۇرسەتتە زاۋۇت ئۇقۇشۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. باھاۋۇدۇنباي گېرمانىيىدە تىجارەت قىلغاچ، تېرە زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەمدە كۆن - خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتىنى سېتىۋېلىش قارارىغا كەلگەن.

باھاۋۇدۇنباي گېرمانىيىنىڭ ماين دەرياسى بويىغا جايلاشقان فرانكفورت شەھىرىدىكى «فرانكفورت ئاساين» زاۋۇتىغا ئالدىن بەش يۈز مىڭ سوم ئالتۇن پۇل زاكالەت قويۇپ، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى زاكاز قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ستانوك، كەپشەرلەش ماشىنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش، ياخشى تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، ئىنژېنېر، رېمونتچى، مېخانىك، تېلېگراف خادىمى، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش مۇتەخەسسىسى بولۇپ بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىكلارنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇلار ئىچىدە، زاۋۇت قۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېر بىلەن تېلېگراف خادىمى ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن، باشقا خادىملار بەش يىللىق مۇددەت بىلەن تەكلىپ قىلىنغان. مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە كەسىپلەر بويىچە شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش شەرت قىلىنغان بولۇپ، ۋاقىتنى ئۇزارتىش ئىككى تەرەپنىڭ رايىغا قالدۇرۇلغان.

گېرمانىيە سانائەت شىركىتى توختام بويىچە زاۋۇتنى 1906 - يىلى پۈتتۈرۈپ بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زاۋۇتنى سېتىپ بەرگەن كاپىتالىستنىڭ ئىسمى دورلاخ دېگەن

گېرمان ئىكەن. شۇ يىلى، گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملارنىڭ مەسئۇللۇقىدا، زاۋۇت ئەسلىھەلىرى روسىيە ئارقىلىق ئېلىنغا توشۇلۇشقا باشلايدۇ. زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرى روسىيە چېگرىسىغا كىرگەندە، ھاڭ - تاڭ قالغان چار پادشاھ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆز زېمىنى ئارقىلىق ئېلىپ مېڭىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. ھۈسەيىنباي بۇ ئەھۋالنى دەرھال شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى باش مۇپەتتىشى ليەن كۈيگە مەلۇم قىلىدۇ، ليەن كۈي بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، 1881 - يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى روسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە، روسىيىنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى جۇڭگو زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىسىغا ئاساسەن، بۇ ئىشنى ئىلى جاڭجۈنى جى رۈينىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللايدۇ. نەتىجىدە، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن، چارروسىيە ھۆكۈمىتى باھاۋۇدۇنبايغا زاۋۇتنى توقسان كۈن ئىچىدە روسىيە زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىن ئېشىپ كەتسە، زاۋۇتنى روسىيىدە قۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يەتتىسۇدىكى يەركەنت شەھرىنىڭ ۋالىيسى ۋەلىباي يولداشوۋ[1] ئارقىلىق باھاۋۇدۇنبايغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنى زاۋۇتنى روسىيىدە قۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار بۇ دەۋەتنى رەت قىلىپ، زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى

---

[1] ۋەلىباي يولداشوۋ غۇلجىدا تۇغۇلغان، كۆچ - كۆچ ۋەقەسىدە يەتتىسۇغا چىقىپ كەتكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بايلارنىڭ بىرى، 1924 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، كېيىن ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

يۆتكەشكە كىرىشىدۇ.

زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرى گېرمانىيىدىن پويىز بىلەن روسىيىنىڭ ئومىسكى شەھرىگە توشۇپ كېلىنىدۇ. ئومىسكىدىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن سىمپولاتىنسكى شەھرىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئاخىرىدا سىمپولاتىنسكىدىن قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا ئېلىپ كېلىشلا قالىدۇ. بۇ يولنىڭ مۇساپىسى بىر يۈز ئون كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چارروسىيە ھۆكۈمىتى خىلمۇخىل توساقلارنى قۇرۇپ، ئۇلارغا زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتقانىدى. ئەمما ئاكا - ئۇكا مۇسابايىۋلار قەتئىي تەۋرەنمەي، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بىر يۈز ئون كىلومېتىر مۇساپىنىڭ ئوي - دۆڭ يەرلىرىنى تۈزلەپ، ئىككى يۈز سەكسەن ئالتە ئورۇنغا چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك سالدۇرىدۇ. يۆتكەشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى چۇۋۇپ پارچىلايدۇ. ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى تۆت توننا، ئەڭ يېنىكى بىر يېرىم توننا كېلەتتى. بۇلارنى توشۇش ئۈچۈن ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان هارۋىلارنى ياسىتىدۇ. توقسان ئالتە باش ئۆكۈز تەييارلاپ، ھەربىر هارۋىغا ئالتىدىن ئون ئىككىگىچە ئۆكۈز قاتىدۇ. زاۋۇت غۇلجىغا توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، هازىرقى ئازاد كوچا 223 - نومۇرلۇق قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1907 - يىلى كۈزدە، زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلىنىپ، 1909 - يىلى ئاساسىي بىناسى ۋە يىگىرمە بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى زاۋۇت تۇرخۇنى پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. زاۋۇت رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە، جەمئىي بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ سوم ئالتۇن پۇل چىقىم بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئايرىۋاشلاش نىسبىتى بويىچە، بۇ پۇلنى ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا، ئۈچ يۈز مىڭ سەر ئالتۇن بولاتتى.

مانا مۇشۇ زاۋۇتتا تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار گېرمانىيە تەرەپ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولۇپلا جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ھازىرقى ئىلى سىفەن شۆيۈەنىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى قۇردى. مەكتەپ تەخمىنەن 1906 - يىلى، ئىمىر داموللا، نىزامىدىن قاتارلىق چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن 160 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان. كەسپىي دەرسلەرنى يەنى كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسى، خام تېرە ۋە پىششىق مەھسۇلاتلارنى پىرىيوم قىلىش ھەققىدىكى دەرسلەرنى گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر ماگىن ئەپەندى ئۆتكەن. 1909 - يىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە، ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ چىقىلغان، بۇ ئۈچ قاراردا جەمئىي بەش يۈز سەكسەن ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇلاردىن ئىككى يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى تاللىنىپ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان.

بۇ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يىلىغا قىرىق مىڭ پارچە چوڭ تېرە (ئات - كالا تېرىسى)، ئالتە يۈز مىڭ پارچە كىچىك تېرە (قوي - ئۆچكە تېرىسى) ئىشلەپ چىقىرالايدىغان بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، زاۋۇت روسىيىنىڭ پۈتكۈل تۈركىستان رايونىنى ۋە موسكۋا، سانكت - پېتربۇرگ قاتارلىق شەھەرلىرىنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىگەن. مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆن - خۇرۇم، مەسكاپ، چەم، چىگرىن، شاۋرۇن قاتارلىق ئون ئۈچ خىل ئاساسلىق مەھسۇلات، شام، سوپۇن، تۈگمە، يار يېلىم، ھەر خىل ئاياغ كىيىم، ھەر خىل خۇرۇم چاپان، تاسما، شەپكە،

ئىگەر ـ جابدۇق، ھارۋا جابدۇقلىرى قاتارلىق ئون ئىككى خىل قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىلغان.

تارىخچى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ «مۇسابايېۋ ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى» دېگەن ماقالىسىدە ستاتا كەلتۈرۈلگەن جيا ئېنفى، جياڭ جياڭلارنىڭ «ئىلى لىچۇەن تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىسىدە، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ 1885 ـ يىلى ئىلى كورەدە قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ شاڭخەيدە (1890 ـ يىل) قۇرۇلغان «جۇجىشاۋ تېرە زاۋۇتى» دىن بەش يىل بۇرۇن قۇرۇلغانلىقى، مۇسابايېۋلارنىڭ 1909 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تېرە زاۋۇتىنىڭ 1906 ـ يىلى شاڭخەيدە ياپونلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «جياڭنەن» تېرە زاۋۇتىدىن ئۈچ يىل كېيىن قۇرۇلغانلىقى، 1913 ـ يىلى جۇڭگو ئۆزى قۇرغان 11 ئورۇندىكى تېرە، كاۋچۇك زاۋۇتلىرىنىڭ ئومۇمىي كاپىتالى تۆت مىليون ئالتە يۈز سەككىز مىڭ يۈەن بولۇپ، ھۇسەيىنبايىنىڭ ئىلىدىكى تېرە زاۋۇتىنىڭ كاپىتالىدىن بىر مىليون يۈەنلا كۆپ ئىكەنلىكى ... مۇسابايېۋلارنىڭ تېرە زاۋۇتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىلغار زاۋۇتلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى يېزىلغان.

بۇ زاۋۇت 1909 ـ يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، بىرىنچى يىلىغىچە، زاۋۇتنىڭ باش بوغالتىرى، كاسسىرى، ستاتىستىكا خادىمى، كاتىپات مەسئۇلى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلىرى روسىيىلىك رۇس ۋە تاتارلاردىن، زاۋۇتنىڭ تېخنىكا خادىملىرى بولسا گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان. بۇ مۇتەخەسسىسلەر زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان. نەتىجىدە، بۇ ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدىن بوغالتىر، كاسسىر، ستاتىستىكىچى، شوپۇرنىك، پرىيومنىك، سىلىسار، توكچى،

قۇيمىچى، ئەپلەمچى قاتارلىق يارامىلىق خادىملار ۋە تېخنىكلار يېتىشىپ چىققان. ئاشۇ ئىشچىلارنىڭ ئىچىدە كېيىن نامى چىققان گېنېرال زۇنۇن تىيىپوۋ، ساۋۇت ئېلى ياڭخاڭ، ئابدۇرۇپ ئاخۇن ۋە كېيىن سانائەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن شاۋۇدۇن ئاخۇنلار بار ئىدى.

1912 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ بەش يۈزدىن ئاشقان، شۇ چاغدا، بىر قىسىم ئاياللار زاۋۇت خوجايىنى ھۈسەيىنبايغا ئوقۇش ۋە ئاياللاردىن ئىشچى قوبۇل قىلىش تەلىپىنى قويغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلار ئۇلارنىڭ تەلىپىگە دەرھال قوشۇلۇپ، شۇ يىلى روسىيىنىڭ قازان شەھرىدىن خەلىچە ئاۋۇستاي قاتارلىق تۆت نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، غۇلجىدا ئاياللار مەكتىپى ئاچقان. بۇ مەكتەپتە، مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن تاشقىرى، تىككۈچىلىك، كېسىمچىلىك، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق ۋە پەلەي توقۇش، رەشىلىيە ئىشلەش، كەشتىچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپ «ھۈنەر مەكتىپى» دەپ ئاتالغان ھەمدە 50 ـ يىللىرى تاقىلىپ قالغانغا قەدەر، ئون مىڭ ئايال ھۈنەرۋەننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنى ھۈسەيىنباي ئۆزى باشقۇرغان. ئۇ ئىنىسى باھاۋۇدۇنباينىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن سابىق ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، ئىسمائىل ئەپەندى، ئابلەي ئەپەندى، مىجىت ئەپەندى، ئابدۇقېيۇم ئەپەندى، ئابلەت ئەپەندى، تەلئەت ئەپەندى، فۇكرات ئەپەندى قاتارلىقلارنى تۈركىيە، روسىيە، گېرمانىيىلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا چىقارغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىجىت ئەپەندى بىلەن ئابدۇقېيۇم ئەپەندى تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ساھەسىدە مۇنتىزىم

تەربىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، زاۋۇت باشقۇرۇشنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان.

ھۈسەيىنباي زاۋۇتىنىڭ خوجايىنلىقىنى 1926 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆزى قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇتنى 1933 - يىلىغىچە سابىت ئەپەندى، 1938 - يىلىغىچە مىجىت ئەپەندى، 1950 - يىلىغىچە تەلئەت ئەپەندى باشقۇرغان. 1950 - يىلدىن 1955 - يىلىغىچە، زاۋۇتنى مىجىت، ئابلىز، ئىسمائىل، ئابدۇقېيۇم ئەپەندىلەر باشقۇرغان. 1955 - يىلى، بۇ زاۋۇت ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى، خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەن. يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خاتا لۇشيەن ۋە «سول» چىل سىياسەتنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، بۇ زاۋۇتنىڭ ھايات قالغان خوجايىنلىرى دوزاق ئازابىنى تارتقان. ئەمما زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىمىغان. ھازىر بۇ زاۋۇت تەلتۆكۈس دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت بولۇپ، «ئىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلارنىڭ 1900 - يىللىرى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاچقان «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» ۋە «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى» دىن باشقا، ئىكساقتا ئاچقان «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپى تارىخىدىكى يەنە بىر ئابىدە.

ھۈسەيىنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىغا كېڭەيتىشنى ئويلاپ، تۈركىيىدىن ئەھمەت كامال قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ 1907 - يىلى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نى قۇرۇپ چىققان.

ئەھمەت كامال ئىنتايىن پاراسەتلىك كىشى بولۇپ،

باھاۋۇدۇنباينىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشىنەتتى ھەم ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلار قوزغىغان مائارىپ دولقۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى سىنىپ مەكتىپى — «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. بىر سىنىپلىق بۇ مەكتەپكە ئاتۇش، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن قىرىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بارلىق يۈكىنىلا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىمۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېۋلار ئۈستىگە ئالغان.

«ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پاراسەتلىك مائارىپچى ئەھمەت كامالنىڭ باش بولۇپ تەربىيىلىشى بىلەن، كۆرگەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ياخشى تەربىيىلەنگەن. ئۇلار ئەھمەت كامال ئۆگەتكەن:

ئاركاداشلار توپلىنايلى جەھلىن ئۆيىن بۇزغىلى،
ئەل كۆزىن ياپقان قاراڭغۇ پەردىلەرنى يىرتقىلى،
ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى بىلىم ئېرۇر،
بىزلەرنىمۇ بۈگۈن بۇ ئىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.

دېگەندەك جۇشقۇن ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن. ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى كۈنسېرى كېڭەيگەن. لېكىن، مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مۇناپىقلىق، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، جاھالەت بىلەن ئادالەت، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

ۋە كۆرەشتىن ساقلىنىش ھەرگىز مۆمكىن ئەمەس ئىدى.

قەشقەردىكى قارا كۆچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمەر باي، ئاخۇنباي، سېلىم ھاجى داموللا، ئابدۇغۇپۇر ھاجىم شاپتۇل، ئابدۇرېھىم بايۋەتچە قاتارلىقلار چاڭ دوتەينىڭ ئالدىغا بېرىپ: «جانابلىرىغا ئەرزىمىز بار ھەم بىر ئىشتىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلماقچىمىز» دەيدۇ. چاڭ باش ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار: «ئاتۇش ئىكساقتىكى باھاۋۇدۇن مۇسابايۇۋلار ئىكساقتا ئىسيانچى، توپىلاڭچىلارنى تەربىيىلەيدىغان جەدىدلىك مەكتەپ ئېچىپ، سىزگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ، بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇلار تۈركىيىدىن ئادەم ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئەھۋالنى ئۇققان دوتەي ئۇپۇل - توپۇل ئىكساققا ئادەم ئەۋەتىپ، باھاۋۇدۇن مۇسابايىۋنى يامۇلغا چاقىرتىپ، قارا كۆچىلەرنىڭ ئالدىدا مۇناسىپ بولمىغان تەلەپپۇز بىلەن سوئال سوراق قىلىدۇ.»[1]

«— سەن نېمىشقا مەكتەپ ئاچتى؟ مەكتەپتە سەن نېمە قىلىپ يۈرۈيدۇ؟

باھاۋۇدۇن موسابايي مۇنازىرىگە ئۆتۈپ جاۋابەن:

— ‹قۇرئان› دا ‹ئىقرە› دېگەن سۈرە بار، مەنىسى ‹ئوقۇڭلار› دېگەن بولىدۇ، ئوقۇغان، قارىنى ئاقارتقان گۇناھ بولمايدۇ، ئۇنىڭ جانابىڭىزغا ھېچ قانداق دەخلىسى بولمايدۇ، — دەيدۇ. چاڭ دوتەي بۇ ھەققانىي جاۋابتىن بىرئاز تەمتىرەپ قېلىۋاراق ئارقىدىن:

---

[1] ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1983 - يىللىق 2 — 3 — سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىغا قاراڭ.

— ئۇنداقتا سەن دۆلەت تىلى ئوقۇتامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— بىلىم ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن پەرز ھەم قەرز، ھەق رەسۇلىللا: «بىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار»، دېگەن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ باھاۋۇدۇن مۇساباي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ دوتەي، — مەن ساڭا ئىككى سۆز قىلىدۇ: بىرى، مەن ساڭا دۆلەت تىلى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىم بېرىدۇ. يەنە بىرى، سەن تۈركىيەدىن كەلگەن ئەپەندىلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ. . .

باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ دۆلەت تىلى سىستېمىسىدا ئىككى شۆتاڭ[1] ئېچىشقا ۋە ئەھمەت كامال قاتارلىق تۈركىيىلىك مۇئەللىملەرنى كەتكۈزۈۋېتىشكە ماقۇل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، قەشقەر ياۋاغدىكى دوماخانىدا «دىيى شۆتاڭ»، ئېكساقتا «دىئېر شۆتاڭ» دېگەن مەكتەپلەر ۋېيۇسكا ئېسىپ، رەسمىي ئوقۇش باشلايدۇ. چاڭ دوتەي ئۆز ئوغلىنى ئېكساققا لاۋشى (مۇئەللىم) قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئېكساقتا چاڭ لاۋشى، چىڭ لاۋشى، ما لاۋشى، سۇي لاۋشى ۋە توختى لاۋشىلار دۆلەت تىلى ئوقۇتۇلىدىغان بۇ بىر سىنىپلىق شۆتاڭغا ئوقۇتقۇچى بولغانىدى.»[2]

---

[1] «شۆتاڭ» — مەكتەپ دېگەن مەنىدە بولۇپ، مانجۇ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىك مىللەتلەرنى «يۇگەنلەش» كە پايدىلىق بولغان كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، باي، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى قوبۇل قىلىش مەقسىتىدە ئاچقان مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەكتەپ ئېچىش مەقسىتى دۇرۇس بولمىغاچقا، «شۆتاڭ» غا بېرىش ئۇ چاغلاردا ئالۋان تۆلەش ھېسابلىنىپ كەلگەن.

[2] «مەشئەل» نىڭ 1985 ـ يىلى بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ 18 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

«ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، ئەھمەت كامال ئەپەندى بۇ مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئەھمەت كامال ئەپەندىنىڭ «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» دىن نېمە سەۋەبتىن ئايرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە، مەشھۇر تارىخىي شەخس ۋە تارىخچى ئابدۇقادىر ھاجى[1] نىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 17 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدىكى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ تەسىرى ۋە ئەھمەت كامال ئەپەندىنىڭ ئىدىيىسى قەشقەرنىڭ «ئۆمەر باي قاتارلىق چوڭ بايلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم موللىلارنىڭ يېڭى مەكتەپكە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، ‹جەدىد› دەپ، بۇ مەكتەپنى تاقىۋېتىشى» گە سەۋەب بولىدۇ دېگەن بايانلىرى يەنە بىر تولۇقلىما بولالايدۇ. «‹ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى› نىڭ تۇنجى قارارى 1909 ـ يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچى جايلارغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ماڭغۇزۇلدى. گۆچۈڭغا شاۋۇدۇن قارى، قۇتۇبىغا ساۋۇت ئەپەندى، كۇچاغا روزى ئەپەندى، خوتەنگە ماھرا خەلپەت، توققۇزاققا ئابدۇللا رازى، قاغىلىققا ئابلىز ئەپەندى،

① ئابدۇقادىر ھاجى — 1909 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە ياقۇپ ھاجى دېگەن باينىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1931 ـ يىلى دادىسى بىلەن ھەجگە بارغان. 1930 ـ يىللاردا، قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇلاردا بولغان ھەربىي، سىياسىي ھەرىكەتلەردە غوللۇق رول ئوينىغان. 1937 ـ يىلى ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىگە چىقىپ، ھەربىي تەلىم ئالغان، كېيىن ياپونىيىگە بېرىپ، مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، شاڭخەيدە خىزمەت قىلغان. 1948 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. تاكى ۋاپات بولغىچە (1987 ـ يىل) قەشقەردە تۇرغان.

قەشقەرگە ئابدۇرېھىم شاۋكەت ئەپەندى ئەۋەتىلدى. ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئۆزىدە قالغانلاردىن بەيساققا كەنجى ئەپەندى، ئۇچاغا تۇردى ئەپەندى، مەمەت نامىقاجىلار؛ قايراققا ھېلىم ئەپەندى بىلەن سۇپى ئەپەندى؛ تاقۇتقا ئىمىن ئەپەندى؛ ئىكساققا ھاجى ئەپەندى بىلەن ئەزىز ئەپەندى تەقسىم قىلىندى. ئۇلار يېڭى مائارىپ ئۇرۇقلىرىنى پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىسىغىچە چېچىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.»[①]

1910 - يىلى، ئاتۇش ئىجەنلىك تەرەققىپەرۋەر سودىگەر قۇناجىم (قۇربان ھاجىم) ئىجەندىكى ئاق مەيدانغا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالغان ھەمدە بۇ مەكتەپكە تۈركىيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولغان ئەھمەت كامالنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. مانا مۇشۇ «ئاق مەيدان مەكتىپى»نىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايلىق، زېرەك بالا — مەمتىلى ئەپەندىمۇ بار ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنى دادىسى ئاكىسى نىزامىدىن بىلەن بىللە ئوقۇشقا بەرگەنىدى. بۇ سىنىپتا يەنە بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىدىن باشقا، بۇ ئىككىيلەننىڭ نەۋرە تۇغقانلىرى مۇھىددىن بىلەن نەجمىدىنمۇ بار ئىدى. مۇھىددىن بىلەن نەجمىدىن تاشاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، بۇلارنىمۇ دادىسى «ئاق مەيدان مەكتىپى»گە ئوقۇشقا بەرگەنىدى.

ئەھمەت كامال ئەپەندى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆتكەن، ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى، مىجەز - خۇلقى ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر

① «مەشئەل» نىڭ 1985 - يىلى بېسىلغان نۇسخىسى 15 - بەت.

قالدۇرغان. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن ـ ئازادە، روھلۇق، مەغرۇر ئەمما ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇشقا دالالەت قىلغان. بىر قېتىملىق تارىخ دەرسىدە، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ھۇرمەتكە سازاۋەر ئوقۇتقۇچىدىن «ئەپەندىم، تۈركىيىلىكلەر بىلەن بىزنىڭ قانداق پەرقىمىز بار؟» دەپ سورىغاندا، ئەھمەت كامال ئەپەندى تېخى ئەمدىلەتىن ئوقۇش ھاياتىنى باشلاپ، باشلانغۇچ ساۋاقلارنى ئىگىلەۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىلارغا چۈشىنىش قىيىن بولغان تارىخىي جەريانلارنى سۆزلەپ ئولتۇرماي، بىزنىڭ تۈركىيىدە مۇنداق بىر ناخشا بار، دەپ:

ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن، ئېلىپ كەتسىمۇ سۇ سېنى!
قورقما دۈشمەندىن كى ئاتەش بولسا كۆيدۈرمەس سېنى!
توغرا — دۇرۇس بول جانابىي ئاللا خىجىل قىلماس سېنى!

دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ بەرگەن، ئاندىن مەمتىلى ئەپەندىدىن «سەن ئېيتىپ باقە، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناخشا بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغان. مەمتىلى ئەپەندى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ «بىزنىڭ يۇرتىمىزدا سىز ئېيتقان بۇ ناخشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان:

ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن،
سۇ سېنى چۆكتۈرسىمۇ.
يېمىگىن نامەرد ئېشىنى،
ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ.

دېگەن ناخشا بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەھمەد كامال ئەپەندى: «ھەممىڭلار شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، تۈركىيىلىكلەر بىلەن

سىلەرنىڭ پەرقىڭلار، پەقەت مۇشۇ ئىككى ناخشىدىكى پەرقچىلىكلا» دەپ ئېيتقان. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ: «يەنە شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ ئىككى ناخشىدا بىزنى مەرد، نومۇسلۇق، قەيسەر، قانائەتچان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىنغان. شۇڭا، بىز بۇ ناخشىنى خەلقىمىزنىڭ ئالىيجاناپ قەلبى ۋە ئەخلاقىنىڭ تەرجىمىسى دەپ چۈشىنىشىمىز لازىم» دەپ چۈشەندۈرگەن.

1985 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىغا ئاتاپ «مەشئەل» ژۇرنىلىنى چىقىرىش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى پېشقەدەملەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ ماقالە يېزىشقا ماتېرىيال توپلىغۇچىلاردىن ئابلىكىم زوردۇن، يۈسۈپجان ئىسمائىل ۋە تۇرسۇن سائادەتلەر ئەھمەت كامال دەرس ئۆتكەن «ئاق مەيدان مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىسى سەكسەن ئالتە ياشلىق قاسىماخۇنۇمنى زىيارەت قىلغاندا، بۇ كىشى ئەھمەت كامال ۋە ئانا مەكتىپىنى ئەسلەپ: «ئۇ چاغدا بىز تىجەن ۋە ھەرقايسى كەنتلەردىن بولۇپ قىرىق بەش ئەتراپىدا بالا «ئاق مەيدان مەكتىپى»گە يىغىلغانىدۇق. بىزنى ئەھمەت كامال دېگەن تۈركىيىدىن كەلگەن كىشى ئوقۇتاتتى. ئۇ كىشى بىزگە پەننىي دەرس بەرگەن. ئالدى بىلەن ئېلىپبە، ھېساب ئوقۇتقان، يېرىم يىلدا ساۋاتىمىزنى چىقارغان. شۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا، بۇيامەتتىن مەمتىلى بىلەن ئاكىسى نىزامىدىن، تاشاخۇنۇمنىڭ نەجمىدىن، مۇھىددىن دېگەن بالىلىرى بار ئىدى. كېيىن مەن غۇلجىغا چىقىپ كەتسەم، مەمتىلى ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىپ، ھەممە كەنتتە مەكتەپ قۇرغانىكەن. ھازىرقى مەمتىلى ئەپەندى دېگەن شۇ مەمتىلى

ئىدى. ئۇ بەك شوخ، زىرەك، سەنئەتچى بالا ئىدى. كۆڭۈل ئاچىدىغان چاغلاردا، ئالدى بىلەن شۇ ئۇسسۇل ئوينايتتى، مەن دۇتار چالاتتىم. كېيىن ئۇ تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىز چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچاتتۇق، ئەھمەت كامال يېنىمىزدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلاتتى» دەپ سۆزلەپ بەرگەن. ھەتتا ئەھمەت كامالنىڭ «ئوتتۇرا بوي، قارا قاشلىق، كۆزلىرى چوڭ، يېقىملىق، قاڭشارلىق، چىرايلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ساقال قويماي كاۋكازچە بۇرۇت قويۇۋالىدىغانلىقىنى، قارا چەكمەندىن كالتە، تىك ياقىلىق كەمزۇل كىيىپ يۈرۈيدىغانلىقى» نى سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە ئەھمەت كامال ئۆگەتكەن مارشنى ئاھاڭى بىلەن ئوقۇپ بەرگەن.[1]

ئەھمەت كامالنىڭ «ئاق مەيدان مەكتىپى» دىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمۇ ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىغان.

ئەھمەت كامال ئەپەندىنىڭ قانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ «شىنجاڭدا جەدىدچىلىك» دېگەن ئىككىنچى بابىدا مۇنداق يازغان:

«مېنىڭ كېيىن بىلىشىمچە، تۈركىيىدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپى ئېچىش ئىككى قېتىم بولغان. بىرىنچى قېتىملىقى 1880 ـ يىللىرى، يەنە بىر قېتىملىقى 1910 ـ يىلى ئېچىلغان. بۇ ئىككى قېتىملىق مەكتەپ

---

[1] بۇ نەقىل ئابلىكىم زوردۇننىڭ «يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

ئارىلىقىدا نېمىشقا شۇنچىلىك ئۇزاق ئارىلىق ساقلانغانلىقىدىكى سەۋەبنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىم. ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى رول ئوينىغان، دېگەن گەپلەر توغرىدۇر بەلكىم. ئىككى قېتىملىق مەكتەپنىڭ كېيىنكى قېتىمدىكىسىنىڭ تەسىرىمۇ كەڭ، چوڭقۇر بولغان. كېيىنكى قېتىم ئېچىلغان مەكتەپ مەن ياشىغان ۋاقىتقا يېقىن بولغانلىقتىن، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىممۇ كېيىنكىسى ئۈستىدە ئىدى.

مەكتەپ ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، تەسىرى كەڭ تارالغان. مەكتەپتە ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىلغا يېقىن داۋام قىلغان، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىككى ئاتۇشقا تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا كۆپلىگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېچىلغان. ئاشۇنداق مەكتەپلەردىن بىرى بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئېچىلغانىكەن. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ئوقۇغان ئاكام نەجمىدىن ۋە يەنە بىر - ئىككى ئادەم بۇ مەكتەپكە مۇئەللىملىك قىپتىكەن.

بۇ مائارىپچىلىق ھەرىكىتى چاپسان تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن يېڭى بىخلار كۆرۈنۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر بۇ يېڭى مائارىپچىلىققا قارشى تۇرغان. قارشىلارنىڭ بىر قىسمى روھانىيلار — قازى، ئەلەم، مۇپتى، مۇدەررىس، ئىشانلار تەبىقىسى بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى مەكتەپ دىنغا قارشى «كالتە قۇيرۇقلار» نى تەييارلايدىكەن.

پەن — دىنغا قارشى، پەن ئوقۇتۇلسا دىن يوقىتىلىدۇ، يېڭى بىلىمنى ئوقۇماسلىق كېرەك، خەلق ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئوقۇسىلا بولدى، دەيدىكەن. روھانىيلارنىڭ بۇ قارشىلىقى تەبىئىي يوسۇندا يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ — باي، بەگ، پومېشچىكلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىخ سۇرۇپ چىققان بۇ مائارىپچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى چوقان كۆتۈرۈلگەن. قارشىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ھەم دىنىي جەھەتتىن ھەم بايلىق، تەرەپبازلىق جەھەتتىن ئەڭ ئەكسىيەتچى بولغان بىر قىسىم بايلار بولغانىكەن. بۇلارنىڭ باشلىقلىرى قەشقەردە يامانلىقى بىلەن داڭقى چىققان ئۆمەر باي، ئاخۇنبايوۋ دېگەن ئىككى چوڭ باي ئىكەن. يەنە بىرياقتىن، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى، نام تالىشىش، تەرەپبازلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئىلغارلارنىڭ مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىغا زەربە بەرمەكچى بولغان.

يۇقىرىقى زىددىيەتلەر بارغانچە كەسكىنلەشكەن. بىر قىسىم ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە ياش تالىپلار يېڭى مائارىپچىلىقنى قوللىغان. ئەكسىيەتچىلەر ئىلغار كۈچلەرگە تاقابىل كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىگە تايانغان. ئۇلار قەشقەردىكى شەڭگەن، دوتەيلەرگە ھەر خىل ئۇيدۇرما ئەرز ـ شىكايەتلەرنى قىلغاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىگە — ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلغان. ئۇلار «قەشقەردە بىر قىسىم ئادەملەر چەتتىن ئادەم ئەكىلىپ، يېڭى مەكتەپ ئاچتۇق دېگەن باھانە بىلەن ئادەم يىغىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ چېقىمچىلىق قىلغان.

قەشقەردىكى دوتەي بولسا، ئۆمەر بايلارنىڭ ھەم يۆلىكى ھەم قول چومىقى ئىدى. ئۆمەر باي بولسا ھۆكۈمەتنىڭ بىر دۈمباقچىسى ئىدى، ئۇلار ئەكسىيەتچىلىكتە مەنپەئەتكە ۋە ئورتاق تىلغا ئىگە ئىدى.

1912 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ گۇرۇپپا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى «ھۆكۈمەتكە قارشى كۆتۈرۈلۈشنىڭ تەييارلىق ھەرىكىتى ئىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ ۋە ئۆمەر بايلارنىڭ، دوتەينىڭ ئىغۋالىرىنى تەستىقلايدۇ. كېيىن ھۆكۈمەت بۇ مەكتەپلەرنى دەرھال يېپىشقا ۋە تۈركىيىدىن كەلگەن مۇئەللىمنى دەرھال قايتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.»

دېمەك، ئەھمەت كامال ئەپەندى ئەنە شۇنداق مۇناپىقانە چېقىم ۋە ياۋۇز سىياسەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ، ئوقۇتقۇچىلىق ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا:

كاشغەر ئېلىدە پەخرۇ زەرۇرەت،
ھامىيسى يوقتۇر بۇ ئېلە خارابەت.

(مەنىسى: قەشقەر ئېلىدە ھوقۇق، نام ـ ئەمەل زۆرۈر ئىكەن، بۇ يۇرتنىڭ ھامىيسى يوق، خارابە بولۇۋېتىپتۇ) دەپ ئېيتقان.

قۇناجىم ئاچقان تېجەن «ئاق مەيدان مەكتىپى» دىكى ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن:

ئىستامبۇلدىن كەلدى ئەخمەت،
مەرىپەتچىلەر قىلدى ھۆرمەت.
مىڭ ـ مىڭ ياشا مەرىپەتچىلەر،
زاۋال تاپسۇن ئۆمەر ھەزىلەك.[①]

دەپ قوشاق توقۇپ ئوقۇپ يۈرگەن.

«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسىم 206 ـ بېتىدە، ئەھمەت كامال ۋەقەسى مۇنداق يېزىلغان: «1915 ـ يىل (مىنگونىڭ 4 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، قەشقەرنىڭ ئاتۇش كەنتىدىكى بىر مەكتەپ تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچى ئەھمەتنى ‹قۇرئان›، قوشۇمچە دوختۇرلۇق ۋە ھېساب دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن كېيىن دەرس ئۆتۈشكە جۇڭگو ئوقۇتقۇچىلىرىنى

---

① ئۆمەر ھەزىلەك — ئۆمەر باينى كۆرسىتىدۇ. ئۆمەر باي قەشقەردە ئۆتكەن ناھايىتى چوڭ باي بولۇپ، ئىنتايىن ئىچى قوتۇر، زالىم، بېخىل، كالتە پەم، نامەرد، ئاچكۆز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە غالچىلىق قىلاتتى. شۇڭلاشقا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا قەشقەر، خوتەنلەرنىڭ بېجىنى كۆتۈرە بەرگەن. ئۇ شۇنچە باي بولسىمۇ، خەلققە پايدىلىق بىرەر ئىشنى قىلمىغان. ئەمما ئەخمەت كامالنى چېقىش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىشتەك مۇناپىقلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مىللەتكە ھېچقانداق پايدىسى تەگمىگەن بۇ خائىن ئادەم 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «ئابدۇنىياز، ماخۇسەنلەرگە ياردەم قىلغان» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھەددىي ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنياسى سەۋەب بولغان. چۈنكى، شېڭ شىسەي ستالىن ھۆكۈمىتىدىن ئالغان قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن، شۇ يىلى جاي ـ جايلاردا ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر بايلىرىنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ توپلىغان ئالتۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغانىدى.

تەكلىپ قىلىشقا، تۈركىيىلىكنى مەڭگۈ تەكلىپ قىلماسلىققا بۇيرۇدى.»

مەرھۇم تارىخچى ۋە يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى ئەخمەت كامال توغرۇلۇق قەشقەرنىڭ دوتىيى خاتىرجەم بولالماي، «ئەخمەت كامال ئەپەندىنى قەپەزگە سولاپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن»[1] دەپ يازغان.

يەنە بەزىلەر، باھاۋۇدۇنباي چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆز تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئەخمەت كامالنى ياڭ زېڭشىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغان دەپ يازغان.

لو شاۋۋېن «ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆمۈرلۈك خاتالىق» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭشىن ‹مائارىپنىڭ ئىچكى سىياسەت ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىملىقى› نى چوڭقۇر بىلەتتى. شۇ چاغدا، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى[2] باھاۋۇدۇنباي ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ تۈركىيىلىك بىر كىشىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك تۈزۈلۈشىنىڭ بىر مۇنچە جەھەتلەردە ئېلىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ئىكەنلىكى بايقالغان، تۈركچە ئۆگىتىلىدىغانلىقى ياكى شۇ قېلىپتىكى ئۇيغۇرچىنىڭ تۈركچىلەشتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى ئىدى. بۇنداق دەرسلەر ئۆتۈلسە، ئېلىمىزگە يارامىلىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش قىيىنلا بولۇپ قالماستىن، ئەكسىچە مىللىي، دىنىي ئېزىقتۇرۇشنىڭ

---

① «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» 189 ـ بەت.

② 1943 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۈستۈن ئاتۇش قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە، ئاستىن ئاتۇش پەيزاۋات ناھىيىسىگە قارايدىغان ئىككى بەگلىك بولغان.

ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا، ياڭ زېڭشىن 1914 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باھاۋۇدۇنباينىڭ بۇنداق مەكتەپلەرنى ئېچىشنى ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەنئى قىلدى؛ 1916 - يىلى تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئىسئېنېر ياقۇپنىڭ[1] يەكەندە ھۈنەر مەكتىپى ئېچىش تەشەببۇسىغىمۇ ياڭ زېڭشىن رۇخسەت قىلمىدى.»[2]

ياڭ زېڭشىن نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۆزىنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئارزۇسىغا مۇنداق چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردۇ؟

ياڭ زېڭشىن 1863 - يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدە بيۇروكرات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1889 - يىلى يىگىرمە ئالتە يېشىدا بېيجىڭدا دۆلەتلىك كېجۈي ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، جىنشى ئۇنۋانىنى ئېلىپ ئەمەلدار بولغان ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭۋېي ناھىيىسىدە ئامبال، خېجۇ ۋىلايىتىدە ۋالى، گەنسۇ ھەربىي مەكتىپىدە مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

ئۇ 1907 - يىلى قىرىق تۆت يېشىدا، شىنجاڭنىڭ شۇ

---

① ياقۇپ — ئەرمەن مىللىتىدىن بولۇپ، تاشاخۇنۇم ئۇنى يەكەندە قۇرغان سەرەڭگە زاۋۇتىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. تاشاخۇنۇم يەكەندە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاكا - ئۇكا مۇسابايېۋلار ئاچقان «تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى»گە ئوخشاش مەكتەپتىن بىرنى ئېچىپ، ياقۇپ ئەرمەننى ئوقۇتقۇچى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ قەتئىي يول قويمىغان. كېيىنچە، باشقا سەۋەبلەر بىلەن، تاشاخۇنۇم بىلەن ياقۇپ ئەرمەن ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت چۈشۈپ، ئۇ تۈركىيىگە قايتىپ كەتكەن.

② بۇ نەقىل «شىنجاڭ تەزكىرىسى» نىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

چاغدىكى باش مۇپەتتىشى ليەن كۈينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭغا چىقىپ، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.

1912 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇري ھوقۇقىنى چاڭگىللىغا ئالغان ياڭ زېڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، يەرلىك خەلقنى قۇل قىلىش، تالان - تاراج قىلىش ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان شۇملۇقلارنى قىلغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، بىخودلۇقتا تىزگىنلەش» سىياسىتى ھەممىدىن ۋەھشى بولۇپ، ئۇ ھوقۇق تۇتقان ئون يەتتە يىل ئىچىدە، ھېچقانچە قۇرۇلۇش قىلمىغان، مەدەنىي مۇئەسسەسە، ئاخبارات ئورگىنى قۇرمىغان. بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئون يەتتە يىل ئىچىدە قىلغان ئىشى 1916 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مايتاغدا قۇرغان چاقپەلەك بىلەن ئايلاندۇرۇپ كىرسىن چەككىلەيدىغان بىر دۇكان، 1918 - يىلى تۇرپاندا قۇرۇلغان ئوتتۇز ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش زاۋۇتىغا بەرگەن قەرز، 1925 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان توقۇمىچىلىق شىركىتىگە بەرگەن رۇخسەت ۋە شۇ يىلى ئېچىلغان شوپۇرلۇق مەكتىپىدىنلا ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش، يەرلىك مىللەتلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1920 - يىلى موڭغۇل - قازاق مەكتىپى ئاچقان، بۇ مەكتەپكە يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ موڭغۇل، قازاق بايلىرىنىڭ باللىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇچە ئوقۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۆز ھاكىمىيىتىگە سادىق موڭغۇل، قازاق

ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئېھتىياجى ئۈچۈن، 1923 ـ يىلى رۇسچە قانۇن ـ سىياسەت مەكتىپى ئېچىپ، بۇ مەكتەپتە ئەشەددىي كاللا كېسەرلەرنى يېتىشتۈرمەكچى بولغان.

ياڭ زېڭشىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغان چارىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلغاندا، مائارىپنى راۋاجلاندۇرماسلىقنى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلغان. ئۇ نادانلارنى باشقۇرۇش ئوڭاي، باستۇرۇشمۇ ئوڭاي دەپ قارىغان. خەلقنىڭ بىر نەرسە بىلىپ قېلىشىدىن قورققان، ھەتتا ئىچكىرىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەتبۇئات بۇيۇملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چەكلىگەن.

بىز بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ۋىن فىرەننىڭ [1] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى» دېگەن ئەسلىمە ماقالىسىدىكى بىر ـ ئىككى ئابزاسنى نەقىل كەلتۈرسەك بولىدۇ. ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان: «... تارىختا ئۆتكەن فېئودال مىلىتارىستلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن سىياسىي جەھەتتە ‹ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش›، مەدەنىيەت جەھەتتە ‹نادانلاشتۇرۇش› سىياسىتىنى قوللانغانىدى. ‹ئىستىغپار ھۇجرىسى خاتىرىلىرى›دا، مەن ياڭ زېڭشىننىڭ يۈەن شىكەيگە يازغان بىر ئاسما خېتىنى

---

[1] ۋىن فىرەن — (1910 — 1986) شىنجاڭدا 30 ـ يىللاردىن تارتىپ ئىشلەپ كەلگەن پېشقەدەم مائارىپچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئىلمىي مۇدىرى.

كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭدا «چەنتۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ. بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دېيىلگەن. 1934 - يىلى ئەتىيازغىچە شىڭ دوبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى بېشىدا ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان:

يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا،
چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز، نادانلىقتا،
پادىشاھقا بوي سۇندۇرىمەن خەلقنى.

دېگەن مەزمۇندىكى خەت ئېسىلغانىدى.

دوبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي باغچىسىدا ياڭ زېڭشىن يازغان: «جۇمھۇرىيەت ئەمدىلا قۇرۇلغانىدى، ئۇيالماي ئاتاشتى ھەممە جايدا خاقان بىز دەپ، جۇڭگيۇەن تالاشلىرىدىن مۇستەسنا ئۆزۈم، گۈزەللىكتە ئەلا ئىدى چېگرام مېنىڭ، لەشكەر باشلاپ كەلدىم جەنۇبتىن شىمالغا، ئايلاندۇرىمەن بۇلارنى ئۆزاققىچە نادان پۇقراغا» دېگەن مەزمۇندىكى بېغىشلىما ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ بېغىشلىمىلىرىنى بىرلەشتۇرگەندە، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگىنى فېئوداللىق بۇلۇپ باشقۇرۇش، سىياسىي جەھەتتە، قېرىنداش مىللەتلەرگە نىسبەتەن قوراللىق باستۇرۇش، مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئاڭسىز، ساۋاتسىز ھالەتتە مەڭگۈ ئېپتىدائىي تۇرمۇشتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كومپارتىيە شىنجاڭغا كېلىپ، ئىشنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن باشلىغانىدى.»

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» دا مۇنداق يازغان:

«ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، بىخودلۇقتا تىزگىنلەش سىياسىتىدىن پەخىرلىنىپ، تېخى بۇنى ئۆزىنىڭ چوڭ تۆھپىسى قىلىۋالغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ئۆز ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا چاپلىغان بىر شېئىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ ئازلا ۋاقىتقىچە يەنىلا ئېسقىلىق تۇرغان بۇ نەزمىدە ئۇ شۇنداق دەپ يازغان:

جۇمھۇرىيەت تۇنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك،
جۇڭيۇەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك؟
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۇسنىدەك.
مۇسۇلمانىنى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەند قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

مۇشۇنىڭدىنلا ياڭ زېڭشىننىڭ ئىدىيە ماھىيىتىنى، نىشانىنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نېمە ئۈچۈن ‹جەننەتتەك› شىنجاڭدا خەلقنى ‹نادان›، ‹بىخۇد› لۇقتا تۇتۇپ تۇرۇش نەيرىڭىنى ئىزچىل يولغا قويغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.»①

بىز تەقدىرىمىزنىڭ ئارغامچىسىنى ئون يەتتە يىل ئالقىنىغا ئېلىۋالغان بۇ سىياسىي سېھرىگەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بىلەن ئۆتكۈزگەن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى ۋە رەزىل ماھىيىتىنى يەنىمۇ

---

① «ئۆمۈر داستانى»، بىرىنچى قىسىم 131 -، 132 - بەتلەر.

ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىمىز.

بىر قېتىم خان ياڭ زېڭشىننى بېيجىڭغا چاقىرتىپتۇ. ياڭ ئوردىغا كىرىپ خانغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپتۇ، خان ئۇنىڭدىن تازا رازى بولماپتۇ: «سەن ۋاقتىدا ھوشۇڭنى تاپ، بولمىسا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالارسەنمىكىن؟» دەپتۇ غەزەپلەنگەن ھالدا. «بۇ نېمە دېگەنلىرى؟» دەپ سوراپتۇ ياڭ ھەيران بولۇپ. خان كەسكىن قىلىپ شۇنداق دەپتۇ: «شىنجاڭ يېڭى يەر ھەم مۇرەككەپ جاي. ئەگەر بىرەر توپىلاڭ بولۇپ قالسا، سېنىڭ ئون مىڭ چېرىكىڭ نېمە قىلالايدۇ؟ سەن دەرھال چېرىكنى كۆپەيتمىسەڭ بولمايدۇ.» ياڭ زېڭشىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە: «خان ئالىيلىرى، مەنچە بولسا مۇشۇ ئون مىڭ چېرىكنىمۇ تارقىتىۋېتەيمىكىن دەيمەن. شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنى چېرىك بولمىسىمۇ باشقۇرغىلى بولىدۇ» دەپتۇ. «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپتۇ خان ھەيران بولۇپ ھەم «چېرىكى يوق ئەمەلدار ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بىزنىڭ ئۇ يەردە تۇتۇپ تۇرالايدۇ» دەپتۇ ياڭ ئىشەنچ بىلەن. «ئېيتە قېنى، جەمئىيەتنى قانداق باشقۇرىسەنكىن؟» دەپتۇ خان قىزىققان ھالدا. «مەن خەلققە دىنىي ئەركىنلىك بېرىمەن ۋە باشقا سورىغان نەرسىلەرنى بېرىمەن» دەپتۇ ياڭ. خان يەنە: «ھەممىنى بېرىۋەرسەڭ، بىر كۈنى ئۇلار سەندىن ھوقۇقىڭنىمۇ بەر دەپ سورىمامدۇ؟» دەپتۇ. «ئۇ خەق ھوقۇقىڭنى بەر دېمەيدۇ، چۈنكى مەن ھەممىنى بەرگەن بىلەن، مائارىپنى بەرمەيمەن» دەپتۇ ياڭ. «مائارىپنى بەرمىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ سوراپتۇ خان مەنسىتمىگەن ھالدا. ياڭ ناھايىتى ھۇزۇرلانغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ: «مائارىپى يوق مىللەت كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ، جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى

باشقۇرماق ئاسان. ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنلا، مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەرقانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەند قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئامالىم بار. ئىككى نادانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئازراق بىر مەنسەپنى تاشلاپ قويىمەن. ئۇ مەن ئالىمەن دەيدۇ، بۇ مەن ئالىمەن دەيدۇ، ھەرگىز بىر - بىرىگە ئۆتۈنمەيدۇ، ھەتتا دۈشمەنلىشىدۇ، ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ بىر - بىرىنى چاقىدۇ، ئۇ كەلسىمۇ، سېنىڭ توغرا، چىڭ تۇر، دەيمەن. بۇ كەلسىمۇ، سېنىڭ توغرا، چىڭ تۇر، دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توختىماي ئېلىشىپ، ھەر ئىككىلىسى مېنى ئۆزلىرىگە شەپقەتچى خۇدا دەپ بىلىدۇ . . . مەن يۇرتنى ئەنە شۇنداق سورايمەن . . .» .

خان بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ياڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «بۇ ناھايىتى ياخشى چارىكەن. يۇرتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى چارىسىكەن. سەن ئالتۇندىنمۇ قىممەت بۇ چارە - تەدبىرىڭنى دەرھال يېزىپ چىق! باشقىلارمۇ ئۆگەنسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن «خان ئوردىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنى يېزىپ، شىنجاڭنى باشقۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.①

ياڭ زېڭشىن «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ، 1915 - يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىغان شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالى بايان قىلىنغان دوكلاتتا يوپۇتمايلا، «شىنجاڭدا مائارىپنى باشقۇرۇش ئىنتايىن قىيىن»

---

① «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» (2) دىن ئېلىندى.

دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرى سۈپىتىدە، بىرىنچىدىن، خىراجەت قىس، ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيدۇ، ئۈچىنچىدىن، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى كەمچىل، تۆتىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس، دەپ كۆرسەتكەن[①]

قىسقىسى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مەرىپەت مەشئەللىرى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يەتتە يىل ئىچىدە ناھايىتى ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن. شۇڭا بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ قەيىرىدىلا بولمىسۇن كۈنسېرى روناق تېپىپ گۈللەنگەن مەكتەپتىن بىرەرسىمۇ بولمىغان. بەزى مەكتەپلەر ئېچىلىپ، بىر ـ ئىككى يىل ئۆتمەيلا تاقىلىپ قالغان. بەزى مەكتەپلەر تاقىلىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ ـ كۆلەمدە راۋاجلىنالمىغان. تاشاخۇنوم ئاچقان «تاشاخۇنوم مەكتىپى» مۇ 1913 ـ يىلى تاقىلىپ قالغان، ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» (سىنىپى) مۇ بىر قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ تاقىلىپ قالغان. تېجەندىكى قۇناجىم ئاچقان «ئاق مەيدان مەكتىپى» مۇ بىرنەچچە يىل داۋاملىشىپ تاقىلىپ قالغان. ئاتۇش تەۋەسىدە پەقەت «ھۈسەينىيە مەكتىپى» لا بىر ئىزدا داۋاملاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى «ئاق مەيدان مەكتىپى» نىڭ تاقىلىپ قېلىشى بىلەن ئوقۇشسىز قالغان. بۇ ئۇنىڭ ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلاردىكى چاغلىرى بولۇپ، بىلىمگە، تەربىيىگە ئىنتايىن موھتاج مەزگىلى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنى بىلىمگە، تەربىيىگە ئىگە قىلغۇدەك يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، دىنىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان نەۋائى، خوجا ھاپىز شىرازى، شەيخ

---

① لىيۇ جىشاۋ. «ئۇيغۇر تارىخى» 2 ـ توم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 2 ـ توم، 471 ـ بەت.

سەئىدى، ئەھمەد يەسەۋىي، مەشرەپ قاتارلىق شەرق مۇتەپەككۇر شائىرلىرىنىڭ دىۋانلىرىنى بىرىلىپ ئوقۇغان.

ئەسلىدە مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتتىمۇ بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىلغان بولۇپ، ئۇزاق داۋاملىشالماي تاقىلىپ قالغانىكەن.

1887 - يىلى بۇيامەتلىك ياقۇپ ئاخۇن دېگەن كىشى ئوغلى ئارپىنى، ئىسمائىل ئاخۇن دېگەن كىشى ئوغلى ئابدۇراخماننى، ھىلال ئاخۇن دېگەن كىشى ئوغلى مۇھەممەتنى ئېلىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن روسىيىگە ئۆتۈپ تاشكەنتكە بارىدۇ. تاشكەنت شەھرىدە سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئاتۇش بۆگەنلىك ھالاۋىدىنباي دېگەن كىشىمۇ ئون توققۇز ياشلىق ئوغلى ئىمىننى بىرگە ئېلىپ، ياقۇپ ئاخۇن باشلىق ھەج سەپىرىگە ماڭغانلارغا قوشۇلۇپ، قارا دېڭىز بىلەن تۈركىيىگە ئۆتۈپ، تۈركىيىدىن ئەرەبىستانغا بارىدۇ، شۇ يىلى بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاجى بولىدۇ. ئۇلار ھەج پەرىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۈركىيىگە قايتىپ كېلىپ «زىيارەت ھەم تىجارەت» قىلىش مەقسىتىدە، تۈركىيىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلار تىجارەت قىلىش جەريانىدا، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ سودا قىلىدۇ. بۇ ھاجىلار بارغان يەرلىرىدە، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، كوچىلاردا بالىلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، تەرتىپ - ئىنتىزاملىق بۇ بالىلارنىڭ خۇشال - خۇرام ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى، بۇ دۆلەتلەردىكى ئىش - ئوقەتلەرنىڭ ئاجايىپ روناق تېپىپ، شەھەر - بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىپ، زامانىۋىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشىدۇ. دېمەك، بۇ دۆلەتلەر ھاجىلارغا چوڭ تەسىر بەرگەن.

ئۇلار ئۆزئارا سىلىشتۇرۇشۇپ، ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى ۋە مۇنازىرىلەرنى قىلىشقان.
ھاجىلار تۈركىيىدىن يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا، ياقۇپ ھاجى سەپەرداشلىرىنى چاقىرىپ، مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، ئاڭلاپ بېقىڭلار، دەپ سۆز باشلىغان. ئۇ: «بىز يۇرتتىن ئايرىلغانغا خېلى كۆپ ۋاقىت بولدى. بىز ئۆز سەپىرىمىزدە كۆپ جايلارنى، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردۇق، قىسقىسى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردۇق. بىز ئۇلارنىڭ تەرەققىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىدىن ھەيران قالدۇق. مەن تۈركىيىدە بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلاردىن قالاقلىقتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، زامانىۋى بىلىمگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ داۋاملىق قۇل بولۇپ، نادان، قالاق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە، يېڭى يول، يېڭى چارە ۋە ئاماللارنى تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ بالىلىرىمىزنى يېڭى بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم. لېكىن ھازىر بىزدە بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار يوق. مېنىڭ ئويۇم: بىرقانچىمىزنىڭ ئېلىپ چىققان بالىلىرىمىزنىڭ يېشى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان. شۇڭا ئۇلارنى تۈركىيىدە قالدۇرۇپ، ئوقۇسۇن دېسەك، بىرەر نەرسە ئۆگىنەلمەسلىكى مۇمكىن. كۆپچىلىككە مەلۇم، ھالاۋىدىن ھاجىنىڭ ئوغلى ئىمىن ھاجى ئەمدى يىگىرمە ياشقا توشۇۋاتىدۇ. تازا قىران ۋاقتى، ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان ۋاقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىگىتنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى دۇرۇس، زېھنى ئۆتكۈر، چېچەن يىگىت. ئەگەر ھالاۋىدىن ھاجىم ماقۇل كۆرسە،

مەن ئىمىن ھاجىنى تۈركىيىدە قېلىپ ئۈچ ـ تۆت يىل ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، زامانىۋى بىلىملەرنىڭ ئەھلى بولۇپ، ئۇستاز بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، يۇرتقا بارغاندا، يۇرتىمىزدا يېڭى مەكتەپ ئېچىپ بەرسەك، يۇرتداشلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىسە، ئۇلارمۇ زامانىۋى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇپ، كۆزى يورۇپ قالسا، بىزدىن ئاللامۇ، خەلقىمىزمۇ رازى بولامدىكى دەيمەن» دېگەن. ياقۇپ ھاجىمنىڭ مەسلىھەتى ھاجىلارنى ئويغا سېلىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار «ھالاۋىدىن ھاجىم نېمە دەركىن؟» دەپ ئۇنىڭغا قاراشقان. ھالاۋىدىن ھاجىم: «خەلقىمىزنى نادانلىقتىن، قالاقلىقتىن، مەدەنىيەتسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلىمىز، ۋەھالەنكى، بۇ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەك مۇشكۇل ئىش. مېنىڭ بالام تېخى كىچىك، سىلەرنىڭ ئويلىغان يېرىڭلاردىن چىقالماي قالسا، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار. . . » دېگەن. ھاجىلار: «بىز بىر يىلدەك سەپەرداش بولدۇق. بىز ئوغلىڭىزنى كۆردۇق، ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ياخشى، غەيرىتى ئۇستۇن، تىرىشچان، دىتى بار، ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ھاجىلار ئىمىن ھاجىمنىڭ ئوقۇشىغا، تۇرمۇشىغا يېتەرلىك پۇلنى تەڭ چىقىرىشىپ جەملەپ بەرگەن. ياقۇپ ھاجى بىلەن ئىسمائىل ھاجى ئۇقۇشۇپ بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تاپقان. مەكتەپ مۇدىرى ھاجىلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىمىن ھاجىنى يارامىلىق مۇئەللىم قىلىپ تەربىيىلەپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن.

كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھاجىلار تۈركىيىدىن ئايرىلىپ، قارا دېڭىز ئارقىلىق يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار قايتقىچە،

قازان، موسكۋا، ئوپا، تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەردە زىيارەت ھەم تىجارەتتە بولۇپ، ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

ئىمىن ھاجى تۈركىيىدە بەش يىل ئوقۇپ، ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، 1893 ـ يىلى ساق ـ سالامەت ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. شۇ يىلى كۈزدە، بۇيامەت كەنتىنىڭ قورغان مەھەللىسىدىكى لەنگەر مەسچىت يېنىدا،[①] ياقۇپ ھاجى قاتارلىق بايلار بىرلىشىپ بىر سىنىپلىق مەكتەپ سالغان. بۇ مەكتەپتە يىگىرمە تۆت ياشلىق ئىمىن ھاجى مۇئەللىم بولۇپ، بۇيامەت، بۆگەن كەنتلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئازاق، تېجەن كەنتلىرىدىنمۇ ئوقۇغۇچىلار كەلگەن. مەكتەپتە ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلار بىرگە ئوقۇغان. ياقۇپ ھاجى قىز نەۋرىسى ھاشىخان بىلەن رابىخاننى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلغان. بالىلىرىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تۇنجى يىلىلا ساۋاتلىق بولۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ بەك رازى بولۇشقان. لېكىن مۇتەئەسسىپ ئىدىيىدىكى بەزى كىشىلەر «بالىلىرىمىزنىڭ ئىمانى سۇسلاپ كېتىدىغان بولدى» دەپ گەپ تارقىتىپ، مەكتەپنى تاقىۋېتىشمەكچى بولغان. لېكىن ياقۇپ ھاجى قاتارلىق كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمىغان. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەن. مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «ئۇنداق بولسا، بۇ مەكتەپتە دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىمدىنمۇ بىرسى بولسۇن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ھېسامىدىن خەلپەت دېگەن كىشى دىنىي دەرس مۇئەللىمى بولغان. ئەپسۇسكى، يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېسامىدىن خەلپەت ئىستېپا بېرىپ، جامائەتكە: «ئىمىن ھاجىنىڭ پەننىي

---

① بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى ھازىرقى ئازاق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىنىڭ ئارقىسىغا توغرا كېلىدۇ.

بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، دىنىي سەۋىيىسىمۇ مەندىن نەچچە چەندان يۇقىرى ئىكەن، مەن مۇئەللىم بولالمىغۇدەكمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئىمىن ھاجى مەكتەپنى ئۆزى يېتەكلەپ مېڭىۋەرگەن. لېكىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە شىكايەت قىلىۋېرىپ، ئاخىرى بۇ مەكتەپنى تاقاتقۇزۇۋەتكەن. ياقۇپ ھاجى قاتتىق غەزەپلىنىپ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان ھەمدە ئىمىن ھاجىنى ئېلىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ بەدەل داۋىنى ئارقىلىق قارا قولغا ئۆتۈپ، يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەتكەن. ئىمىن ھاجى ئالمۇتانىڭ تالدى قورغان دېگەن يېرىدە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىگەن. ياقۇپ ھاجى بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، 1901 ـ يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. [1]

ياقۇپ ھاجى ئاچقان مانا شۇ مەكتەپ بولغان بولسا، مەمتىلى ئەپەندى ھەرگىزمۇ ئوقۇشسىز قالمىغان بولاتتى. شۇڭا، مەمتىلى ئەپەندىگە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلگەن.

ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەمتىلى ئەپەندى يېشى چوڭىيىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان. يېشىغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئەقىل كىرىپ، ئوي ـ خىياللىرى كۆپىيىشكە، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۈچىيىشكە باشلىغان. ئۇ تەمبۇر چېلىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا، ناخشا ئېيتىشقا ماھىرلىقى، سۆزگە

---

[1] بۇ بايانلار ئابدۇكېرىم مەخمۇتوپ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى. ئابدۇكېرىم مەخمۇتوپ ئەپەندىنىڭ ئىزاھاتىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشلارنى 1982 ـ يىلى ياقۇپ ھاجىنىڭ يەتمىش ئالتە ياشقا كىرگەن چەۋرىسى ئابدۇقادىر ئەخمەت ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن.

چىۋەرلىكى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى بىلەن يۇرتىدىكى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئابروي — ئىناۋەتلىك يىگىت بولۇپ قالغان.

مەمتىلى ئەپەندى شۇ كۈنلەردە يۇرتى بۇيامەتتىكى ئاغىنىلىرىنى، تەڭتۇشلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۇستازى ئەھمەت كامال ئۆگەتكەن ئۇسسۇل ۋە ساۋاقلار بويىچە تەربىيىلەشكە باشلىغان. ئۆزى قارا دوسكا ياساپ، بوستانلىقتىكى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، باللارنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئېلىپبە ۋە ھېساب ئۆگەتكەن، ئەھمەت كامال ئەپەندى ئۆگەتكەن ناخشىلارنى ئۆگەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى ھەر خىل ئاماللار بىلەن بۇ «ئوقۇغۇچىلىرى»نى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى خېلىلا مۇنتىزىم ھالەتكە يەتكۈزگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا كوماندا بېرىپ، چوڭ ئېتىزدا مەش دەسسەتكەن. باللار مەمتىلى ئەپەندى «ھۆرمەت قەدەم بىلەن باس!» دەپ كوماندا بېرىشى بىلەن تەڭ، سول قولىنى بېلىگە تىرەپ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، قىسقا قەدەم بىلەن تىزىنى پۈكۈپ، پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەرگە چىڭ دەسسەپ، تەكشى گۈپۈلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ، بېشىنى يانغا بۇراپ، بەدىنىنى تىك كۆتۈرۈپ مەش دەسسىگەن. ئاندىن رەتلىك تىزىلىپ، تەكشى ھالدا گىمناستىكا ئوينىغان. ئاخىرىدا ھەرخىل ئەنئەنىۋى باللار ئويۇنلىرىنى ئوينىغان.

مەمتىلى ئەپەندى «ئوقۇغۇچىلىرى» بىلەن بۇنداق پائالىيەتنى ئېلىپ بارغان چاغلاردا، يىراق - يېقىندىن، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئاياللار يىغىلىپ، بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەۋەسلىنىپ كۆرىدىغان بولغان. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى «بالا ئەپەندى» دەپ تەرىپلەشكەن.

دىمەك، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشكىللەش جەھەتتىكى

تالانتى ئاشۇ چاغلاردىلا نامايان بولغان. ئۇنىڭ قوشاق قېتىش، شېئىر يېزىش قابىلىيىتىمۇ ئاشۇ يىللاردا نامايان بولغان. ئۇ ئۆزى توقۇغان بەزى قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ، «ئوقۇغۇچىلىرى»غا ئۆگەتكەن. مەسىلەن، شۇ ۋاقىتتىكى بەزى زىددىيەت ۋە روھىي - ھالەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

ئاركاداشلار توپلىنىپ بىز
دىلغا ئىلىم تولدۇرۇپ،
يۈكسىلەيلى ئەمدى ئالغا
خەلقىمىزنى ئويغىتىپ،

بىزگە توسقۇن قارا كۈچلەر
ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ،
كۆيدۈرەيلى ئاسارەتنى،
ھەممىمىز تەڭ قوزغىلىپ.

دېگەندەك ئاددىي ناخشىلارنى يېزىپ، بالىلارغا ئۆگەتكەن.

شۇ ۋاقىتتىكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، مەمتىلى ئەپەندىگە «ئوقۇغۇچى» بولغان ئابدۇل ئىسىملىك بىر كىشى 1935 - يىلى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۈگىمەنلىقتىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ بوپامەتكە تەقسىم قىلىنغان ئابدۇراخمان سەمەرگە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۇ چاغدىكى پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ بەرگەن ھەمدە «مەمتىلى ئەپەندى شۇ چاغلاردىلا بىر پارچە ئوت ئىدى، پۈتۈن بوپامەتتىكى ياش بالىلار ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىغا يىغىلىدىغان، كۈن بويى شۇ

يەردىن كەتمەيدىغان» دەپ ئېيتىپ بەرگەن.[1]

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى باھاۋۇدۇنباينىڭ قولىقىغا يەتكەن، ئۇ كىشى ئون نەچچە ياشلىق بۇ يىگىتنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان. ھەتتا، بۇيامەتتىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلغان مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، بىر قېتىم ئاتقا مىنىپ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىغا جۈمە نامىزىنى ئوقۇغىلى ماڭغاندا، ئاتايىتەن بۇيامەتكە كېلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنى ئېلىپ جۈمە نامىزىغا بىللە بارغان. شۇنىڭ بىلەن بۇيامەتتىكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا يامان سۆزلەرنى قىلىشقا، ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشقا پېتىنالمايدىغان بولغان.

شۇنىڭ بىلەن، مەمتىلى ئەپەندى تېخىمۇ دادىللىشىپ، كەچ كۇرس تەشكىللەيدۇ. «ياشلار، كەمبەغەل دېھقانلار مەمتىلى ئەپەندىنى قوللىغانلىقتىن، كەچ كۇرستا ئادەم كۆپىيىپ كېتىدۇ. كەچ كۇرس ھەر كۈنى تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلىپ، كۇرستىكىلەر ناخشا ئوقۇيدۇ، ھېكايە ئاڭلايدۇ، كونسېرت، ئويۇنلارنى كۆرىدۇ. ھۆپىگەرلەر يىغىلىپ، مەيدان ئاۋاتلىشىپ، ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىق بىر ھايات ھاسىل بولۇپ، خەلق خوشاللىققا چۆمىدۇ. مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار توختاجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەمتىلىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولىدۇ. ئۇلار ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزلىرىگە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئاتۇش بېگىگە، يۇرت چوڭلىرىغا،

---

[1] بۇ بايانلار ئابلىكىم زوردۇننىڭ «ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

شائيۇلارغا پارە بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. . . . مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە چۈشەنگەن توختاجى ئۆز ئوغلى مەمتىلىنى بېشىغا كېلىدىغان پىشكەللىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1920 ـ يىلى يۇرتىدىن ئەپچىقىپ كېتىپ، ئىلى، بورتالا ۋە چۆچەككە بېرىپ، شۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىدۇ.»[1]

مەمتىلى ئەپەندى ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى «تاغ ئارقىسى»غا قىلىنغان بۇ سەپەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ خاسىيەتلىك سەپەر بۇگۈنكى يۈكسەكلىكتىن ئېيتقاندا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ XX ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ئالىمىدىكى ئەڭ پارلاق مەرىپەت يۇلتۇزى بولۇشىغا ئاساس سالغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئانا يۇرتى ئاتۇشتىن شۇ ئايرىلغانچە، توپتوغرا ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەلگەن.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نېمە سەۋەبتىن دادىسى بىلەن شىمالغا سەپەر قىلغانلىقى توغرىسىدا يەنە بەزىلەر، مەمتىلى ئەپەندى «ئاخۇن دادىسى» (تاشاخۇنۇم جەمەتىگە تەۋە بارلىق باللار تاشاخۇنۇمنى «ئاخۇن دادا» دەپ ئاتىشىدىكەن) نىڭ تەڭگە پۇل ۋەقەسىدە توھمەتكە ئۇچرىغانلىقىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئىش تېرىپ قويغىلى تاس قېلىپ، قەشقەر دوتيىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغاچقا، دادىسى توختاجى بالىسىدىن ئەنسىرەپ تۇغقان يوقلاشنى باھانە قىلىپ، ئۇنى «تاغ ئارقىسى»غا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ.

---

[1] ئابدۇكېرىم ماخمۇتوپنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىغا قاراڭ.

مىنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە، مەمتىلى ئەپەندىنى تاشاخۇنۇمغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى تۈپەيلى «تاغ ئارقىسى»غا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان دېگەن قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقتەك قىلىدۇ. بۇنىڭغا تاشاخۇنۇمنىڭ سودا ھاياتىدىكى جەريانلاردىن ئاساس تېپىش مۇمكىن.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىشنىڭ ھارپىسىدا، شىنجاڭدا «گېلاۋخۇي» چىلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ۋشمۇ نۇشتا يۈز بەرگەنىدى. ياڭ زېڭشىن نەخنىكە چىققاندىن كېيىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان بارلىق قىزىللىق ـ شۇملۇق رىسالىلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ھاكىمىيەتكە تارشى بارلىق كۈچلەرنى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن بېسىقتۇرغان. شۇ قاتاردا «گېلاۋخۇي» چىلارنىمۇ تېنجىتقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تاشاخۇنۇمنى «گېلاۋخۇي»غا قاتنىشىپتۇ، دېگەن باھانە بىلەن تۇتماقچى بولغانىكەن. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان تاشاخۇنۇم دەرھال روسىيىگە قېچىپ كەتكەن. ئۇ، شۇ چىقىپ كەتكىنىچە، روسىيىنىڭ تۈركىستان رايونى، موسكۋا، سانكت ـ پېتربۇرگ قاتارلىق جايلىرىدا ۋە فىنلاندىيىدە بولۇپ، جەمئىي ئۈچ يىلغا يېقىن تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىشى ئۇنىڭ خەلقئارالىق سودا ـ تىجارەتتە روناق تېپىشى، ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى، ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋى مائارىپى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، نەزەر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بولۇپمۇ ئۇ زۇلۇم ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مىللىي سانائەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 1915 ـ يىلى، ئەرمەن مىللىتىدىن بولغان ياقۇپ

دېگەن ئىنژېنېرنى (ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ياكوۋ بولۇپ، كىشىلەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئۇنى «ياقۇپ» دەپ ئاتىشىپ ئادەتلەنگەن) ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ «ياقۇپ ئەرمىنى» بىلەن شېرىكلىشىپ، يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرغان. بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى يۈزگە يېقىن ئىشچى ئىشلىگەن. بۇ سەرەڭگە زاۋۇتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلۇپ، تىجارىتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان.

تاشاخۇنوم شۇ قېتىم روسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن خام كۆمۈشنى قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەڭگە پۇل قىلىپ قۇيدۇرغان. بۇ تەڭگە پۇل «تاشاخۇنومنىڭ تەڭگىسى» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر تەۋەسىدە يۇقىرى ئابرۇي قازانغان. چۈنكى، ياڭ زېڭشىننىڭ تارقاتقان پۇلى قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن پۇل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، رايونلار ئارا پەرقلىق بولغاچقا، خەلققە ناھايىتى زور قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغان. مۇشۇنداق بولغاچقا، تاشاخۇنوم قۇيدۇرغان تەڭگە پۇل قەشقەرنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا زور ئۈستۈنلۈك قازانغان.

ئىگىلىكى كۈنسېرى گۈللەنگەن تاشاخۇنوم يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرغاندىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قەشقەردە سۇ چىغىرىقى بىلەن ئىشلەيدىغان بىر پاختا زاۋۇتى، ئاتۇشتا قول ھۈنەرۋەنلەر شىركىتى قۇرۇپ. ئاق ماتاغا گۈل بېسىشنى ئىجاد قىلىپ، شاتاۋار ئىشلەپ چىقارغان ھەمدە 1920 - يىللىرى ياۋروپادىن تۆت ماشىنا كىرگۈزگەن.

1920 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سودا ھاياتىدا ئۈچ چوڭ كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەن. بىرى، «ياقۇپ ئەرمەنى»نىڭ خىيانەت قىلىشى ۋە تاشاخۇنومنىڭ سەرەڭگە

زاۋۇتىغا مەسئۇل ئوغلى مۇھىددىنىنىڭ يەكەندە پۈتكۈل قەشقەرگە پۇر كەتكەن ھەشەمەتلىك توي ئۆتكۈزۈشى بىلەن، سەرەڭگە زاۋۇتىدا زىيان كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغان. يەنە بىرى، «تاشاخۇنۇمنىڭ تەڭگىسى» نىڭ كورسى بىردىنلا چۈشۈپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى بازاردا يالغان «تاشاخۇنۇم تەڭگىسى» كۆپىيىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، تاشاخۇنۇمنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرويى ۋە ئىقتىسادى قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغان. «مەمتىلى ئەپەندى تاشاخۇنۇمغا زىيانكەشلىك قىلغانلار بىلەن تۇتۇشماقچى بولغان، توختاجى ئوغلىنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇڭا تاغ ئارقىسىغا سەپەر قىلغان» دېگۈچىلەر مۇشۇ قېتىمقى «يالغان تەڭگە» ۋەقەسىنى نەزەردە تۇتقان. ئەپسۇسكى، مەمتىلى ئەپەندى قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، چۆچەكتە ئىدى. «يالغان تەڭگە» ۋەقەسى بولسا، بۇ پاجىئەدىن كېيىن بولغان. بۇ قېتىمقى تاشاخۇنۇمنى ۋەيران قىلغان «يالغان تەڭگە» ۋەقەسىنىڭ سىرى 1937 ـ يىلى ئېچىلغانىكەن. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان. 1937 ـ يىلى ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدا، شېڭ شىسەي پۈتكۈل شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان بىرىنچى قېتىملىق باستۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق زىيالىيلىرىنى، نوپۇزلۇق ئاقساقاللىرىنى، ئەقىل ـ ئىدراكلىك كىشىلىرىنى قولغا ئېلىپ باستۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق بايلىرىنىمۇ قولغا ئېلىپ باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. بۇنىڭدا مۇنداق سەۋەب بار ئىدى:

سوۋېت ئىتتىپاقى 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، شىنجاڭنىڭ ئەنگلىيە ياكى ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قېلىشى ياكى ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىشىدىن

ئەنسىرەپ، شىنجاڭغا ھەربىي ئارىلىشىش ۋاستىسىنى قوللانغان. «1933 ـ، 1934 ـ ۋە 1937 ـ يىللىرى سوۋېت قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرىپ، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسيانلارنى باستۇرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغانىدى.»①

«شېڭ شىسەي ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرغان بۇ ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، تاشقى ياردەمنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن»② ھەمدە ستالىننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. نەتىجىدە، «1934 ـ يىلى موسكۋا شېڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ۋە سانائەت ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، بەش يىللىق مۇددەت بىلەن، بەش مىليون رۇبلى قەرز بەرگەن.»③ «1935 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۆزئارا ياردەملىشىش توختامىغا قول قويۇلۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى توختام بويىچە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تۆت مىليون ئالتۇن سوم (تىللا) قەرز بەرگەن.»④ شېڭ شىسەي بۇ پۇللار بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك مۇستەھكەملىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ستالىنغا بۇنچىۋالا كۆپ قەرزنى قانداق قايتۇرۇشنى بىلەلمەي ئەنسىرەپ قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ستالىن شېڭ شىسەيگە ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ باش قېتىمچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھەل قىلغان. يەنى «شېڭ

---

① جون. ۋ. گارۋېر. «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 366 — بەت.
② «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» 365 ـ ۋە 366 ـ بەت.
③ «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» 365 ـ ۋە 366 ـ بەت.
④ سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» 1 ـ قىسىم، 361 ـ بەت.

شىسەينىڭ مەھكىمىسىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىندا قەرز بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇشقا ئۈندىگەن. شېڭ شىسەي بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەملىشىشكە ئادەم تەكلىپ قىلىپ، شۇ قېتىمقى ‹سىنىپىي كۈرەش›نى ئېلىپ بارغان. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ياكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامالغان».[1]

ستالىن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بۇ پىلاننى يولغا قويۇشى بىلەن، 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئۇيغۇرلار بىلىملىك، كۆز قارىچۇغىدەك زىيالىيلىرىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن مەشھۇر بايلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان. مانا مۇشۇ بايلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرلىك مەشھۇر زەرگەر ھامۇت قازى دېگەن كىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ قولغا ئېلىنىپ، مال - مۈلكى تولۇق مۇسادىرە قىلىنغان. ئەنە شۇ ھامۇت قازىنىڭ مال - مۈلكى ئىچىدىن پۇل قۇيۇشتا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن قېلىپ ۋە سايمانلار چىققان. شېڭ شىسەينىڭ سوراقچىلىرى بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ھامۇت قازى ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن، «يالغان تاشاخۇنۇم تەڭگىسى» قۇيۇپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقىنى ۋە رۇسلارغا مايىل تاشاخۇنۇمنى پالاكەتكە يولۇقتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن.

تاشاخۇنۇمغا كەلگەن ئۈچىنچى پالاكەتچىلىككە كەلسەك، تاشاخۇنۇمنىڭ ئىگىلىكى خاراب بولۇشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ

---

① «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» 367 - بەت.

ئىككى ئوغلى — مۇھەممەدىن بىلەن ھىلالىدىن روسىيىگە چىقىپ ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تىجارەت قىلماقچى بولۇپ، بىر ئافغان سودىگەر بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۇنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىققان. ئەپسۇسكى ئۇ تېرە - ئۈچەيلەر ئۇ يەردە ئەتكەس مال ھېسابلىنىپ، پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغان. ئۇلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلەلمىگەن. نەتىجىدە، ھېلىقى ئافغان سودىگەرنىڭ زىيىنىنى تاشاخۇنۇمنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە توغرا كەلگەن. تاشاخۇنۇم يەكەن ۋە قەشقەردىكى ئۆي - جايلىرىنى ھەم ئىلكىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ساتقان بولسىمۇ، راسلىغان پۇلى قەرزنى بويلىمىغان. ھېلىقى ئافغان قەشقەر دوتىيى ما شاۋۇۋغا ئەرز قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، يامۇلدىن تاشاخۇنۇمنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم كەلگەن. تاشاخۇنۇم ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۈچ - تۆت ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، 1928 - يىلى يوشۇرۇنچە ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. پۈتكۈل ئۆمرىنى ئىزدىنىش، قىزغىنلىق، باتۇرلۇق، مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇ مەشھۇر زات 1929 - يىلى ھۈسەيىنباينىڭ قورۇسىدا (ھازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئورنى) ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ، مەڭگۈلۈك ئارام تاپقان. ئۇ 1926 - يىلى قازا قىلغان ھۈسەيىنباي بىلەن 1928 - يىلى قازا قىلغان ئۇلۇغ زات باھاۋۇدۇنبايلار دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.[1]

قىسقىسى، مەمتىلى ئەپەندى قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دادىسى بىلەن شىمالغا سەپەر قىلغان. ئۇلار

---

① تاشاخۇنۇمنىڭ جەسەت سۆڭكىنى 1990 - يىللارنىڭ بېشىدا كېلىنى ئايىم ئەزىزى ئاتۇش ۋاق — ۋاقتا يۆتكەپ، «تاشاخۇنۇم مەكتىپى»نىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان.

مەنزىللەردىن مەنزىللەرگە ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى بورتالاغا يېتىپ بارغان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ چاغلاردا يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولۇپ، ۋۇجۇدىدا ياشلىق تۇيغۇلىرى تاشقىنلاپ تۇراتتى، قەلبىدە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ قاتمۇقات مۈشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەن قىسمەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى ئوت بولۇپ يېلىنجايتتى. ئۇ، مىللىي زۇلۇمنىڭ ۋە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئېگىراۋاتقان خەلقنىڭ رېئال ئەھۋالىغا قاراپ پۇچۇلىناتتى. ۋەتىنىنىڭ، مىللىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىياللارنى سۈرەتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى. ھەر بىر سۆزىدىن ۋە ئاتۇشتىن بىللە ئېلىپ چىققان قەدىردان تەمبۇرىدىن ئۆزگىچە بىر مۇڭ ۋە ئىستەك تۆكۈلەتتى...

مەمتىلى ئەپەندى بورتالاغا بېرىش سەپىرىدە كۆرگەن سايرام كۆلى ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر شېئىرىي ھاياجان قوزغاپ، ئىلھام چاقمىقىنى چاققانىدى. چۈنكى مەمتىلى ئەپەندى شائىرغا خاس بەدىئىي دېتى بىلەن، سايرام كۆلىدىن ئاجايىپ بىر سىمۋوللۇق ھالەتنى بايقىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سايرام كۆلىگە قاراپ:

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن، ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار،
ئۇمتۇلىسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.

دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى توقۇغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى دادىسى بىلەن بورتالادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، غۇلجىغا بارغان. ئۇ يەردىمۇ ئانچە ئۇزۇن تۇرماي، چۆچەككە قاراپ يول ئالغان. ئەينى چاغدا چۆچەكتە

ئاتۇشلۇقلار ناھايىتى كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا ھەم چۆچەكنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا قويۇقراق بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندى شۇ يەردە ماكانلاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى چۆچەككە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ياشلار ئارىسىدا ئابروي — ئىناۋەتلىك بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ تەمبۇر چېلىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغانلىقى، شېئىر يازالايدىغانلىقى، گەپ - سۆزىنىڭ ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ جايىدىلىقى، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مىجەز خاراكتېرىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى، بىلىم - سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، بىر نەچچە خىل ھۈنەرنى بىلىدىغانلىقى بىلەن چۆچەك ياشلىرىنىڭ گۈلىگە ئايلىنىپ قالغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاشنى، ھالال مېھنىتى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئىنسانىي قەدىر قىممىتىنى ساقلاشنىڭ بىرىنچى ئامىلى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ھەم تىرىكچىلىك قىلىشقا، ھەم ياشلار بىلەن باش قوشۇشۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى كۆزلەپ، مەقسەتلىك ھالدا بىر ساتىراشخانا ئاچقان. ①

شۇنىڭ بىلەن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ساتىراشخانىسى چۆچەكنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلىرى يىغىلىپ تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىدىغان ئەركىن پاراڭ سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان.

---

① مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بەزى شاگىرتلىرى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى ساتىراشخانا ئاچقان ئەمەس. ساتىراشخانا ئاچقان كىشى ئاتۇش مەشھەدلىك ھامۇت ھاجى دېگەن كىشى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى بۇ كىشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، دېيىشىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى بۇنداق پۇرسەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا، پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى قايسى تېمىغا يۆتكەشنى، ياشلارنىڭ قەلبىگە قايسى خىلدىكى ئوتنى تۇتاشتۇرۇشنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ساتىراشخانىسى چۆچەكتىكى ئەركىن پىكىرنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندى چۆچەكلىكلەر ھۆرمەتلەيدىغان، تەربىيىنى قىلىشىدىغان خاسىيەتلىك يىگىت بولۇپ قالغانىدى.

شۇ يىللاردا چۆچەكتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئابرويلۇق تاتار ئالىمى مۇرات ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئالايىتەن ئۆزى كېلىپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سىرداشلاردىن بولۇپ قالغان.

مۇرات ئەپەندى دىنىي ۋە پەننىي بىلىمدە توشقان ئادەم بولۇپ، ئەسلى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ «ئۆكتەبر ئىنقىلابى»غا بولغان قارشى باشقىچە بولغاچقا، روسىيىدە تۇرۇۋېرىشنى راۋا كۆرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن، تۇرپانلىق مەشھۇر سودىگەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھىتىنىڭ[1] ياردىمىدە، شىنجاڭغا كېلىۋالغان. 1930 - يىللارغىچە چۆچەكتە، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئاستانىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مۇرات ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتى مەمتىلى ئەپەندىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور پايدا ئېلىپ كەلگەن. چۈنكى بىلىم تەشنالىقى ئېشىپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىگە نىسبەتەن مۇرات ئەپەندىدەك بىر ئالىمنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىش ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى.

---

[1] مەخسۇت مۇھىتى — (1885 ـ 1933) تۇرپان ئاستانىلىق مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر ۋە ئىنقىلابچى.

1924 - يىلىنىڭ ئاخىرى چۆچەككە يۈرەكنى پارە - پارە قىلىدىغان بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەن. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەر، مىللەتپەرۋەر ياشلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشقان.

بۇ شۇم خەۋەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترىگەن، يۈرىكى جۇدالىقتىن پۇچىلانغان، مەمتىلى ئەپەندى قولىغا ئىسيانكار قەلىمىنى ئېلىپ، غەزەپ - نەپرەتنى ۋە قايغۇ - ھەسرىتىنى مىسرالارغا ئايلاندۇرۇپ، «ئوقۇدى — ئاشتى» دېگەن غەزەلنى يېزىپ، سەتىراشخانىسىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويغان. قەلبىنى جۇدالىق جاراھىتى قاپلىغان كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىشىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ غەزىلىنى ئوقۇشقان:

ئوقۇدى — ئاشتى باشقىلار بىزدىن، ئەي قەدىردانلار،
كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قايىنار ۋىجدانلار.
ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇرلەر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئۇممەتلەر.
ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامىنى بىلگەن ئالىملار،
ئەخلاقىنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار.
رىشۋە[1] بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلەر،
بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلەر.
ئويلاڭلار! زاكات-ئىسقات كىملەرنىڭ ھەققى، كىملەر ئالۇرلەر؟
نى - نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچرە پىنھان قالۇرلەر.
قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر،

---

① رىشۋە، رىشۋەت — پارە.

تەربىيىسىز، ئوشۇق ئويناپ، نىشە تارتۇرلەر.
مۇيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەرگە ئانچە ھېكمەتلەر،
ئەمىلىگە قارىتا بەردى ئاللا شانۇ شەۋكەتلەر.
ئوقۇيمىز — بىلمەيمىز، لىسانۇ ئەرەب مۇشكۇل تىلى بىزگە،
يادىكار قالغان يوق بىر نوكتە ھېكمەت ئۇلاردىن بىزگە.
مەرھۇم داموللا ئابدۇلقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نېمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن غەربىي ئاسىياغا تونۇلغان كاتتا ئالىم، ئۇستا ناتىق، ماھىر مۇنازىرىچى، مىللەتپەرۋەر مائارىپچى، تالانتلىق شائىر ۋە پاراسەتلىك ئۇستاز، شۇنداقلا يۈكسەك غۇرۇرغا ئىگە ئاز ئۇچرايدىغان ئىنسان بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر جەمئىيىتىدە ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولغان.

ئابدۇقادىر داموللام 1862 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك بىر مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.[1]

مەشھەد — قاراخانىلار خاقانلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تالانتى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان مەشھۇر خاقان — سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇنەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا كىشىلەر سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىس، خانىقالارنى بىنا

---

[1] بەزى تەتقىقاتچىلار ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە «ئوغلى ئابلىز مەخسۇم دادىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ھىجرىيە 1271 - يىلى (مىلادى 1854 — 1855 - يىللىرى) دەپ مەلۇمات بەرگەن» دېيىشمەكتە.

قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتنى مانا مۇشۇ مەشھەدتىكى «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسى»دە ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان ئۇردا ئىشىكىدىكى خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ مۇكەممەل مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇللەزىزخان» مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ جەرياندا، قۇرئان، ھەدىس، ئىلمىي تەجۋىد، ئاقائىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي مەنتىق، ھېساب دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاساسىي بىلىم جۇغلانمىسىنى پۇختىلىغان ھەمدە ئەرەب، پارىس، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. نەۋائى، خوجا ھاپىز، شەيخ سەئدى، سوپى ئاللايار، جالالىدىن رۇمى، خوجا ئەھمەت يەسەۋىي، ھۇۋەيدا، مەشرەپ، فۇزۇلى . . . لارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققان. فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان پەلسەپىسى بىلەنمۇ تونۇشۇپ، زامانىسىنىڭ ئەللامىسى بولۇپ يېتىلگەن.

ئابدۇقادىر داموللا بۇخارادىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، سەمەرقەند، ئوفا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. «ئاقائىد زەرۇرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» — داموللامنىڭ سەمەرقەند، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزگەن تۇنجى كىتابلىرى بولۇپ، بۇ كىتابلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى. ئابدۇقادىر داموللام ئانا ۋەتىنىگە قايتىشتىن ئىلگىرى، تاشكەنت، خوجەند، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولغان، 1907 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئۇتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىملار ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى جاھالەت تۇتەكلىرى قاپلىغان ئاسمىنىغا ۋە بۇ زۇلمەتلىك ئاسمان ئاستىدا ھايۋان كەبى نادانلىق ۋە قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئانا خەلقىگە قاراپ، چەكسىز ئېچىنىش تۇيغۇسىغا چۆمگەن، قەشقەر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە، چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئادەملىرىنىڭ تالان — تاراج قىلىشىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھاماقەت ۋە زالىم ئەمەلدارلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا خار ۋە زەبۇن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئەس باسقان بىچارە خەلقنىڭ قانداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى بىلمەستىن، ئۆزىنى قۇل قىلىۋاتقان ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇۋاتقان زالىم ئەمەلدارلارنى، ۋىجدانسىز مۇناپىقلارنى، نائىنساپ باي - زومىگەرلەرنى بېقىپ سەمرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق نەپرەتلەنگەن. ئۆسمۈر بالىلارنىڭ تەربىيىسىز قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئۆكۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قۇللۇقنىڭ زەنجىرىنى شاراقشىتىپ، نادانلىقنىڭ دەستىدە پايخان بولۇپ كېتىۋاتقان خەلقىگە: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم — مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم - مەرىپەت سايىسىدا، ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز، ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە

دائىم ئۇخلىماق — يوقىلىش ۋە ئۆلۈم بولىدۇ! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار.»[1] دەپ كۈچلۈك مۇراجەت قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئابدۇقادىر داموللام كونا مەكتەپلەرنىڭ رېئال ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە قىلچە ماسلاشمايدىغان دوگما تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا، پۈتۈنلەي ئەرەب، پارس تىلىدىكى دىنىي كىتابلارنى دەرسلىك قىلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشماستىن، چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ كىتابنى قارىغۇلارچە يادلىتىپ، قارىغۇلارچە تەكرارلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا، مۇئەييەن مۇددەتتى بولمايدىغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە چەك قويۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ۋە دەرسلىك قۇرۇلمىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇ تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ يازغان «سەرپ نەھۋى» («مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس»)، «تەھسىل ھېساب» (ھېساب ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (نىگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت»

---

① ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

(باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «بىدايەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «ھىدايەتى نەھۋى»، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «فاسايىھۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلار پەننىي مەكتەپلەرمۇ، دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئوخشاشلا قوللانسا بولىدىغان ئاممىباب دەرسلىكلەر ئىدى. شۇڭلاشقا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ دەرسلىك كىتابلىرى دەۋرداش ئالىم، مۇدەررىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. «يېڭىسارلىق نۇرھاجى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ دەرسلىك كىتابلىرىنى 1910 - يىلى باھاۋۇدۇنباينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان ‹مەنبەئى خۇرشىد، مەنبەئى نۇر› (قۇياش مەنبەسى، نۇر مەنبەسى) ناملىق تاش مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرۇپ، مەكتەپلەرنى بىر يۇرۇش دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىگەن». ① ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ دەرسلىك كىتابلىرى نەچچە ئون يىل تارىم ۋادىسىدىكى كونا - يېڭى مەرىپەت بۆشۈكلىرىنىڭ ئاساسىي دەرسلىكى بولۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىد ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرىلىك» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە، كۆزلىگەن نىشانىغا تولۇق يېتەلمىگەن. تەخمىنەن 1918 - يىلى، ئابدۇقادىر داموللام ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە بارغان. سەئۇدىي

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام ۋە ‹مىفتاھۇل ئەدەب›» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، مىسىرغا بېرىپ بۇ يەردىكى ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىلمىي سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەردە بولغان. بۇ قېتىمقى ئىلمىي ساياھەتتە ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەرەب ئالىملىرى ئارىسىدىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئابدۇقادىر داموللام قايتىش سەپىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلكىدىكى تۈركىستان زېمىنى بىلەن قەشقەرگە قايتقان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۇنىڭغا بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ۋە بەزىلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرغان. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئېڭىدا دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قاتارلىق نېگىزلىك مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە قاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ خەلق يەنىلا ھېچيەرنى كۆرمەي، ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت ۋە نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئويۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۈرەش نىشانىسى قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام ھەققانىيەتچىلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى، كاتتا ئالىملىقى ۋە توغرا سۆزلىكى بىلەن خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، قەشقەرنىڭ باش قازىسى بولۇپ سايلانغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ قازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ كېچىلىرى ھامماننىڭ كۈلىدە يېتىپ، كۈندۈزى تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان يېتىم بالىلارنى كۆرگەندە، ئۆز مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆشرە - زاكات، سەدىقە، ئېھسان، ئىسقاتتىن كەلگەن پۇللارنى يېتىم - يېسىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى ئىلىمدىن، دۇنيادىن خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە، مەدرىسلەرگە يىغىپ ئوقۇتقان. قەشقەر شەھىرى ئەگلەك بازىرىدىكى توقام مەدرىسى،① بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لاي پەشتاق مەدرىسى② ئابدۇقادىر داموللام يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە قۇرغان مەكتەپلەر ئىدى. ئۇ يەنە تالىپلىرى ئارقىلىق باشقا شەھەر، ناھىيىلەردە يېتىم بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرنى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئابدۇقادىر داموللام جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن توپلانغان تالىپلىرىغا ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈپ، يېڭى - يېڭى «ئابدۇقادىر داموللام»لارنى

---

① بۇ مەدرىسنىڭ ئورنىدا ھازىر قەشقەر شەھەرلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تىل - تېخنىكا مەكتىپى بار.

② بۇ مەدرىسنىڭ ئورنىدا ھازىر قەشقەر شەھەرلىك 17 - باشلانغۇچ مەكتەپ بار.

يېتىشتۈرگەن. ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇپ، چوڭقۇر بىلىم ۋە كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە بولغان تالىپلار مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. مىسال ئۈچۈن ئېيتىدىغان بولساق، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تالىپلىرىنىڭ بىرى بولغان يەكەنلىك مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجام 1932 - يىلى ئۆز يېرى، ئۆز پۇلىنى سەرپ قىلىپ، يەكەن شەھىرى ئىچىدە بىر مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنى «مەتلەئىل ئىرپان» دەپ ئاتىغان.

«مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجام قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك مۇھاكىمە - مۇنازىرە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇستازىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن».[1]

ئابدۇقادىر داموللامدىن سىڭگەن مانا مۇشۇ ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار روھ مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجامنىڭ ۋۇجۇدىدا چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي نوپۇزى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە يەكەن خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە تايىنىپ ئاچقان «مەتلەئىل ئىرپان» مەكتىپى 1932 - يىلى سېنتەبىردە ئالتە سىنىپقا ئىككى يۈز قىرىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىغان. بۇ مەكتەپكە يەكەن شەھەر ئىچىدىكى ئىمام مەھمۇد قارىم ئاچقان «مەھمۇدىيە»، سارايكۆل بېشىدىكى ئۆزبېك ئارتۇق ھاجى

---

① ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى ۋە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى ھەققىدە خاتىرىلەر» دىن.

داموللام ئاچقان «ئارتۇقىيە» ۋە ئىمىن قارىم قوچقار ئاتا مەھەللىسىدە ئاچقان «ئەمىنىيە» قاتارلىق مەھەللىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان باللار بىلەن جەمئىيەتتىكى ساۋادى بار ياشلار جەلپ قىلىنغان. بۇ مەكتەپ يەكەن تارىخىدا پارلاق سەھىپە ئاچقان. 1937 ـ يىلى جەسۇر ئىنقىلابچى مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجامنىڭ تۇرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن، يەكەن دىيارىغا بىر مەزگىل نۇر سەپكەن مەرىپەت مەشئىلى — «مەتلەئىل ئىرپان» نىڭ ئوتىمۇ بىراقلا ئۆچكەن.

ئابدۇرېشىت يۇسۇپىي «يەكەندە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە تەرەققىياتى»[1] ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەشھۇر مەنىۋى يېتەكچىسى، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام چەت ئەللەردە ئوقۇش يىللىرىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس ئۆگەتكەن ۋە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۇرگەن. شۇ مەزگىللەردە، يەكەننىڭ دىنىي ئەربابى ئابدۇسادىق ئەلەم ئاخۇنۇم يەكەن مەدرىسلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى مۇھەممەد ئابدۇللاخان خوجىنى قەشقەر مەدرىسىگە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. مۇھەممەد ئابدۇللاخان ئوقۇش جەريانىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان پەن، مائارىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك دىن تارقىتىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەسىرى كۈچكە ئىگە

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 20 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بولىدۇ. كېيىن، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، ئورداكۆل، يېشىل مەدرىسلىرىگە مۇدەررىس بولۇپ، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە بىلىم ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىشى، يېتىشكەن تارىخچى ۋە ئەدەبىياتچىلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە ئالىم دەپ تونۇلىدۇ. ئۇ، 1927 ـ يىلى ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ قايتىش سەپىرىدە، مىسىر، ئىران، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئىلىم ـ پەندە نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇ، 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، بىر يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى تەربىيىلەش، ئويغىتىشقا بەل باغلايدۇ. ئاتىسى ئابدۇسادىق ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ زور مەدەت بېرىشى، يەكەندە تۇرۇۋاتقان خوتەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرى ئىمىر ساھىب، شاھ مەنسۇرلارنىڭ قوللىشى بىلەن، ئۇ 1932 ـ يىلى باھار پەسلىدە، يەكەندە تۇنجى قېتىم يېڭى مەكتەپ — ‹مەتلەئىل ئىرپان› (ئىرپاننىڭ تۇغۇلۇش ئورنى) مەكتىپىنى قۇرىدۇ».[1]

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يەنە بىر مەشھۇر شاگىرتى ئاتۇشلۇق مۇھەممەدخان دېگەن كىشىدۇر. مۇھەممەدخاننىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى بىزگە قاراڭغۇ، ئەمما، تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىر دوختۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرانىڭ «خوتەن قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە»[2] دېگەن ماقالىسىدە، مۇھەممەد

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 20 ـ سان.
② «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيالىرى» نىڭ 17 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

خانغا ئائىت مۇنداق بايانلار بار: «ئەسكەرلەر تەركىبى ئاساسەن ھېچبىر ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن ساددا دېھقانلاردىن ئىبارەت ئىدى... ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆز زامانىسىدا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان مۇھەممەدخان دېگەن كىشى مەسئۇل بولغان.»

نى يۇچىڭ يازغان «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قانداق كىشى؟» دېگەن ماقالىدە، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى «قەشقەردە تۈركلەرنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان مۇھەممەدخان تەربىيىدىن تۈركچە ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە مەشق قىلدۇرۇلدى» دېگەن مەلۇماتلار بار.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن يەنە بىزگە مەلۇم بولغان گومىلىق ئابدۇجېلىل داموللا، تۇرپانلىق ئابدۇللا داموللا نەئىمى قاتارلىقلارمۇ مەشھۇر كىشىلەردۇر.

گومىلىق ئابدۇجېلىل داموللا ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇپ خەتمە قىلىپ گومىغا قايتقاندىن كېيىن، مەرىپەتچىلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1933 - يىلى «خوتەن قوزغىلىڭى» پارتلىغاندا، گوما خەلقىنى تەشكىللەپ، قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان.

تۇرپانلىق ئابدۇللا داموللا نەئىمى قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇپ تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن، تۇرپاندا مەرىپەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، 1933 - يىلى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپان قىسىملىرىغا باش بولۇپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان، كېيىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بولۇپ قالغان. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە 6 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭى بولغاندا، ئابدۇللا داموللا نەئىمىمۇ مۇشاۋىر ھەم باش كاتىپ بولغان. شېڭ شىسەي ئابدۇللا داموللىنى مەھمۇت مۇھىتىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ

سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. 1937 - يىلى ئابدۇللا داموللام مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى ۋە مەكتەپ ئېچىپ مىللەتنى ئويغىتىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى تارىم ۋادىسىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. جاببار ئەمەتنىڭ «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت - مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە»① دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايانلار بار: «جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋايىت قەشقىرى جاھالەت تۇمانلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتكەن بۇرۇقتۇم ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1920 - يىلى دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى مەكتەپنى قۇردى ۋە بۇ خىل مەكتەپلەرنى ھەممە جايدا قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى... ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسىدىن كېيىن، بۇ خىل مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى... يېڭىلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەرنى ‹جەدىد› مەكتىپى دەپ ئاتاپ، بۇ خىل مەكتەپلەر ‹دىننى رۇسلاشتۇرىدۇ› دېيىشتى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ 1920 - يىلى دېھلىدە ئوقۇپ كەلگەن قاسىم ئەپەندى، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىسمائىل ھەققىي ۋە خانىئەپەندىلەر تەرەققىپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئالتۇنلۇق مازار مەدرىسىدە

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 20 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

‹يەر يۇملاق ۋە قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ› تەلىماتىنى ياقىلاپ، سۇلايمان ئەلەمنىڭ ‹يەر ياپىلاق، ئۇنى ھۆكۈز مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ› دېگەن تەلىماتىغا رەددىيە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سۇلايمان ئەلەم قاسىم ئەپەندى قاتارلىقلارنى ‹دىنسىز› دەپ ئەيىبلەپ، چىڭ دارىنغا چاقىدۇ. بۇ مەكتەپنى تاقىۋېتىشكە باھانە تاپالماي تۇرغان چىڭ دارىن دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەكتەپنى تاقىۋېتىش بىلەن، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. خوتەندە ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، تېۋىپ ئابدۇكېرىم ھاجى، ئەمەتجان باي ھاجى، سەمىجان باي ھاجى قاتارلىقلار ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى.

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن ۋىلايىتىدە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ‹ئىسلام ھۆكۈمىتى› سۇ دەرۋازىسىدىكى بۇتخانىنى چېقىپ تاشلاپ ۋە ‹شۆتاڭ› مەكتىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ‹دارىلئۇلۇم› ناملىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپنى ئاچتى. مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئاتۇشلۇق مۇسا ئەپەندى ۋە خوتەنلىك تۇرسۇن داموللا قاتارلىقلار ئىدى.»

«خوتەن قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى خوتەنلىك مۇھاجىر دوختۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇ زامانلاردا ھەجگە بارىدىغان يول روسىيە ـ تۈركىيە يولى بولۇپ كەلگەن. قەشقەردە 1913 ـ يىللاردا ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا ‹مەتلە ـ ئۇلھىدايات› ناملىق بىر تەشكىلات

قۇرۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى زامانىۋى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر شەھەردىكى بىر قىسىم باي سودىگەرلەر ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يەر ئىگىلىرىنىڭ ياردىمىدە يولغا قويۇلغان. دەرسلەردىن تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە شېئىر ئاساس قىلىناتتى.»[①]

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى ـ ئىشانلارغا، ئاچكۆز، جانباقتى بايلارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۇلارنى تەنقىدلەپ، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر بولۇشقا دالالەت قىلاتتى.

بىز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ خىل ئاز ئۇچرايدىغان ئالىيجاناپ خاراكتېرىنى مەرھۇم تارىخچى ۋە يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ[②] «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» دېگەن بىئوگرافىك رومانىدىكى ئاجايىپ ۋەقە ۋە بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق، بۇ رومانىڭ «بىر مەيدان كەسكىن جەڭ» ماۋزۇلۇق ئون بەشىنچى بابىدا، ئابدۇقادىر داموللام ئۆزلىرىنى يۇرتنىڭ تاجىسى، ئەلنىڭ ئابرويى دەپ ھېسابلايدىغان نۇرغۇن مېھمانلار قاتناشقان بىر قېتىملىق زىياپەتتە مۇنداق «نۇتۇق» سۆزلىگەن:

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 118 ـ بەت.

② خېۋىر تۆمۈر — (1922 — 1991) يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست. ئۇ، توقسۇنلۇق مەشھۇر تارىخىي شەخس تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر شىجاڭ) نىڭ ئوغلى بولۇپ، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «تاڭ ئالدىدا»، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

«مەن ئەسلىدە، ئۆز مۇددىئايىمنى ئەرز قىلىش ئۈچۈن ھەربىرلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر - بىرلەپ بارسام بولاتتى. ئەپسۇسكى بارالماي قالدىم. ئەپۇ قىلىشالا! ھالا بۈگۈن، ئۇشبۇ سورۇنغا جەم بولىدىغانلىقىمىزنى غەنىمەت بىلىپ بۇيان كەلدىم. مۇددىئا نېمە؟ دەپ سورالسا، شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك چاي - زىياپەتلەر ئىچىدە، مەست - مۇستەغرەق بولۇپ ئۆتۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلىرىمىزگە زادىلا رازى ئەمەسمەن! چۈنكى، مەست - مۇستەغرەقلىق ئارقىسىدا، ۋەتەن، مىللەتنىڭ كۈنى ئېغىر، ھالى تەس ۋە نەس ئۆتمەكتەدۇر. خەلق نادانلىق، جاھالەت ئىچىدە ئازاب چەكمەكتە. ھەممە ئىش كونا قېلىپ، كونا ئىزغا چۈشۈپ، يېڭىلىققا يول بەرمەي، ھالاكەتكە قاراپ ماڭماقتا. ۋاقتىمىز، دەۋرىمىز، ئوبدان پۇرسەتلىرىمىز قولدىن كەتمەكتە. بۇ ياخشى ھادىسە ئەمەس. بۇ مىللىي خارابەت، مىللىي مۇنقەرزلىكتىن بىشارەت بېرىدىغان خەۋپلىك ھادىسە. ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ مۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتتە قانداقمۇ جىم تۇرغۇسى كەلسۇن! بۈگۈنكى داستىخاندا جەم بولغان قازى - مۇدەررىسلىرىمىز، داموللىلىرىمىز، ساخاۋەتلىك بايلىرىمىز بۇ خەۋپلىك ئەھۋالغا كۆزىنى ئەما، قۇلىقىنى گاس قىلىپ، قانداقمۇ بىپەرۋالىق قىلالىسۇن! شۇنى چۈشىنىشىمىز لازىمكى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، بەخت - سائادەتكە باشلاپ مېڭىش مۇشۇ داستىخاندىكى ھەممە كىشىنىڭ گەدىنىدىكى پەرز ۋە قەرزدۇر. ئىنساپ تارازىمىز بىلەن ئۆلچەپ كۆرىدىغان بولساق، بولۇپمۇ بىز ئۇلۇغلارنىڭ خەلقنى نادانلىق، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتىشتۈرۈشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىمىز باردۇر. ئەگەر ئۇشبۇ ۋەزىپىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىز زادى نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟

دېگەن سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن! ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئىلىمنىڭ يەنە قانداق پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى بولسۇن! بۇ تەرەپلىرىنى ھەربىر ئۆلىما ئوبدان ئويلاپ، مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشى كېرەك! . . . بىز ھەممىمىز قانچە يىللار غۇربەتچىلىكتە رىيازەت چېكىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغانلارمىز. نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇق؟ خەلقنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، جاھالەتتىن مەرىپەتكە باشلايمىز دەپ ئوقۇدۇق. خۇداغا شۈكرى، ئوقۇغانغا يارىشا، بىرىمىز قازى، بىرىمىز داموللا، بىرىمىز مۇدەررىس كەبى ئۇنۋان دەرىجىلەرگە تەيىنلىنىپ، يۇرت خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇق. ئەپسۇسكى، بىز بۇ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇۋېلىپلا، ئەسلىدىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىزغا ئاسىيلىق قىلىپ، نوقۇل ھالدا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ يېتىۋالدۇق. يۇرت بولسا نادانلىق، جاھالەتتە، خەلقىمىز خار ـ مۇزەللەتتە قالدى. يۇرتىمىزنىڭ ئاقىۋىتى، خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا قايغۇرمىدۇق. يۇرت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى قىلىش، يۇرتنى تەرەققىياتقا، خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە باشلاشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىمىز بارلىقىنى بىز ئۆلىمالار ئېسىمىزدىن چىقاردۇق. تۆر ـ ئابروي تالىشىشتەك قېلىپلاشقان ئادەت ئەجراسىدىن باشقا، ياخشى ئەمەللىرىمىز بارلىقىنى ئىنكار قىلدۇق. بىز نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر بۇزۇلۇپ كەتتۇق؟ نېمە ئۈچۈن ئىنساپ قىلمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئازراق ئويلىنىپ، ئۆز خاتالىقىمىزنى تۈزەتمەيمىز! بۇ توغرىدا بىر ئاز سۆز قىلساق، چېچىلغانلىق بولامدىكەن؟ . . . نېمىشقا قايىنمىدىكەنمەن؟ ئۆلىمالارنىڭ خۇددى شاپاققا ئولاشقان

چىۋىندەك، مەدرىسلەردىكى ئەۋقاپقا، مۆھۆر ھەققىگە، نەزىر ـ چىراقتىكى سەدىقە ـ ئېھسانغا، ئىش قىلىپ قەيەردە نەپ بولسا، شۇ يەرگە توپلىنىۋالغانلىقىغا، ئىنساپ ھەۋزىنى قۇرۇتۇپ، تەمەخورلۇقنىڭ سېسىق پاتقاقلىرىغا بوغۇزى بىلەن تەڭ چۆكۈۋالغانلىقىغا، ۋەتەن، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ داد ـ پەريادى، نالە ـ پىغانلىرىغا قۇلاق سالماي، كۆز يۇمۇپ گاس ـ ئەما بولۇۋالغانلىقىغا قانچە قايىنسام شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ! قېنى، نېمە ئۈچۈن قايىنمايدىكەنمەن؟ ھازىرقى ئەھۋال قانداق بولۇۋاتىدۇ، قېنى؟ . . . بىز بۇ يەردە پولۇ يەپ، تاۋاق بىكارلاپ ئولتۇرۇپتىمىز. بىزنىڭ ئەزىز بالىلىرىمىز گۆلەختە كۆلگە بولغىنىپ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابىنى تارتماقتا. بىز كۆندە قانچە قېتىم داستىخان ئۈستىدە مەئىشەت قىلىپ، توقلۇقتىن كارىلداپ يۈرىمىز. ئۇنىڭ ھېسابىغا، كوچىدىكى تىلەمچى ـ سائىللار شۇنچە كۆپەيمەكتە. ھالبۇكى، بىز ئۇلارغا قانچىلىك خەيرىخاھلىق كۆرسەتتۇق؟ ئۇلارنىڭ بېشىنى قانچىلىك سىيلىدۇق؟ ياق، ھېچنېمە قىلمىدۇق، بەلكى ئۆشرە ـ زاكات ۋە ئەۋقاپ كىرىملىرىنى ئۆز نەپسىمىزگە تارتىپ كەتتۇق. شۇ سەۋەبتىن، يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار خەيرىخاھسىز قالماقتا. نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلمايمىز؟ مەكتەپلەر ئېچىپ، دارىلئىتام ـ دارىلئاجىزىلەر قۇرۇپ، كوچىدا ئاچ ـ يالىڭاچ، خارۇ ـ زارلىقتا قالغان بالىلارنى، ئاجىز ـ مىسكىنلەرنى نېمە ئۈچۈن تەربىيە قوينىغا ئالمايمىز؟ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىيلاپ، غەمخورلۇق قىلساق بۇنىڭ نېمە يامىنى؟ ئۆزىمىز يۇرتنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن، پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسىي تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولغا كىرگەن تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ

خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغرىسىدا زەررىچە
قايغۇرمىساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمە دەپ جاۋاب
بېرىمىز؟ قېنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بولۇپ
قالماسمىزمۇ!... ئەپسۇسكى، بىز غەمخورلۇق قىلماي كوچىغا
تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن مۇخالىپەتچىلەر
ئۆز قوينىغا تارتماقتا. ئىنگلىز ـ شۋېتلار قانداقتۇر شىپاخانا
قۇرۇپ، داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغرىلىماقتا. ئۇلار
بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆزى
يەتسە، ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز
بولساق، بالىلىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن
يىراقلاشتۇرماقتىمىز. ھە دېسە دەررە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى
جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز، ئەل رايىنى چېكىندۈرمەكتىمىز. بۇ
ئىشلىرىمىز مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىمەسمۇ؟ ھېلىمۇ
كەچ ئەمەس، پۇرسەت بار، ئەگەر ۋاقتىدا قايغۇرۇپ، قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنى قىلمايدىغان بولساق، كەلگۈسى
ئەۋلادلىرىمىزنىڭ لەنەت ـ نەپرەتلىرىگە كۆمۈلۈپ كېتىشىمىز
مۇقەررەر!... ئىنگلىز، شۋېتلار قانداق يول بىلەن بىزگە
مېھمان بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپتۇ؟ ئۇلار ھېچ
ۋاقىتتا بىزگە مېھمان ئەمەس، مېھمان بولۇشىمۇ مۇمكىن
ئەمەس. ئۇلار جاھانگىر، تاجاۋۇزچى، ئۇلار ئوغرى، بۇلاڭچى.
باشتا قۇيرۇق ئوينىتىپ كەلگەن بىلەن، ئاستا ـ ئاستا پېيىمىزنى
قىرقىپ، بايلىقىمىزنى ئوغرىلايدىغان، گىلەملىرىمىزنى ئېلىپ،
بىزنى داق بورىغا تاشلاپ داغدا قويىدىغان بۇلاڭچىلاردۇر. بۇ
مۇخالىپەتچىلەر بەلكى بېشىمىزغا چۈشكەن بالايىئاپەت! ئۇلار
بىزنى خۇراپاتلىقنىڭ قارا خالتىلىرىغا قاچىلاپ، ئەخلەت
دۆۋىسىگە چۆرۈۋەتكۈچى ۋاپاسىزلاردۇر. ئۇلار بىزگە
ئىتتىپاقسىزلىق ۋاباسىنى چېچىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆز

قىنىمىزنى تۆككۈچى خۇنخورلاردۇر. ئۇلار بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا بىھۇش قىلىپ ھالاك قىلغۇچى قارا نىيەتلىك ياۋۇزلاردۇر. . .

قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار! بىز ئەزەلدىن قابىل، باتۇر خەلق ئىدۇق، تاكى پامىردىن ئۇزاق ئالتايغىچە چېدىر - بارگاھ تىكىپ، سەلتەنەتلىك ئوردا - تەختلەر قۇرۇپ، دەۋران سۈرگەن ئەل ئىدۇق. قاچانكى، بىزگە جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرى چاپلاشتى، شۇ كۈندىن باشلاپ زاۋاللىققا، خار - زەبۇنلۇققا يۈزلەندۇق. ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇنىڭ جانلىق دەلىلى. قېرىنداشلار، ۋەتەنداشلار، ئويلاپ كۆرەيلى، مۇلاھىزە قىلايلى، ھازىرمۇ ۋاقىت كەچ ئەمەس، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، كۆزىمىزنى ئاچساق، ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئاسارەت كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىساق، پەلەكنىڭ چاقىنى ئوڭغا بۇراپ، ئىستىقبالىمىزنى يورۇتۇشقا، ۋەتەن، مىللەتنى سائادەتلىك كۈنلەرگە يېتىشتۈرۈشكە ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز! . . .»

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردىكى ئەنگلىيە بىلەن شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرىنى بازا قىلغان ياۋروپالىق مىسسيونېرلارنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تالىپلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەشكىللەپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىققا ئايلانغان.

قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى، موللا، قازى قۇززات، ئىشانلىرىمۇ ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنى يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھاقارەتلەشكەن.

بىرلىرى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئەل ئىچىدە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئابرويى ـ ئىناۋىتىگە ھەسەت قىلسا، بىرلىرى «جەدىد»لىك يولىغا ماڭدى، ئىمانىمىزنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى دېيىشىپ ھاقارەتلەشكەن؛ يەنە بىرلىرى، «ئابدۇقادىر داموللام تېخى خەلقنى ئويغىتار ئىمىشكەن، ئۇ ئويغاتمىسىمۇ مەزىناخۇنۇملار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىتىۋاتامدۇ؟» دېيىشىپ، مەسخىرە قىلىشقان...

ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن ئۈچمەنلىكى ئەڭ كۈچلۈكى، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام بىلەن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ئۆمەر باي دېگەن ئىككى كىشى بولغان.

بۇ ئىككىيلەن ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمەت دېگەن بىر تەلۋە نائەھلىنى ئالداپ سېتىۋېلىپ، 1924 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز ئۆيىدە مەخپىي ھالدا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

بۇ قانلىق ۋەقە تارىم ۋادىسىنى زىلزىلىگە سالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچرىغان كۈننىڭ ئەتىسى بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قوغان، سەمەن، ئاۋات، بەشكېرەم، توقۇزاق، ئاتۇش، يەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. مىڭلىغان كىشىلەر ھەيرانلىق، ئېچىنىش، جۇدالىق، قايغۇلۇق ۋە غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى جايىدا قويۇپ، كېتىۋاتقان يولىدىن توختاپ، قەشقەرگە قاراپ سەلدەك ئاققان. پەيشەنبە كۈنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئالىمنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر بىلەن لىق تولغان. پېشىندىن كېيىن، ئون مىڭلىغان ئادەم سەپ ـ سەپ بولۇپ،

داموللامنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن. نامازدىن كېيىن، ئالىمنىڭ مېيىتى سىلىنغان جىنازىنى كۆتۈرگەن خەلق ھەزرەت قەبرىستانلىقىغا قاراپ يول ئالغان. قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ، توماقلىرىنى تەتۈر كېيىشكەن مىڭلىغان تالىپلار:

تاغلار ـ تاشلار تەۋرىنىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
دەريا سۈيى قان بولۇپ،
بۈگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىغا،
تۇمان پەردە ئاسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز.
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز،
دامولامغا دەيۈزلەر،
قەست قىلمايدۇ دەپتىمىز.

ئېتىنىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن مەنمەنلەر.

ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى،
يىغلاپ قالدۇق دەردمەنلەر!

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
ھۇرلەر بولسۇن خىزمەتتە.
ئۇنتۇمايمىز بىز سېنى،
مەڭگۈ ئەبەد - ئەبەدكە!

دېگەندەك مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشۇپ، دەۋرى ساما سېلىشىپ، يول ئېچىپ ئالدىدا ماڭغان. دەپنە مۇراسىمىدا، ئالىمنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلەكدىشى قۇتلۇق شەۋقى[1] ئۆزىنىڭ مەرسىيە شېئىرىنى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلغان. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مەرسىيە غەزىلىنىڭ مەنىسى مۇنداق:

«ئۇ بىر ئۇلۇغ ئۇستازكى، ھىممىتى ئالى، ھىدايەتنىڭ كانى، ياخشىلىقنىڭ دەرياسىدۇر، ئۇ كېچە - كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يەپ ھەسرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەلدىكى ناتوغرىلىقنى تۈزىتىش بولۇپ، يۇرتى ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەنىدى. ئەمما جاھىل دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا تىغ تارتىپ تويمىدى. دوستلارغا مۇنداق بالا يولۇقۇپ، ھەممىنى غەمگە مۇپتىلا قىلدىكى، گويا ئىككىنچى كەربالا ۋەقەسى مەيدانغا كەلگەندەك بولدى، دىللاردا مەڭگۈلۈك بىر غەش — قارىلىق قالدۇردى. ئەي، ئەلنى توغرا

[1] قۇتلۇق شەرقى (1876 — 1937) قەشقەردە تۇغۇلغان. قەشقەر، مىسىر، ئىستامبۇل، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان، پۈتۈن ئۆمرى خەلقنى ئويغىتىش بىلەن ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر ژۇرنالىست. قۇتلۇق ھاجى 1937 - يىلى تۈرمىدە مەۋلانوپ تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان.

يولغا سالغۇچى شەپقەتلىك پاناھىمىز، ئىسسىت، ئارىمىزدىن يوقالدىڭ. ئەمدى بۇ يۇرتنىڭ ھالى خاراپلىققا يۈزلەندى، خەلق يول كۆرسەتكۈچىسىز، يول باشلىغۇچىسىز قالدى. سەن قاراڭغۇلۇق دەرياسىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى ئىدىڭكى، ۋاقىتسىز سەپەر بىلەن دەھشەتلىك ھالدا بىزدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى بىزدە ئالغا بېسىش — مەدەنىيەتنىڭ ئىزى ئۆچتى. شۇڭلاشقا، قىيامەت بولغانغا قەدەر دىللىرىمىز مالاللىققا چۆمدى، چۈنكى سەندەك مەردانە كىشىلەر بىزدە كەم ئىدى. كامالەتكە يەتكەنلەر ئەنقا بولغاچقا، خەتەرلىكلەر ھەممەت نۇرىنى پۈركۈۋالدى.»[1]

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مېيىتى مىسلىسىز داغدۇغا بىلەن دەپنە قىلىنغان. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەتەنداش، مەسلەكداش ئالىملاردىن تەجەللى، شەمسىدىن دامولام، مەھمۇد ئاخۇن دامولام ۋە چەت ئەلدىكى بۇرادەرلىرىدىن مۇراد رەمزەبەگ، ئەنۋەر شاھ ساھىب دامولام، ئالىم ۋە تارىخچى رىزا ئىبنى پەخرىدىن قاتارلىق ئالىم - ئۆلىمالار مەرسىيە غەزەللىرى يېزىشقان.

ئوت يۈرەك، ھەققانىيەتچى مەمتىلى ئەپەندىمۇ شۇ قاتاردا «ئوقۇدى — ئاشتى» دېگەن غەزىلىنى يېزىپ، بۇ قانلىق پاجىئەنى چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۈرىكىگە ئورنىتىۋەتكەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تەسىرى چۆچەكتىن ھالقىپ غۇلجا ھەتتا قەشقەرلەرگە يېتىپ كەلگەن.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مۇرات ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىپ، ئىنچىكە مەسىلىلەرگىچە پىكىرلىشىدىغان بولغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مۇرات ئەپەندى

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 53 - ۋە 54 - بېتىدىن ئېلىندى.

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەك ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئابروي — ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. چۈنكى، مۇرات ئەپەندى ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى بار دىنىي ئالىم ئىدى.[1]

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «تەۋپىق» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسىنىمۇ مۇرات ئەپەندى قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مەمتىلى ئەپەندى بۇ تەخەللۇسنى تۇنجى قېتىم «ئوقۇدى — ئاشتى» دېگەن شېئىرىنى يازغاندا قوللىنىپ، ساتىراشخانا تېمىغا چاپلاپ قويغان نۇسخىسىنىڭ ئاستىغا يېزىپ قويغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «تەۋپىق» — توغرا يولدا ماڭغۇچى دېگەن بۇ تەخەللۇسنى مۇرات ئەپەندى قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشىمىزدە، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ بۇ تەخەللۇسنى تۇنجى قېتىم چۆچەكتە قوللانغانلىقىنى ئاساس قىلغان بولساق، ئىككىنچىدىن، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەنئەنىۋىي ئادەتنى نەزەردە تۇتتۇق. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دۇنياسىدا ئۇستازلار شاگىرتلىرىغا بولۇپمۇ ئىستىداتلىق شاگىرتلىرىغا تەخەللۇس قويۇپ قويىدىغان ئادەت ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇستاپا بولۇپ، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ماتېماتىكا نەتىجىسى ئالاھىدە بولغاچقا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا «كامال» دەپ تەخەللۇس قويۇپ قويغان، كېيىن ساۋاقداشلىرى ئۇنى «كامال»

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 17 - سان 119 - بېتىدىكى ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» نىڭ 1995 - يىللىق 4 - سان 58 - بېتىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، مەشھۇر تارىخىي شەخس مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغاندا، يەنى 1930 - يىلى خوتەندىن چۆچەككە بېرىپ، مۇرات ئەپەندىدە بىر مەزگىل دىنىي تەلىم ئالغان.

دەپلا چاقىرىدىغان بولغان. مۇستاپا كامال «كامال» دېگەن بۇ تەخەللۇسنى ئۆمۈر بويى قوللانغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر زات چىڭگىزخان داموللامىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابلىز ھوشۇر بولۇپ، «چىڭگىزخان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. «چىڭگىزخان» دېگەن بۇ نامنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ زاتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

چىڭگىزخان داموللامىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابلىز ھوشۇر بولۇپ، 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۈگۈرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا موللا ھوشۇر داموللا ھاجى دېگەن دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتنى بۈگۈر ۋە كۇچالاردا ئالغان. 1932 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، داموللام دېگەن ئۇنۋاننى ئالغان. كېيىن، ھىندىستان، مەككە، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا داۋاملىق ئوقۇغان. مىسىرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئوقۇتقۇچى بولغاندىمۇ ئالاھىدە تەسىرى بار ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئابلىز ھوشۇر مانا مۇشۇ ئىسلامىيەت دۇنياسى بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاقتىدا، ئىلتىماس قىلىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتى بىلەن، دىنىي ئالىملارنىڭ خەلقئارالىق مۇنازىرىسىگە قاتنىشىپ، مۇنازىرىدە ئۇستۇنلۇك قازانغانلىقى ئۈچۈن، مىسىر پادىشاھى فارۇق ئۇنى: «سەن ئىلىم دۇنياسىنى بويسۇندۇرغان چىڭگىزخان ئىكەنسەن!» دەپ ئالاھىدە ماختىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ «چىڭگىزخان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ «چىڭگىزخان» دېگەن نامغا لايىق تالانت ئىگىسى

بولۇپ، دىنىي بىلىمى ئالاھىدە چوڭقۇر، نەزەر دائىرىسى ئالاھىدە كەڭ، ناتىقلىق سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن، بەش - ئالتە خىل چەت ئەل تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان كىشى ئىدى.

چىڭگىزخان داموللام شۇ يىللىرى مىسىردىن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، مامۇت شىجاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيىگە بارغان. شۇ مەزگىللەردە، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى بولۇۋاتاتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن، مامۇت شىجاڭ ۋە چىڭگىزخان دامولام ئىككىيلەننى بېيجىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان. مامۇت شىجاڭ 1944 - يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان. چىڭگىزخان دامولا كېيىن نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان.

چىڭگىزخان دامولام كېيىن جۇڭگونىڭ مىسىردىكى ئەلچىخانىسىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1947 - يىلى 1 - ئايدا، مىسىردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بۈگۈرگە قايتىپ كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ھاسىل قىلغان «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» نىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە خىزمەتكە تەيىنلىگەن. چىڭگىزخان دامولا قوشۇمچە سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ، 1948 - يىلى كۈزدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ چوڭ ئاخۇنلىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مۇھەممەت ئىمىن

بۇغرا، ئەيسا بەگ، قۇربان قۇداي قاتارلىق چىنى تۈركىستانچىلار چىڭگىزخان دامولامنى بۇگۇردىكى ئۆيىدىن ئېلىپ، چەت ئەلگە قاراپ قاچقان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى چېگىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئۆتەلمەي قالغان. چىڭگىزخان دامولا يەكەندە ئىككى ئاي تۇرۇپ قالغان. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسمى چىڭگىزخان دامولامنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۈچ ئايلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرغان. ئۈچ ئايدىن كېيىن قولغا ئېلىپ، 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قەشقەر تۈرمىسىدىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكىگەن. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئۇنى «خەلق دۈشمىنى» دەپ جىنايەت بېكىتىپ، ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.①

دېمەك، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «تەۋپىق» دېگەن تەخەللۇسىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئەنئەنە بويىچە مۇرات ئەپەندى تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەسىرى چۆچەك تەۋەسىدە كۈنسېرى زورايغانلىقتىن، بۇ چېگرا شەھىرىنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىغا ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىدىغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى مەمتىلى ئەپەندىگە دىققەت ـ نەزەرىنى تىككەن.

دەل مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان مۇرات ئەپەندى بىر كۈنى مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ:

— تەۋپىق، سىزنى ھۆكۈمەت نازارەت ئاستىغا ئالدى. ۋەزىيەت خەتەرلىك، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىزنى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىڭ،

---

① «بۇگۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 ـ قىسمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بولسا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىڭ! چۈنكى، شىنجاڭنىڭ قەيىرىگە بارسىڭىز، بەرىبىر ئوخشاش، — دەيدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى: «مېنىڭمۇ خىيالىم شۇ!» دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن، مۇرات ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىگە بىر ئات ۋە بىر ئاز خىراجەت بېرىپ: «سىز ئۇدۇل شەمەيگە بېرىڭ، ئۇ يەردە تونۇشلۇرۇم كۆپ، سىزگە خەت يېزىپ بېرەي، شۇلار سىزگە ياردەم قىلىدۇ» دېگەن.

مەمتىلى ئەپەندى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مۇرات ئەپەندى بەرگەن ئات بىلەن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ دەل 1926 - يىلى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سەرسانلىق ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق مۇساپىرلىق ھاياتى باشلانغان.①

مەمتىلى ئەپەندى شۇ ماڭغانچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان رايونىدىكى شەمەي شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تاشكەنتكە بارغان.

شۇنىسى ھەممىگە ئايانكى، ستالىن دەۋرىگە كەلگىچە بولغان نەچچە ئەسىر مابەينىدە، ئۆزبېكىستاندىكى ئۆزبېكلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ مىللىي مۇناسىۋەت دەرىجىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولمىغان، ئەكسىچە يۇرت مۇناسىۋىتى دەرىجىسىدە مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن. يەنى بىر - بىرىنى ئۇيغۇر، ئۆزبېك دەپ

---

① مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 1920 - يىلى ئاتۇشتىن چىققاندىن باشلاپ 1926 - يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىچە بولغان يىللاردا توي قىلغان - قىلمىغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ دادىسى موللا توختاجى تېۋىپ 1928 - يىلى چۆچەكتە 71 يېشىدا قازا قىلغان.

پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلماستىن، قەشقەرلىك، ئەنجانلىق، يەكەنلىك، مەرغىلانلىق، خوتەنلىك، قوقانلىــــق . . . دەپ ئاتىشىپ مۇئامىلە قىلىشــىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ باردى ـ كەلدىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئەسلىدىنلا بار بولغان ئېتنوگرافىيە ۋە مىللىي مەدەنىــيەت جەھەتتىــــكــى كۆپ ئورتاقلىقلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان.

مەمتىلى ئەپەندى مانا مۇشۇنداق تارىخىي قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدا، تاشكەنتكە بارغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، تاشكەنت زامانىۋى مەدەنىيەت ئومۇملىشــــۋاتقان، زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى شەكىللىنىۋاتقان ئاساسلىق شەھەر بولغاچقا، ئۇ يەرگە بىلىم ئېلىش پۇرسىتى ئىـزدەپ بارغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭلىق ئۇيغۇر سودىگەرلەر بىلەن نامرات ئىشلەمچىلەر ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ناھايىتى كۆپ ئىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى»دا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

«ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىــــڭ ئالدى ـ كەينىـــــدە، بولۇپمۇ ئىنقىلابتىن كېيىن 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئاساسلىقى قەشقەر ۋە ئىلى رايونلىرىدىن نۇرغۇنلىغان نامرات ئىشلەمچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئىچىگە ئىش ئىزدەپ بېرىپ تۇرمۇشىنــى قامدايتتى ۋە كېيىنلىكى ئۇچۇن ئاز ـ تولا ئىقتىساد ئېشىنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىشلەمچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەتىيازدا بېرىپ كۈزدە قايتىپ كەلسە، بەزىلىرى يىللاپ تۇرۇپ قالاتتى.

بۇنداق ئىشلەمچىلەرنىڭ كونكرېت سانىنى ھېچكىم ئىگىلەپ باققان ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى نامراتلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چىقىپ ئىشلەپ قايتىپ تۇرىدىغانلارنى ئون ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر - ئىككىدىن كەم ئەمەس دېيىشكە بولاتتى.»

دېمەك، تاشكەنت يېڭىدىن گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا مۇھىت جەھەتتىن تونۇش شەھەر بولۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندى شەمەيدىن تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تاغىسى تاشاخۇنۇمنىڭ تاشكەنتتە سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇھىددىن[①]، نەجمىدىن ۋە ھىلالىدىن ئىسىملىك ئوغۇللىرى بىلەن ئۇچراشقان.

تاشاخۇنۇمنىڭ بۇ ئوغۇللىرىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى راۋاج تاپماي، ئارقا - ئارقىدىن نەس باسقانلىقتىن، مەمتىلى ئەپەندىگە ياردەم قولىنى سۇنالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، مەمتىلى ئەپەندى مۇساپىرلار دۇچ كېلىدىغان ئاچچىق قىسمەتلەرنى باشتىن

---

① مۇھىددىن -- مىللەتپەرۋەر يىگىت بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنى، سودىگەرلەرنى تەشكىللەپ، قەشقەرلىك ئېلى ھاجىم بىلەن بىللە «شىنجاڭنى قۇتۇلدۇرۇش تەشكىلاتى» ناملىق مەخپىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كېيىن ستالىن ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئېلىپ، سىبىرىيىگە ئون بەش يىللىق سۈرگۈن قىلغان. ئۇ سۈرگۈن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، روسىيىنىڭ شىمالىدىكى ئارخانگېلسكى دېگەن شەھەردە تۇرغان. 1950 - يىلى ئىنىسى سەيپىدىن ئەزىزى موسكۋاغا چىققاندا، ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ تېپىپ كۆرۈشكەن. ئۇ 1959 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ قايتىپ كەتكەن، 1974 - يىلى، 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

كەچۇرۇشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبغىز ئىچىش مۇمكىن بولماي قالغان. ئىلاجسىز قالغان مەمتىلى ئەپەندى جان بېقىش ئۈچۈن، تاشكەنتتىكى بىر ئاشخانىدا ياللىنىپ ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ ئاشخانىدا ئىشلەپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، تەمبۇر چېلىش، ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئاشخانىدىكى خوجايىن باشلىق بارلىق خىزمەتچىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. ئۇ تەمبۇر بىلەن ئاتۇشنىڭ قەدىمىي ناخشىلىرىنى ئوقۇپ بەرسە، خېرىدارلاردىن تارتىپ ئىشلەمچىلەرگىچە ھۇزۇرلىنىپ بېرىلىپ تىڭشىغان:

دەرد - ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغە.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىغە.

ئەل ئامان، ئوتۇڭ يامان،
كۆيدۇرۇشىڭ ئاندىن يامان.

ئاتۇشنىڭ يېرى تاشلىق،
تاشلىقتا بولۇر ئاشلىق.
ئېرىقتىكى لاي سۇدەك،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ياشلىق.

ئۇششاق بالىلار ئوينايدۇ،

تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

بۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەن غېرىپ مۇساپىرنىڭ
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار؟

شۇنداق قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئاشخانىدا ئىشلەپ قالىدۇ ھەم ئاشپەزلىكنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ قەشقەرلىق، ئاتۇشلۇق مۇساپىرلار بىلەن تونۇشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشكەنتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن كىشى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بۇ كىشى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن سىردىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.[1]

[1] مەمتىلى ئەپەندىنى تاشكەنتتە ئوقۇغان دېگەن مەلۇمات بار، ئەمما قايسى مەكتەپتە، قانداق دەرىجىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات يوق.

مەمتىلى ئەپەندى تاشكەنتتە ئوقۇغان مەزگىلىدە، ھاياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تاللاشقا يەنى قانداق سىياسىي ئېتىقادقا ۋە قانداق دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت تاللاشقا دۇچ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئىنتايىن غايىلىك، مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك يىگىت بولغاچقا، بۇ مەسىلىدە ئىنتايىن جىددىي ئويلانغان. ئۇ، ئەتراپلىق ئويلىنىپ، تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇ، ئېتىقادنى شەكىللەندۇرۇش زۆرۈر بولغان ياش باسقۇچىغا توشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇشۇنداق كەسكىن تاللاش مۇھىتىغا دۇچ كەلگەچكە، بۇ مەسىلىدە يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن.

مەمتىلى ئەپەندى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىل يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىۋاتقان، باسمىچىلار ئاساسىي جەھەتتىن بېسىقتۇرۇلغان مەزگىل ئىدى.

سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى باسمىچىلار ھەرىكىتى 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن ھەرىكەت بولۇپ، مەقسىتى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، مۇستەقىل مىللىي ھاكىمىيەت تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرغان نەرسە، دەل سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كارخانىلار ۋە بانكىلارنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش، بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ

كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى قارارىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ قارار تۈركىستاندىكى[①] بايلارنىڭ مەنپەئەتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بولغاچقا، ئۇلار سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى

① تۈركىستان — تۈركىستان دېگەندە، تارىختا چار روسىيە بېسىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ زېمىنلار ئەسلى «غەربىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلاتتى. بەزى رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىلىرى كېيىنچە بۇ رايوننىڭ نامىنى قىسقارتىپ «تۈركىستان» دەپ ئاتىغان. چار روسىيە ھۆكۈمىتى 1867 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇلدا بۇ زېمىننى ئاساس قىلىپ، «تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورلۇقى» (ئۆلكە) دېگەن يەرلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ھاكىمىيەتنى قۇرغان. تۈركىستان گوبېرناتورلۇقىنى 1867 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغا قەدەر چارروسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئون ئىككى ئەۋلاد گېنېرال گوبېرناتور باشقۇرغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، 1918 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېلدا، تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. تاشكەنت ئۇنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ مىللىي تەركىبىدە ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تۈركمەن ۋە قارا قالپاق قاتارلىق خەلقلەر بولغان.

1920 ـ يىلى 17 ـ يانۋاردا ئېچىلغان تۈركىستان كومپارتىيىسى مۇسۇلمانلار بيۇروسى ۋە تۈركىستان ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا، بىر قىسىم كىشىلەر تۈركىستاندا «تۈرك جۇمھۇرىيىتى»، «تۈرك كومپارتىيىسى»نى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلغان. نەتىجىدە، مەركەز بىلەن تۈركىستاندىكى بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىققان. 1920 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇلدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت تۈركىستان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدىكى تەكلىپ بەرگۈچىلەرنى بىردەك تازىلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەرلىك سادىق كوممۇنىستلار بىلەن رۇس كوممۇنىستلىرىنى سەپلىگەن.

1924 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە، تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىللىي تېرىتورىيىلىك جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «تۈركىستان» دېگەن نامى ئەمەلدىن قېلىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئالماشقان.

ئاشكارا ھەرىكەتكە ئۆتكەن. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇلارنى «باسمىچىلار» دەپ ئاتىغان. بۇ باسمىچىلارنى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا مۇداخىلىچىلىرى، تۈركىيە، ئافغانىستان دائىرىلىرى ھەمدە رۇس ئاق گۋاردىيىچىلىرى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن. باسمىچىلارغا «شۇرائى ئىسلام» قاتارلىق تەشكىلاتلار بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان. «قوقان مۇختارىياتى»، «تۈركىستان ھەربىي تەشكىلاتى» باسمىچىلارنى تەشكىللەش ۋە قوراللاندۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان. باسمىچىلار سوۋېت ھەربىي قىسىملىرى، سانائەت كارخانىلىرى، تۆمۈر يول، ئوزۇق - تۈلۈك ئامبارلىرى، يېزا - كەنتلەر ۋە كىچىك سوۋېت گارنىزۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ زەربە بەرگەن. بولشېۋىكلارنىڭ رەھبەرلىرىنى، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆلتۈرگەن.

باسمىچىلار ئاۋۋال پەرغانە ۋادىسىدا جىددىي ئەۋج ئالغان. چۈنكى بۇ رايوندا كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىگە قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى، ئاڭ - سەۋيە ئۇستۈنرەك ئىدى.

تۇنجى باسمىچى گۇرۇھلار ئېرگەش باشچىلىقىدا، 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوقاندا پەيدا بولغان. 1918 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدە، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمىدا مەدەمىنبېك باش كۆتۈرگەن. 1918 — 1920 - يىللاردا، پەرغانە ۋادىسى باسمىچىلارنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. 1919 - يىلى ئاۋغۇستتا، مەدەمىنبېك سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن، جالالئاباتتىكى ك. مونستروۋ باشچىلىقىدىكى رۇس كۇلاكلىرىنىڭ ئارمىيىسى بىلەن ھەربىي - سىياسىي شەرتنامە تۈزگەن. ئۇلار پەرغانە ۋادىسىنى بېسىۋېلىپ،

كېيىنچە جالالئاباات ۋە ئوش شەھەرلىرىنى ئىگىلىگەن. 1919 - يىلى 17 - سېنتەبىردە، ئەنجاننى قامال قىلىپ، پەرغانىنى خەۋپ ئىچىدە قويغان. 1919 - يىلى ئۆكتەبىرگە كەلگەندە، مەدەمىنبېك بىلەن مۇنستىروۋ «مۇۋەققەت پەرغانە ھۆكۈمىتى» نى قۇرغان.

م. ۋ. فىرۇنزى باشچىلىقىدىكى تۈركىستان ئارمىيىسى 1920 - يىلى مارتتا، پەرغانىدىكى كۇلاكلار ۋە باسمىچىلار ئارمىيىسىنى تارمار قىلغان. 6 - مارت كۈنى، مەدەمىنبېك تەسلىم بولغان. 1920 - يىلى كۈزدە، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن كورشىرمەت باشچىلىقىدىكى باسمىچىلار پەرغانىدە يەنە باش كۆتۈرگەن. سوۋېت ھەربىيلىرى بىلەن بۇ باسمىچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 1923 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان.

1920 - يىلى، خارەزىم خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتىدە، باسمىچىلار ھەرىكىتىگە قۇربان مامىد (جۇنەئىدخان)، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بولسا ئەمىر ئالىمخان رەھبەرلىك قىلغان. ئەمىر ئالىمخاننىڭ ئالتە مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوراللىق قوشۇنى بولغان. ئۇلارغا يەنە ئافغانىستاندىن ياردەمگە مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر كەلگەن. ئۇلار 1920 - يىلى 2 - دېكابىردا، بۇخارانىڭ غەربىي رايونىدا ئىسيان كۆتۈرگەن. بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتتە، باسمىچىلارنىڭ كۈچى ناھايىتى تېز كۈچەيگەن.

1920 - يىلى تۈركىيىلىك مەشھۇر سىياسەتچى ۋە گېنېرال ئەنۋەر پاشا بۇخاراغا كەلگەن. ئەنۋەر پاشانىڭ بۇ رايوندىكى قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان گۇرۇھلارغا قېتىلىشى باسمىچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەن.

ئەنۋەر پاشا 1881 - يىلى تۈركىيىدە تۇغۇلغان،

گېرمانىيىدە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان. سارونىكا قەلئەسىدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن. 1908 - يىلى 7 - ئايدا، ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، بۇ پارتىيىنىڭ ئۈچ كىشىلىك رەھبىرىنىڭ بىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1909 - يىلى ئىمپېرىيە سۇلتانى ئابدۇل ھەمىد II باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھەربىي زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا، مۇستاپا كامال 3 - ئارمىيە ۋە باشقا ئارمىيىنى باشلاپ ئىستانبولغا كېلىپ، سۇلتاننىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنى يەنە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغان. ئەنۋەر پاشا بۇ ئىشتىن كېيىن، 1909 - ۋە 1910 - يىللىرىدا بېرلىندىكى تۈركىيە ئەلچىخانىسىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ تېخى تۈركىيىنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى ئەنگلىيە ياكى گېرمانىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ قايسىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى بېكىتمىگەنىدى. 1909 - يىلى، گېرمانىيە ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈۋاتقان سورۇندا، ئۇ، ئەنگلىيىنىڭ سودا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋىنستون چېرچىل[1] بىلەن كۆرۈشكەن. 1910 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، لوندوندا چېرچىل ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن.

1911 - يىلى، ئەنۋەر پاشا گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىشنى قارار قىلغان. بۇ مەزگىلدە، ئەنۋەر پاشا ئىستانبول

---

[1] چېرچىل (1874 — 1965) ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى.

قەلئەسىدىكى چەكسىز ھوقۇقلا ۋە تەسىرگە ئىگە شەخس ئىدى. مۇستاپا كامال ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. سۇلتان مۇھەممەت V (1909 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئەمەلىيەتتە ئەنۋەر پاشانىڭ ئالدىدا بىر قورچاق پادىشاھقا ئايلىنىپ قالغان. ئەنۋەر پاشا 1911 ـ يىلى تۈركىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، لىۋىيىدە ئىتالىيە ئارمىيىسىگە زەربە بەرگەن، 1912 ـ ۋە 1913 ـ يىللىرى بالقان ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1914 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەمدە تۈركىيە ئارمىيىسىنى باشلاپ، كاۋكازدا رۇسلار بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇ بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدا تۈركىيىنىڭ گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ تەشەببۇسنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مۇستاپا كامال بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئەنۋەر پاشاغا: «تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتناشماي بىتەرەپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، مەن بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيىنىڭ يېڭىپ چىقىشىغا مەڭگۈ ئىشەنمەيمەن» دېگەن. ئەنۋەر پاشا بىلەن مۇستاپا كامال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەل مۇشۇ جەھەتتىكى قاراشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى يىرىكلىشىپ كەتكەن.

ئەنۋەر پاشا روسىيىدە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، تۈركىيىنىڭ تاشقى كاۋكازغا قاراپ كېڭىيىشى ئۈچۈن، «پان ئۇرال ـ ئالتاي ئىتتىپاقى»نى قۇرماقچى بولغان.① لېكىن، 1918 ـ يىلى تۈركىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەنۋەر پاشا ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى

① «XX ئەسىر تارىخ لۇغىتى» (خەنزۇچە) 1988 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى 134 ـ بەت.

گۇمران بولغان. ئەنۋەر پاشا يوشۇرۇن هالدا گېرمانىيە پاراخوتى بىلەن تۇركىيىدىن كەتكەن.

ئەنۋەر پاشا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزمنى پۈتۈن دۇنياغا هۆكۈمران قىلىش ئۈمىدىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدە، بۇ يەرگە كەلگەن. 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باكۇدا ئېچىلغان «شەرق مىللەتلىرى مەجلىسى»دىن كېيىن، ئەنۋەر پاشا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتىگە قاراشلىق بۇخارا جۇمهۇرىيىتىگە كېلىپ، ئۇرۇشقا ئاتلانغان. ئەنۋەر پاشا مۇنتىزىم ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلغان ۋە هەربىي ئىشلار سەنئىتىنى تولۇق چۈشىنىدىغان تەجرىبىلىك شەخس سۈپىتىدە بارلىق قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن زور خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنغان. تۈركىستان ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتىدىكى باسمىچىلار هەرىكىتىگە ئۇنىڭ رەهبەرلىك قىلىشى قارار قىلىنغان، لېكىن يەنە بىر قىسىم رەهبەرلەر ئەنۋەر پاشاغا باشقىچە قاراشتا بولغان.

ئەنۋەر پاشانىڭ رەهبەرلىكىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى زەكىي ۋەلىدى[1] ، بۇخارا ئەمىرى ۋە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن سوۋېتپەرەس كىشىلەر بولغان. بولۇپمۇ زەكىي ۋەلىدىنىڭ «بولشېۋىكلار ، مىللىي

---

[1] زەكىي ۋەلىدى توغان — روسىيىنىڭ دۇنياغا مەشهۇر تۈركولوگىيە ئالىملىرى — بارتولىد، رادلوۋ ۋە مالوۋلار بىلەن بىر قاتاردا سانىلىدىغان باشقىرت ئالىمى. ئۇنىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ۋە «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى — تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى» دېگەن ئەسەرلىرى ناهايىتى مەشهۇر. ئۇ 1920 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ستالىن تەرىپىدىن چەت ئەلگە قوغلىۋېتىلگەن. ئاخىرقى ئۆمرى تۈركىيىدە ئۆتكەن.

قىزىل ئارمىيە ئاساسىدا بىر مىللىي تۈركىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى، نىڭ قۇرۇلۇشىغا رازى بولسا، بىز بولشېۋىكلار بىلەن بىرلىشىمىز»[1] دېيىشى باسمىچىلار رەھبەرلىرى ئارىسىدا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تۈركىلوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەن زەكىي ۋەلىدى ئۆزى مىڭ بىر مۇشەققەتتە قۇرغان باشقىرت ئارمىيىسىنى ئەنۋەر پاشانىڭ ئەمرىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئىش ئەنۋەر پاشانىڭ ۋە تۈركىستانلىقلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ ئاخىرقى كۈرىشىدە مەنپىي رول ئوينىغان. شۇنداقتىمۇ، ئەنۋەر پاشا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش نىيىتىدە، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى باشلىغان. 1922 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئەنۋەر پاشا ئافغانىستاندىن ئىككى يۈز ھەربى، سەككىز يۈز تال مىلتىق، سەكسەن تۆگە ئوق — دورا، تۆت پىلىموت كەلتۈرگەن ھەمدە باسمىچىلارنىڭ تارقاق كۈچلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەر سانىنى ئون يەتتە مىڭغا يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ 1922 ـ يىلى 19 ـ ماي كۈنى، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بىر ئولتىماتوم تاپشۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ تۈركىستان زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىن چېكىنمەيدىغانلىقى قارارلاشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 12 ـ توم 2 ـ قىسىم 421 ـ بەت. 1988 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە روسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدىكى باسمىچىلار ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. روسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باسمىچىلارنى تازىلاشقا كونكرېت ياردەم بېرىش توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، «بۇخارا ئىشلىرى ھەققىدىكى قارار»نى ماقۇللىغان.

ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەنۋەر پاشا ئارمىيىسى دەسلەپكى ھۇجۇمىدا، دۈشەنبە شەھرىنى رۇسلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ھەمدە بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇۋالغان. ئەنۋەر پاشانىڭ باسمىچىلار ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ئەنۋەر پاشانى «ئىنگلىزلارنىڭ جاسۇسى»، «شەرق مىللەتلىرىنىڭ دۈشمىنى» دەپ تەشۋىقات جېڭى قوزغاپ، تۈركىستانلىق رەھبەرلەرگە ھەر خىل ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلقنىڭ ئەنۋەر پاشا ئارمىيىسىنى قوللاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىلگىرى ئۆزلىرى زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالغان ۋەخپە يەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، تاقىۋېتىلگەن مەدرىسلەر ۋە مەھكىمە شەرئىيەلەرنىڭ قايتا ئېچىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئىچكى سودىنىڭ ئەركىن يولغا قويۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلغان.

ئەنۋەر پاشا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھەر خىل زامانىۋى قوراللارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، توپچى قىسىم قۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىستانلىق بەزى رەھبەرلەر ئەنۋەر پاشاغا ياردەم بەرمىگەن. نەتىجىدە، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە

قارشى 1922 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇن كۈنى ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئەنۋەر پاشا ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، دۇشەنبە شەھىرى قولدىن كەتكەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئەنۋەر پاشا بۇخارالىق رەھبەرلەردىن يەنە بىر قېتىم ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق ياردەم ئالالمىغان. ئەنۋەر پاشاغا ياردەم بېرىش ئۇچۇن ئاتلانغان بىر گورۇپپا ئافغان ئارمىيىسىمۇ توسالغۇغا ئۇچراپ يېتىپ كېلەلمىگەن. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، ئەنۋەر پاشا دۇشەنبە يېنىدىكى بەلجۇۋان چۆلىگە چېكىنگەن. ئۇ، ئەگەشكۈچىلىرىگە: «تۈركىستان ئۇچۇن مەڭگۈ كۈرەش قىلىمىز، تىرىك قالساق غازى، ئۆلسەك شېھىت بولىمىز، تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرىمىز، بۇنىڭدىن قورقماسلىق كېرەك. رۇس زۇلمى ئاستىدا ئىتقا ئوخشاش ياشىغاندىن كۆرە، ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش شەرەپ بىلەن جان بېرىمىز»[1] دەپ مۇراجەت قىلغان.

بەلجۇۋانغا چېكىنگەن ئەنۋەر پاشا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى 1922 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رۇسلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پېتراپ كەتكەن. رۇسلار ئەرمەن مىللىتىدىن بولغان ئاگابىكوۋ ئىسىملىك بىر بولشېۋىك بىلەن ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىر تاجىكنىڭ يول باشلىشى بىلەن، قۇربان ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى ئەنۋەر پاشانىڭ قارارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. ئەنۋەر پاشا دەرھال ئېتىغا مىنىپ جەڭگە كىرگەن. ئۇ بىر ئۆزى رۇسلاردىن ئونبىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پىلىموت ئوقى تېگىپ، ئابدەرە يېزىسىدا

---

[1] «ئىسلام ئىنسكلوپىدىيىسى» 1988 ـ يىل ئىستانبول نەشرى. 12 ـ توم 2 ـ قىسىم 422 ـ بەت.

جىنىدىن ئايرىلغان.

ئەنۋەر پاشانىڭ ئۆلۈمى باسمىچىلارغا چوڭ زەربە بولغان. ئەنۋەر پاشانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە داۋاملىق قوشۇن ئەۋەتىپ، باسمىچىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى داۋاملىق يوقاتقان. 1923 ـ يىلى يازدىن 1924 ـ يىلى قىش پەسلىگىچە، باسمىچىلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى تارمار قىلىنغان، 1926 ـ يىلى ئىبراھىمبېك گۇرۇھى يوقىتىلغاندىن كېيىنلا، سوۋېت ھاكىمىيىتى بۇ جايدا ھەقىقىي يوسۇندا مۇستەھكەملەنگەن.①

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى ھەقىقىي يوسۇندا تىكلەنگەندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ جايدا ھەممە كىشىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق تەربىيىگە ئىگە قىلىش ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بارغان، ھەتتا، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن چەت ئەللىك سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىمۇ بۇ خىلدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرغان. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» دىكى مۇنۇ بايانلىرىدىنمۇ بىز بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز: «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئورگانلىرى شىنجاڭدىن ئىشلەشكە چىققان ئەمگەكچىلەرنى تەشكىللەپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي تەشۋىقات، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر بۆلۈك بىلىملىك

---

① بىر قىسىم باسمىچىلار قوشنا ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن، جۇملىدىن شىنجاڭغىمۇ نۇرغۇن ئۆزبېك، قىرغىز باسمىچىلار قېچىپ كەلگەن.

كىشىلەرمۇ يېتىشىپ چىققانىدى. مانا مۇشۇنداق كىشىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئېچىپ بەرگەن يول بىلەن ماڭغاندىلا، ئۆز ئازادلىقى ۋە بەخت - سائادىتىنى تاپالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تەشكىللەنگەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا، ئۇلار ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلغانىدى.»[①]

مەمتىلى ئەپەندىمۇ بۇ خىل سىياسى تەشۋىقى تەربىيىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بۇ خىل تەربىيىنى ھەدېگەندە قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىڭدا شۇ ۋاقىتتا پەيدا بولغان رۇسلارغا بولغان مىللىي ئىشەنمەسلىك ئىدىيىسى سەۋەب بولغانىدى. ئۇ، ئۆز تارىخىدا كېڭەيمىچى ۋە ھۆكۈمران مىللەت بولغان رۇسلار يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تۈزۈم مۇناسىۋىتى بىلەن قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا ئۆزگىرىپ باشقا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار بۇ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تۈزۈمنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ۋاستىلىرى ۋە بايرىقى ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋام قىلىشۋېرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى قارار، قانۇن ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى تەشۋىقات ۋە ۋاستە دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار ۋەدە قىلىشۋاتقان جەننەتلىرىنى بۇ زېمىندا پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا قۇرىدۇكى، ھەرگىز يەرلىك خەلق ئۈچۈن قۇرۇپ بەرمەيدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ زېمىنى، بايلىقى ۋە ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ، خالاس. ئەۋلادلار ئالمىشىدۇ، ھۆكۈمەتلەر ئۆزگىرىدۇ، نەزەرىيە، ئىدىيە

① «ئۆمۈر داستانى» 1 - قىسىم 151 - بەت.

ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى يېڭىلىنىدۇ، ئەمما مەقسەت ۋە ماھىيەت ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق قاراشنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا شۇ ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئىككى چوڭ ۋەقە سەۋەب بولغان. بۇنىڭ بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە سالغان يەتتىسۇدىكى «ئاتۇ» پاجىئەسى ئىدى.

يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتىدىكى مەڭگۇ ئۇنتۇلماس بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق بولغان:

1918 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يېڭى تىكلىنىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالمۇتانى ئىگىلىگەن قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرىنىڭ قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى قارا ـ قويۇق قىرغىن قىلىشىدەك قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. بۇ پاجىئە تارىختا «ئاتۇ» پاجىئەسى دەپ ئاتالدى. مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زىيانكەشلىك قىلىش سۈيىقەستى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بۇ قانلىق پاجىئە ئەينى ۋاقىتتا يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئېغىر بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەت قالدۇردى.

يېڭىدىن تىكلىنىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قوشۇنلىرى نېمە ئۈچۈن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنى قىرغىن قىلىدۇ؟

1917 ـ يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تارمار قىلىنغان ئاق ـ لار ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى يوشۇرۇن تۈردە جاي ـ جايلارغا بېرىپ تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتۈشكە ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇتراتقان. ئاقلارنىڭ ئاز ساندىكى ئوفىتسېرلىرى ئالمۇتا تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ «بولشۋىكلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى جازالايدۇ،

شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋالدۇ...» دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. مۇشۇنداق تەشۋىقاتلار يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى چېلەك قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى بۇنىڭغا ئىشىنىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان. مەسىلەن، 1918 - يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرى بىر قىسىم يەرلىك ئەمەلدارلار قاراسۇ بولۇسلۇقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنى باشلاپ، كەتمەن - گۈرجەك، ئارا - ئورغاققا ئوخشاش ئىنتايىن قالاق قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، سوۋېت قىزىل گۋاردىيىسى ئىگىلىگەن ئالمۇتا سېپىلىغا ھۇجۇم قىلغان. سېپىل ئىچىدىكى مۇنتىزىم قوراللار بىلەن قوراللانغان قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرى قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىپ، 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە قەدەر ئىسيانچىلارنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. سېپىل ئىچىدىكى قىزىل گۋاردىيە كوماندىرلىرى ئىۋان مامۇنتوۋ، مۇرايېۋلار مەسىلىگە ئىنتايىن خاتا ھالدا مىللەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، 1918 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇيغۇرلارغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك جازا يۈرۈشى قوزغىغان. مۇرايېۋ قوشۇنلىرى ئالمۇتادىن غالجاتقىچە بولغان چېلەك، كېيىكۋاي، ئىنچىكە بۇلاق، قورام، لاۋار، مالىۋاي، قاراتۇرۇق، بايسېيىت، قارا يوتا، غەيرەت، ئاۋات، دولاتا، تۈگمەن دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇر يېزا - قىشلاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالمۇتا سېپىلى ۋەقەسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇقلا رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلغان.

ئاتۇ پاجىئەسى ئەڭ دەسلەپ چوڭ ئاقسۇدىن باشلانغان. مۇرايېۋ قوشۇنلىرى بۇ جايدا ئىككى يۈزدىن ئوشۇق ئۇيغۇرنى ئوتتۇرا كوچا بىلەن ھەيدەپ كېلىپ، سادىر ئىمام دېگەن

كىشىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقا تەرەپتىن پىلىموتقا تۇتقان. ئۆلمەي مىدىرلىغانلارنى نەيزە بىلەن سانجىپ، تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلار ئوققا تۇتۇلغانغا قەدەر، ئۆزلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قىرىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. چېلەك ناھىيىسىنىڭ لاۋار، ئىنچىكە بۇلاق دېگەن يېزىلىرىدىمۇ مۇرايېۋ قىسىملىرى ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا قىرغىن قىلغان. لاۋارنىڭ ئۆستەڭ سۇلىرى قىزىل قانغا بويالغان. تۈگمەن يېزىسى ئاممىۋى قىرغىنچىلىقنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇپ، بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن بىگۇناھ ئۇيغۇر ئاھالىسى قىرىپ تاشلانغان. نەچچە ئون كۈن داۋام قىلغان ئاتۇ قىرغىنچىلىقى جەريانىدا، نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلگەن. پەقەت چېلەك ناھىيىسىنىڭ قورام يېزىسىدىلا ئۈچ مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى قىرىپ تاشلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىرغىنچىلىك داۋامىدا قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۈركۈپ كەتكەن سان ـ ساناقسىز ئۇيغۇر ئاھالىلىرى جان قايغۇسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بەزىلەر تاغ ـ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنغان، بەزىلەر ئۇزاق سەپەرلەردە ھېرىپ ـ چارچاپ، ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىپ، ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ ئازاب چەككەن، يۈزلىگەن ئۇششاق بالىلار ۋە تېنى ئاجىز قېرىلار ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان ئاھالە باشقا يۇرتلارغا ۋە چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن. قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قېپقالغان مال ـ مۈلۈكلىرى تالان ـ تاراج قىلىنغان. قىسقىسى،

قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق ۋە گادايلىق تۇرمۇشى تېخىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان. ناھەق قىرىپ تاشلانغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇزاق يىللارغىچە جۇدالىق ۋە ئۇۋالچىلىق دەردىنى تارتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خورلانغان. دېمەك، بۇ قانلىق قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلگەن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئېسىگە كېلەلمىگەن. . .

يەتتىسۇ ئوبلاستىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، 1918 ـ يىلى ئاۋغۇستتا، ئالمۇتا ئۇيېزدلىق دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. قۇرۇلتايدا، ئاتۇ پاجىئەسى قاتتىق ئەيىبلىنىپ، ناھەق قىرىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلارنى ئاقلاش، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، مۇرايىۋغا ئوخشاش جاللاتلارنى جازالاش ھەققىدە قارار چىقىرىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى يەتتىسۇ سوۋېت ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئاھالىسىگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئاتۇ پاجىئەسىنى ئەيىبلەپ، ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشنى ئاكتىپ تەشكىللىگەن. تەتجىدە، مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىللىنىپ ئىلى رايونىغا كېلىپ، بۇ جايلارغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن.

يەنە بىر ئىش 1921 ـ يىلى يۈز بەرگەن. ئۇ ئىش مۇنداق بولغان: 1921 ـ يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قېچىپ كەتكەن ئاقلارنى تازىلاش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگەن. شۇ چاغدا، يەتتىسۇ ئىنقىلابچىلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىروۋ، سوپى زارۋات قاتارلىق بولشۋېكلار

باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان بويىچە بىرىنچى قۇرۇلتىيى تاشكەنتتە[1] 1921 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئېچىلىپ، ئۇنىڭدا ئىتتىپاقنىڭ پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى دوكلات ماقۇللانغان، توققۇز كىشىلىك ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلغان. قۇرۇلتاي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىغا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بىلەن تۆگەن ماسەنچىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەن. قۇرۇلتاي يەنە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتى قارمىقىدا، پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققان ئىشلەمچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسىي ئاقارتىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى، ئۇيغۇر ۋە تۆگەنلار ئىچىدىن تەشۋىقاتچى ۋە تەشكىلاتچى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى قارار قىلغان. «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى قەشقەرىيىلىك ۋە جۇڭغارىيىلىك

[1] «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلتىيىنىڭ تاشكەنتتە ئېچىلىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، چۈنكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يىللىرى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئالتە ـ يەتتە يۈز مىڭ ئەتراپىدا بولغان. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ» دېگەن كىتابتا: ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان بىر دوكلاتىدا، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنى ئالتە يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ دەپ كۆرسەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ، فەرغانە رايونىدا ئۈچ يۈز مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى يېزىلغان. فەرغانىدىكى ئۈچ يۈز مىڭچە ئۇيغۇر ئاھالىسى كېيىن مەۋجۇت بولماي قالغان، يەرلىك خەلققە سىڭىشىپ يوقالغان. قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىنى ئاساس قىلىپ ھېسابلىغاندىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە، بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئۈچ يۈز مىڭچە ئۇيغۇر ئاھالىسى قېپقالغان.

كوممۇنىستلار بىلەن پارتىيىسىز ئامما ئىچىدە قانداق خىزمەت ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ئەنە شۇ «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى ئاق قاچاقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلىرىغا ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، روسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى، خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتى ۋە روسىيە سوۋېت فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركىستان كومىسسىيىسىگە تەلەپ يوللىغان. موسكۋاغا يوللانغان بۇ تەلەپكە جاۋابەن، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گ. ۋ. چىچېرىن 1921 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۈركىستان كومىسسىيىسىنىڭ رەئىسى يا. ئى. رۇدزۇتاققا يوللىغان تېلېگراممىسىدا، روسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ بۇ تەلەپكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سوۋېت روسىيىسىنىڭ شۇنداقلا جۇڭگودىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرغان. تېلېگراممىدا: «بىز ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگو بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش باش سىياسىتىمىز بويىچە، جۇڭگو دائىرىلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك»[1] دېيىلگەن.

بۇ ئىككى ۋەقە مەمتىلى ئەپەندىنى يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپلىمە قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. ئۇ بۇ ئىككى پاكىتنى دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇسلارنىڭ يېڭى شارائىت ئاستىدىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان مىللەتچىلىكى ۋە

① «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» 1987ـ يىل، 1ـ سان. 105ـ بەت.

مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىك سىياسىتىنى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چارروسىيە دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە ئېهتىياجىنىڭ تارىخىي قۇربانى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىگە تەشۋىقىي تەرغىبات يۈرگۈزۈۋاتقانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغان. مۇنازىرىدە ئۇ زورلاشقا دۇچ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن مەمتىلى ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېررىتورىيىسىدە تۇرۇۋەرسە ئۆزىگە خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى، ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئارزۇيىنىڭمۇ بۇ دۆلەتتە تولۇق ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تۈركىيىگە كەتمەكچى بولغان.

سوۋېت زېمىنىدا زور مەنىۋىي بېسىمغا ۋە ماددىي موھتاجلىققا دۇچ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندى داۋاملىق ھەقىقەت ئىزدەپ شۇنداقلا كېرەكلىك بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تۈركىيىگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، كاۋكازغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېسىپ ئۆتۈپ، 1928 - يىلى يازدا، قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىمغا[1] يېتىپ كەلگەن.

مەمتىلى ئەپەندى قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى سېۋاستوپول پورتىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، تۈركىيىگە چىقىشنىڭ يولىنى

---

① قىرىم يېرىم ئارىلى 1239 - يىلى تاتارلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، 1475 - يىلى تۈركىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. 1783 - يىلى رۇسلار ئۇنى ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. 1954 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوكرائىن مىللىتىدىن بولغان رەھبىرى خروششېۋ قىرىمنى روسىيىدىن ئوكرائىناغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. قىرىم يېرىم ئارىلىنىڭ يەر مەيدانى يىگىرمە بەش مىڭ سەككىز يۈز سەكسەن كۋادرات كىلومېتىر، ھازىرقى نوپۇسى ئىككى مىليون بەش يۈز مىڭ. ئۇنىڭ ئاتمىش بەش پىرسەنتى رۇس، يىگىرمە پىرسەنتى ئوكرائىن، ئون پىرسەنتى تاتار.

ئىزدىگەن. نەتىجىدە، تۈركىيىلىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. بۇ كىشى مەمتىلى ئەپەندىنى بىر ئامال قىلىپ پاراخوت ئارقىلىق ئىستانبولغا يەتكۈزۈپ قويغان. بۇ دەل 1929 ـ يىلى كۈزنىڭ باشلىرى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى 1920 ـ يىلى ئاتۇشتىن چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ تاكى ئىستانبولغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ھاياتىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى تارتقان، ھەر خىل ئىدىيە ـ ئېقىملار بىلەن ئۇچراشقان، ھەر خىل ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەن. دېمەك، ئۇ، ئوتتۇز ياشقا قەدەم قويغىچە، پىشىپ ـ يېتىلگەن بىر ئادەم بولۇپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىستانبولغا ساق ـ سالامەت قەدەم قويغانلىقى ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى مۇھىم مۇساپە بولۇپ قالغان.

مەمتىلى ئەپەندى بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە، تالاي بەدەللەرنى تۆلەپ، تالاي مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، تالاي مۇساپىلەرنى بېسىپ تۈركىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويغان چاغ دەل گۇمران بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە تۇشمۇ تۇشتىن يېڭىلىقتا كۆچۈش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلار ئىدى.

ئاناتولىيە تۈزلەڭلىكىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەت گەرچە ياش بولسىمۇ، ئەمما تۈرك خەلقىنىڭ بۇ تۇپراق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇزۇن ئىدى.

ئاناتولىيىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىسى خاتتىلاردۇر. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىللاردا بۇ تۇپراقتا يۈكسەك بىر

مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردا، ھىتتىلار كاۋكاز يولى ئارقىلىق ئاناتولىيىگە كېلىپ، خاتتىلار بىلەن قوشۇلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي- سىياسىي تەشكىلىنى قۇرۇپ چىققان. ھىتتىلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تەسىرى بۇ تۇپراقتا خېلى ۋاقىت داۋاملاشقان. كېيىن ھۇررىلەر، لۇۋىلەر، ئۇرارتۇلار، فىرىگلار، لىدىيالار، كارىيالار، لىكيالار، ئىيونىيلار ۋە ۋىزانتىيىلىكلەرمۇ ھىتتىلەرگە ئوخشاش بۇ تۇپراقتا بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئاناتولىيىنىڭ ئەڭ كېيىنكى ئىگىلىرى ھېسابلانغان تۈركلەرمۇ كىچىك ئاسىيادا يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۆت چوڭ دۆلەت قۇرۇپ، بۇ زېمىنگە ئۆز تامغىسىنى باسقان.

تۈركىي خەلقلەردىن ئاناتولىيىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقانلار مىلادى 999 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيە قۇرغان ئوغۇز تۈركلىرىدىن سەلجۇقىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىلادى 1070 ـ يىلى ئارمېنىيىنى باشلاپ ئاناتولىيە دائىرىسىگە كەلگەن سەلجۇقىلار خانى ئالپ ئارسلان مالاز ـ گىرىتتا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى رومانوس دىئوگېنېسنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئاناتولىيىنىڭ تۈركلىشىش دەۋرىنى باشلىغان. ئاناتولىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيادا يۇقىرى بىر مەدەنىيەت ياراتقان تۈركلەر غەرب مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تۈركلىشىش دەۋرىنى ئاناتولىيىنىڭ يەرلىك خەلقلىرىگە ھېچقانداق بىر بېسىم ياكى زورلاش ۋاستىسىنى قوللانماستىن تۈرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئالپ ئارسلان خاندىن كېيىن سۇلتانلىق ئورنىغا چىققان

مەلىك شاھ دەۋرىدە، ئوتتۇرا شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەن سەلجۇقىلار بۇ خانىنىڭ ئۆلۈمى ۋە جىددىي قوزغالغان ئەھلى سەلىبىنىڭ يۈرۈشلىرىگە قارشى سەپەرلەر سەۋەبىدىن، قىسقا ۋاقىتتىلا ئاجىزلىششقا باشلىغان. مىلادى 1151 ـ يىلى قىتانلار (قارا خىتايلار) نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆزىنى ئوڭشىيالمىغان سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى 1157 ـ يىلى سۇلتان سەنجەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن.

سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، يەنى 1077 ـ يىلى، سەلجۇقىلارنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى مەلىك شاھنىڭ پەرمانى بىلەن، سۇلايمان شاھ تەرىپىدىن ئاناتولىيە سەلجۇقىلار دۆلىتى قۇرۇلغانىدى. سۇلايمان شاھ 1086 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئاناتولىيىنىڭ پۈتكۈل دائىرىسىگە كېڭەيتكەنىدى. لېكىن، ئەھلى سەلىبىنىڭ يۈرۈشى بۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت ئۈچۈن جىددىي تەھلىكە پەيدا قىلغان. بېسىپ ئۆتكەن جايلىرىنى قاتتىق تالان ـ تاراج ۋە خانىۋەيران قىلغان 1 ـ قېتىملىق ئەھلى سەلىب ئارمىيىسى (1096 — 1099 ـ يىللار) سۇلايمان شاھنىڭ چوڭ ئوغلى قىلىچ ئارسلاننىڭ قاتتىق قارشىلىقى نەتىجىسىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قۇددۇس (يەنە بىر ئىسمى يېرۇسالىم) قا ئاران قېچىپ بارالىغان. ئەھلى سەلىبىنىڭ سۇلتان مەسئۇد I نىڭ دەۋرىگە توغرا كەلگەن ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشىمۇ (1147 — 1149 ـ يىللار) قاتتىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۈچىنچى قېتىملىق ئەھلى سەلىبنى (1189 — 1192 ـ يىللار) ئېلىپ بارغانلار بولسا، ناھايىتى زور بەدەل تۆلەش

ھېسابىغا ئاناتولىيە تۇپرىقىدىن ئۆتكەن.[1]

قىلىچ ئارسلانخان II نىڭ مىلادى 1176 - يىلى مىريوكېفېلودا ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقى) ئىمپېراتورىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى ۋە ئەھلى سەلىپ ئىستىلاسىنىڭ توسۇپ قېلىنىشىدىن كېيىن، ئاناتولىيە

---

[1] ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى — دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر ئۇرۇشلارنىڭ بىرى. بۇ ئۇرۇش ياۋروپا خرىستىيانلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇددۇس شەھرىنى (يېرۇسالېمنى) تارتىۋېلىش مەقسىتىدە قوزغالغان. ياۋروپا خرىستىيانلىرى قۇددۇس شەھرىنى ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغان ۋە «ئىنجىل» ئاپىرىدە بولغان مۇقەددەس جاي دەپ قاراپ تاۋاپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلكىدە تۇرۇشىغا چىدىمىغان. مۇسۇلمانلار بۇ شەھەرنى خەلىپە ئۆمەر (534 — 644 - يىللار) دەۋرىدە ئىشغال قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدىمۇ، بۇ شەھەر مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەرشكە چىقىپ ئاللا بىلەن يۈز كۆرۈشكەن مۇقەددەس شەھەر بولۇپ، مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى.

ياۋروپا خرىستىيانلىرى 1096 - يىلى يۈز مىڭلىغان كىشىلىك كىرست ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ، يېرۇسالېمغا قاراپ ئاتلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1271 - يىلغىچە بولغان بىر يۈز يەتمىش بەش يىل جەريانىدا، ياۋروپا خرىستىيانلىرى سەككىز قېتىم ئەھلى سەلىپ يۇرۇشى قوزغىغان، تۆلىگەن بەدىلى مىسلىسىز بولغان، مەغلۇبىيىتى تولىمۇ پاجىئەلىك بولغان. ياۋروپا خرىستىيانلىرىنىڭ بۇ شەھەرگە ئېرىشىش ئارزۇسىنى بىتچىت قىلىشتا، تۈركلەر ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. ياۋروپا خرىستىيانلىرىنىڭ يېرۇسالېمغا ئېرىشىش ھەققىدىكى بىر مىڭ بەش يۈز يىللىق ئارزۇسى پەقەت 1918 - يىلى ئەنگلىيىلىكلەر زەئىپلەشكەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدىن پەلەستىننى تارتىۋالغان چاغدىلا ئەمەلگە ئاشقان. خرىستىيانلار بۇ شەھەرگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى پەلەستىنگە يەھۇدىيلارنى كۆچۈرۈپ توپلاپ، ئۇلارنى يۆلەپ، 1948 - يىلى ھازىرقى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قولمۇ قول قۇرۇپ چىققان.

سەلجوقىلار دۆلىتى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلغان. سۇلتان ئالائىدىن كەيقۇبات دەۋرىدە (مىلادى 1219 — 1237 ـ يىللار دەۋران سۈرگەن) ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان سەلجۇقىلار دۆلىتى غىياسىددىن كەيخىسراۋ دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ بېسىمىغا بويۇن ئېگىشكە باشلىغان. كۆسە تاغ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاناتولىيە رەسمىي يوسۇندا موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. سالجۇقىلارنىڭ سەلتەنەتى بولسا، مىلادى 1308 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇد II نىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشقان.

سەلجۇقىلار دۆلىتىنىڭ XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشى بىلەن، ئاناتولىيە بىر قانچە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بىرى بولغان ئوسمانلىلار ئىلگىرى سەلجۇقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرغان بارلىق بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاناتولىيىنىڭ بىرلىكىنى قايتىدىن تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن، تارىخنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان ئىمپېرىيىلىرىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، پارلاق بىر مەدەنىيەت يارىتىلغان.

ئوسمانلىلارنىڭ يىلتىزى ئاناتولىيە سەلجۇقىلار دۆلىتىنىڭ ۋىزانتىيىگە چېگرىداش بولغان غەرب تەرىپىدىكى سۆگۈت ۋە دومانچ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك بىر چېگرا بەگلىكىگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. سەلجۇقىلار سۇلتانى ئالائىدىن كەيقۇبات بۇ رايوننى ئوغۇزلارنىڭ قايى قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەرتوغرۇل بەگنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان. ئەر ـ توغرۇلنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، بۇ رايون ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمان بەگ (1280 — 1324 ـ يىللار دەۋران سۈرگەن) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئوسمان بەگ بۇ كىچىك بەگلىكنى ۋىزانتىيە بىلەن سەلجۇقىلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمالسىز ھالەتتىن پايدىلىنىپ

خېلىلا كېڭەيتىۋالغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى يولىدىكى تۇنجى قەدەمنى باسقان. ئىنەگۆل، بىلەجىك، يارھىسار ۋە مۇداينا قاتارلىق جايلار ئوسمان بەگنىڭ 1324 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمان بەگنىڭ ئوغلى ئورخان غازىمۇ (1324 — 1362 ـ يىللار دەۋران سۈرگەن) كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1326 ـ يىلى ۋىزانتىيىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بورسانى ئىگىلىگەن. بورسانىڭ قولغا كىرگۈزۈلۈشى ئوسمانلىلار ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئادەتتىكى بىر كۆچمەن چېگرا بەگلىكىنى پايتەختى، چېگراسى، ئولتۇراق خەلقى، مۇنتىزىم ئارمىيىسى، دۆلەتنى قوغداش ۋە زېمىنىنى كېڭەيتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەقىقىي بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان. ئورخان بەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئوسمانلى ئارمىيىسى 1329 ـ يىلى ئىزنىكنى ئىگىلىگەن، تۇنجى قېتىم رۇمەلىگە قەدەم باسقان.

ئورخان غازى 1362 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوغلى مۇرات I تەختكە چىققان. شۇ يىلى ئەدىرنەنىڭ ئىگىلىنىشى تۈركلەرگە بالقاننىڭ يولىنى ئاچقان. بۇ مەزگىلدە، ئاناتولىيىدىكى تۈرك بەگلىكلىرىنىمۇ تىزگىنلەش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان مۇرات I ئاساسلىق رەقىبى بولغان قارامانلىلارنىمۇ غەلىبىلىك ھالدا ئۆزىگە باش ئەگدۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوسمانلىلارنىڭ بالقان ئۆلكىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى سىرپ سىندىگى (1364 ـ يىل) ۋە كوسوۋا (1389 ـ يىل) ئۇرۇشلىرىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلىشى ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپادىكى مەۋجۇتلۇقىنى مۇقىملاشتۇرغان.

سۇلتان مۇرات دادىسىنىڭ ئۆزىگە گېلىپولىندە قالدۇرغان غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ، تراكىيا، ماكېدونىيە، بولغارىستان ۋە سىربىيىستاننى ئىشغال قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەرىدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەقىقىي قورغۇچىسى بولۇپ ھېسابلانغان.

مۇرات I نىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى يىلدىرىم بەيازىد ئاناتولىيىدىكى بەگلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، دۆلەت زېمىنىنى رۇمەلى تەرەپكە قاراپ كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ كېڭىيىش نەتىجىسىدە قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تەشكىللىگەن زور ئارمىيىسى دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1396 ـ يىلى نىگبولۇدە ئوسمانلى ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇرۇش ئوسمانلى ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. غەربتە ياۋروپالىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ زور غەلىبىگە ئېرىشكەن يىلدىرىم شەرق تەرەپتە ناھايىتى زور خەتەرگە دۇچ كەلگەن. بۇ خەتەر سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان تۆمۈرىلەر دۆلىتىدىن كەلگەن. تۆمۈرلەڭنىڭ يېڭىلمەس قوشۇنى ئوسمانلىلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرلەڭ بىلەن يىلدىرىم بەيازىد 1402 ـ يىلى ئەنقەرە ئەتراپىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇرۇشتا يىلدىرىم بەيازىد مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ۋە ئانچە ئۇزاققا بارماي ئالەمدىن ئۆتكەن.

بەيازىدنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ باشلانغان تەخت تالىشىش كۈرىشى ۋە ئىچكى نىزاھلار مەخمۇت چەلەبى 1413 ـ يىلى ئاناتولىيىنىڭ بىرلىكىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل داۋاملاشقان. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەنقەرە ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ھالىتىگە پەقەت مەخمۇت چەلەبىنىڭ

ئوغلى مۇرات II نىڭ دەۋرىگە كەلگەندىلا قايتا ئېرىشەلىگەن. بۇ مەزگىلدە، ئاۋۋال ئاناتولىيىنىڭ سىياسىي بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ئاندىن كېيىن، تۈركلەر 1444 ـ يىلى ۋارنا يېنىدا ۋېنگىر پادىشاھى قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيىنى مەغلۇپ قىلغان، تۆت يىلدىن كېيىن، يەنە كوسوۋادا يېڭى بىر زەپەر قازانغان. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلىلار بالقاندا تەڭداشسىز ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن. سۇلتان مۇرات II ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، ئوسمانلىلار دۇنيا سەھنىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بىرىگە ئايلانغان ھەمدە بىناكارلىق ۋە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

سۇلتان مەخمۇت II (1451 — 1481 ـ يىللار) ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تەختكە چىققان مەزگىللەردە، ۋىزانتىيىدە ئىچكى ئۇرۇشلار ئەۋج ئالغانىدى. بۇنى غەنىيمەت بىلگەن ياش سۇلتان مەخمۇت II بىر قېتىملىق قاتتىق قورشاۋدىن كېيىن، 1453 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېگىرمە بىر يېشىدا ئىستانبولنى ئىشغال قىلىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلغان. مۇشۇ غەلىبىسى بىلەن، پۈتكۈل ئىسلامىيەت ئەللىرى تەرىپىدىن «فەتھ سۇلتان مۇھەممەت» دەپ مەدھىيىلىنىپ شۆھرەتلەنگەن سۇلتان مەخمۇت II ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا بىر يېڭى دەۋر ئاچقان.

سۇلتان مەخمۇت II نىڭ ئىستانبولدىكى غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان. غەزەپلىك قىقاس ـ چۇقانلار پۈتكۈل ياۋروپانى بىر ئالغان، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىسى نەچچە ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. چۈنكى، سىمۋۇللۇق تۈسكە ئىگە شەھەر ئىستانبولنىڭ قولدىن كېتىشى تەخمىنەن مىڭ يىللارچە داۋام قىلغان شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقالغانلىقىنىڭ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا قەدەر كېڭەيگەن

يېڭى كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىسىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان.[1]

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى فەتھ سۇلتان مەخمۇت Ⅱ نىڭ تۆھپىسى بىلەن XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان تېز سۈرئەتلىك بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان. غەربتە مورا، ئەفلاك، بوگدان، بوسنا، ھېرسېك ۋە سىربىستان، شەرقتە قارامان دۆلىتى، ئىسفەندىيار بەگلىكى ۋە تىرابزون رىم ئىمپېراتورلىقى ئوسمانلىلارغا قېتىلىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئوتلۇق بىلى ئۇرۇشىدا (1472 ـ يىلى) ئاق قويۇنلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئۇزۇن ھاسان مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى فرات دەرياسى بىلەن تۇرۇس تاغلىرىغىچە كېڭەيگەن.

فەتھ سۇلتان مەخمۇت Ⅱ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان بەيازىد Ⅱ نىڭ دەۋرىدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە قەدەم قويغان. 1512 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان بۇ تۇرغۇنلۇق دەۋرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى پەقەت دېڭىز (سۇ) كۈچى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتتىن ئىبارەت.

دادىسى بەيازىد Ⅱ تېخى ھايات ۋاقتىدىلا يەنى 1512 ـ يىلى تەختكە چىققان ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئۆزىنىڭ قىسقا مەزگىل داۋاملاشقان سۇلتانلىق دەۋرىدە، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ئوسمانلىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. ئۇ 1514 ـ يىلى چالدىران، 1516 ـ يىلى رىدانىيە، 1517 ـ يىلى مېرجىدابىك ئۇرۇشى ئارقىلىق سۈرىيە، پەلەستىن، ھىجاز ۋە مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئىمپېرىيە

---

① «تارىخنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن يۈز مەشھۇر كىشى» ۋېنخۇي نەشرىياتى. 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 71 ـ بەت

خەرىتىسىگە قوشقان. مىسىرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن، «خەلىپىلىك» ئاباسىيلارنىڭ قولىدىن ئوسمانلى خاندانىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوسمانلىلارنىڭ سۇلتانى بولغان كىشى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭمۇ خەلىپىسى بولغان.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ پارلاق دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە سۇلتان سەلىمنىڭ ئوغلى سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە (بۇ سۇلتان 1520 ـ يىلىدىن 1566 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئېرىشكەن. قىرىق ئالتە يىل ھۆكۈم سۈرگەن قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان دادىسىنىڭ ئەكسىنىچە، كۆزىنى ياۋروپاغا تىككەن. ئۇ 1521 ـ يىلى بېلگىراد، 1522 ـ يىلى رودوس، 1526 ـ يىلى موخاچ ئۇرۇشىنى قىلىش ئارقىلىق بوداپېشتنى ئىگىلىگەن، 1529 ـ يىلى ۋېنانى قورشاۋغا ئالغان. ئۇ، غەربتە ئارقا ـ ئارقىدىن زەپەر قۇچۇۋاتقان پەيتتە، پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىرانلىقلار ئوسمانلىلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، تەبرىز شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ ئىش تۈپەيلى، قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان ئېتىنىڭ بېشىنى شەرققە بۇراپ، بىر ھۇجۇم بىلەن تەبرىزنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇ، يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، 1534 ـ يىلى باغداتنى ئىشغال قىلغان. ئوسمانلىلارنىڭ كېمە ئەترىتىنىڭ قوماندانى بارباروس ھايرەتتىن پاشا بۇ يىللاردا لىۋىيە، خاس ۋە جازايىرنى ئوسمانلىلار تەۋەلىكىگە قوشقان. بارباروس پاشانىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور غەلىبىسى 1538 ـ يىلى پرېۋېزىدە ئىسپانىيە ۋە ۋېنتسىيىنىڭ بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاق دېڭىزنى بىر تۈرك كۆلى ھالىتىگە كەلتۈرگەنلىكى بولغان.

يېڭىلمەس ئىستىلاچى، يېتىشكەن سىياسىئون ۋە تۇيغۇغا باي شائىر قانۇنىي سۇلايمان 1566 ـ يىلى زىگىتۋار سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمانلى

ئىمپېرىيىسىنىڭ فەتھ سۇلتان مەخمۇت II نىڭ سەلتەنەت تەختىگە چىقىشى بىلەن باشلانغان پارلاق دەۋرى قانۇنىي سۇلتان سۇلايماننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئاخىرلىشىشقا يۈزلەنگەن.

قانۇنىي سۇلتان سۇلايماندىن كېيىن پادىشاھ بولغان سەلىم II نىڭ ياش ۋەزىرى سوكۇللۇ مەخمۇت پاشانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ كېڭەيتىلىشى يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشقان. ھەرەمخانىنىڭ① سىياسىيدىكى تەسىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە قانۇنىي سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە دەسلەپكى بەلگىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈلگەن قىيىنچىلىقلار ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەلگەن. باشقۇرۇش جەھەتتىكى چېكىنىش ۋە ئاناتولىيىدە باشلانغان ئىچكى كۆرەشلەر ئىمپېرىيىدىكى دەسلەپكى داۋالغۇشلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان.

ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلۈۋاتقان چاغلاردا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى زېمىنىنى كېڭەيتىش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولغان. قانۇنىي سۇلتان سۇلايماندىن كېيىن ئۆتكەن سەلىم II (1566 — 1574 - يىللار)، مۇرات III (1574 — 1595 - يىللار)، مەخمۇت III (1595 — 1603 - يىللار) ۋە ئەخمەت I (1603 — 1617 - يىللار) قاتارلىقلار ئىمپېرىيىنىڭ چۈشكۈن ھالەتكە قاراپ مېڭىشىنى توسۇپ قالالىغۇدەك ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالمىدى. 1593 - يىلى گېرمان ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان

① ھەرەم — ھەرەم ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ «چەكلەنگەن رايون» دېگەن مەنىگە ئىگە. ئوسمانلى سۇلتانىنىڭ خوتۇن - كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان ئورۇن مۇشۇ مەنىگە ئاساسەن «ھەرەمخانا» دەپ ئاتالغان.

ئۇرۇش 1606 ـ يىلى زىتۋاتاروك شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ شەرتنامىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، گېرمانىيە ئوسمانلىلارغا تۆلەيدىغان يىللىق باجدىن قۇتۇلغان ھەمدە گېرمان ئىمپېراتورىنىڭ «غەربىي رىم ئىمپېراتورى» دېگەن ئۇنۋانىمۇ ئوسمانلىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقتە ئىران شاھى ئابباس ئوسمانلىلار بىلەن بولغان ئون يەتتە يىل داۋاملاشقان ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشكەن. بۇ ئۇرۇش 1639 ـ يىلى ئېرىۋان ۋە ئەزەربەيجاننى ئىرانغا بۆلۈپ بەرگەن قاسرى ـ شىرىن شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

يېڭىلىقپەرۋەر پادىشاھ دەپ ھېسابلانغان ئوسمان II نىڭ (1618 — 1622 ـ يىللىرى) ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان مۇستاپا I نىڭمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىلىشىدىن كېيىن، تەختكە چىققان مۇرات IV دەۋرىدە (1623 — 1640 ـ يىللار) تۈرلۈك تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. لېكىن، بۇ سۇلتان كۈچلۈك ئاساسقا تايانمىغاچقا، ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان سۇلتان ئىبراھىم (1640 — 1648 ـ يىللار)، سۇلايمان II (1687 — 1691 ـ يىللار) ۋە ئەخمەت II (1691 — 1695 ـ يىللار) دەۋرلىرىدىمۇ ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمىغان. 1683 ـ يىلى باش ۋەزىر مەرزىفۇن بىلەن قارا مۇستاپا پاشانىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ۋېنا مۇھاسىرىسىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشى ئىمپېرىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن.

دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئۇزۇن مەزگىل مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن كۆپرۈلۈ ئائىلىسىنىڭ ۋەزىرلىك قىلغان مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان ئارمىيە ۋە مالىيىگە مۇناسىۋەتلىك

تەدبىرلەرمۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھالىنى ئوڭشاپ كېتەلمىگەن. نەتىجىدە، مۇستاپا II سۇلتان بولغان (1695 — 1703 ـ يىللار) مەزگىلدە، غەربتە زېمىنلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇش باشلانغان. 1699 ـ يىلى ئىمزالانغان كارلوۋچا كېلىشىمى بىلەن، ۋېنگرىيە ۋە تىراسلۋانىيا ئاۋستىرىيىگە، مورا ۋە دالماچىيا ۋېنتسىيىگە، پولونىيا ۋە ئوكرايىنا لېھىستانغا، ئازاق قەلئەسى روسىيىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. 1718 ـ يىلدىكى پاساروفچا كېلىشىمى، 1774 ـ يىلىدىكى كىچىك كاينارجا كېلىشىمى ۋە 1812 ـ يىلدىكى بۇكرەش كېلىشىمى بىلەن، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تېخىمۇ كۆپ زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان.

ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردىكى مەغلۇبىيەتلەر ۋە ئىمپېرىيىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ خادىملىرىنى زامانىۋىلىشىش يولىدا ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلغان. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ XIX ئەسىردىكى تارىخى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سەھنىسى بولغان. ئەنئەنىۋى ئوسمانلى جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن تەشكىلاتلىرى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ۋە دۆلەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان ۋە ئورنىنى يېڭى تەشكىلاتلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئۇلار ئوسمانلىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قەدەر ئارىلىشىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىشقا تىرىشقان. غەربچە ئۇسلۇبتىكى باشقۇرۇش بۇروكراسى (بيۇروكراتلىق ئورگىنى) مۇ ئىلگىرىكى دۆلەت باشقۇرۇش دىۋانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىغان.

يېڭىلىققا يۈزلىنىش ھەرىكەتلىرى دەسلەپتە خېلىلا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان. ئەڭ دەسلەپ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە

كىرىشكەن پادىشاھ سەلىم Ⅲ (1789 — 1807 ـ يىللار) نىڭ ئارمىيە ئىچىدە باشلىغان يېڭىلاش ھەرىكىتى ۋە زەئىپلىشىپ كەتكەن پىيادە قىسىمىنىڭ ئورنىغا قۇرغان نىزامى جەدىد ئارمىيىسى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىگە ئايلانغان. نەتىجىدە، پادىشاھ ئۆلتۈرۈلۈپ، دەسلەپكى يېڭىلىنىش ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. شۇنداقتىمۇ، سەلىم Ⅲ نىڭ ئىز باسارلىرى يەنىلا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن. سەلىم Ⅲ تىن كېيىن تەختكە چىققان سۇلتان ماخمۇت Ⅱ (1808 — 1839 ـ يىللار) زامانىۋىلىشىش تەشەببۇسىنى يېڭىباشتىن تەرغىپ قىلغان. يېڭى (زامانىۋى) ئىسلاھاتلار سۇلتان ماخمۇت Ⅱ نىڭ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئون يىلدا بىخلىنىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان ماخمۇت Ⅱ كېيىنكى يېڭىلىنىشنىڭ ئاساسىنى ياراتقان.

سۇلتان ماخمۇت Ⅱ نىڭ يولى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇلمەجىت (1839 — 1861) ۋە ئابدۇلئەزىز (1861 — 1876) نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىكى «تانزىمات مەزگىلى» (ئىسلاھات ھەرىكىتى) دە، ئاساسلىق ھوقۇق يۇرگۈزگۈچى دۆلەت خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان ياكى قىسمەن تاماملانغان. 1839 ـ يىلى مۇستاپا رەشىد پاشا مەخسۇس ئىنسان ھوقۇقى (كىشىلىك ھوقۇق) نى كاپالەتلەندۈرىدىغان «گۈلخانە خاتتى ھۇمايۇنى» نى ئېلان قىلىپ، تانزىمات دەۋرىنى باشلىغان. بۇنى 1856 ـ يىلى تەييارلانغان «ئىسلاھات پەرمانى» داۋاملاشتۇرغان. تانزىمات دەۋرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى ۋە جەمئىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرىدىغان ئىسلاھات دەۋرى بولغان.

تانزىمات دەۋرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تاشقى مەسىلە روسىيە

بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قىرىم ئۇرۇشى بولغان.[1] بۇ ئۇرۇش ئىمپېرىيىنى مالىيە جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. قىرىم ئۇرۇشى ۋە 1856 - يىلى پارىژدا ئىمزالانغان «پارىژ كېلىشىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى تۇنجى قېتىم ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلانغان.

ئىسلاھات دەۋرى «1 - مەشرۇئىيەت»[2] » ئېلان قىلىنغان

---

① قىرىم ئۇرۇشى — چار پادىشاھ نىكولاي I قارا دېڭىز بوغۇزىنى تىزگىنلەپ، تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرققىچە شۇنداقلا بالقانغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن تۈركىيىگە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇش. 1853 - يىلى 10 - ئايدا، روسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغان. 1854 - يىلى 3 - ئايدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، ناخىموۋ روسىيە دېڭىز فىلوتىنى باشلاپ كېلىپ سىنوپ پورتىدىكى تۈركىيە فىلوتىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە روسىيىنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەتىگە جىددىي تەھدىت تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان. 9 - ئايدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى قىرىمدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، سېۋاستوپول قورغىنىنى بىر يىلغىچە مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان. 1855 - يىلى 2 - ئايدا، ساردىنىيە پادىشاھلىقىمۇ روسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، ساردىنىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى سېۋاستوپولنى ئىگىلىگەن. چار پادىشاھ نىكولاي I ئىچكى - تاشقى قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، 8 - ئايدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. 1856 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇرۇش قىلغان ئىككى تەرەپ «پارىژ سۈلھ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان. شەرتنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە، روسىيە قارا دېڭىزدا فىلوت ساقلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان، ئۇنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى قورغانلىرى مەجبۇرىي بۇزۇپ تاشلانغان.

② مەشرۇئىيەت — بىر ھۆكۈمدارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارلامېنتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە «ئاساسىي قانۇن»نىڭ يولغا قويۇلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

1876 - يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان. سۇلتان ئابدۇلھەمىدنىڭ دەۋرىدىكى (1876 — 1909) مەشرۇئىيەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى تۈركىيىدە تۇنجى قېتىم غەرب ئۇسلۇبىدىكى بىر ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزۈلگەنلىكى بولغان. مىتخات پاشا باشچىلىقىدا «ياش ئوسمانلىلار» نامىدا ئاتالغان بىر گۇرۇپپا ئىختىساسلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە قول قويدۇرۇلغان بۇ ئاساسىي قانۇن بىلەن، تۈركىيە پارلامېنتلىق باشقۇرۇشقا ئۆتكەن. شۇنداق قىلىپ، خەلق تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بىر قانۇن تۇرغۇزۇش مەجلىسى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

لېكىن، 1877 — 1878 - يىللىرىدىكى تۈركىيە - روسىيە ئۇرۇشىنى باھانە قىلغان ئابدۇلھەمىد 1877 - يىلى مەجلىسنى تاقاپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلاھات يولىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەدبىقلاشقا كىرىشكەن ئابدۇلھەمىد ئوتوكرات[1] ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىغان. تۇنىس، قىبرىس، مىسىر ۋە گىرىت كەينى - كەينىدىن قولدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە ئىمپېرىيىنىڭ تاشقى قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن، 1881 - يىلى «دۇيۇنۇ ئومۇمىيە ئىدارىسى» قۇرۇلۇپ، دۆلەت مالىيە جەھەتتىن تامامەن غەربلىكلەرنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىغا كىرىپ قالغان.

ئابدۇلھەمىدنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دۆلەت ئىچىدە ئومۇمىي بىر قارشىلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. «ياش

---

① بۇ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش شەكلىدىكى ئىدارە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئوسمانلىلار» نىڭ قارشى تەشكىلاتى سۈپىتىدە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان «ئىتتىھات ‹بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى› »[①] 1908 ـ يىلى دەسلەپ سۇلتاننى پارلامېنتنى قايتىدىن تىكلەشكە مەجبۇر قىلغان، كېيىن يەنە ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغان. مۇشۇنداق شارائىتتا، 1909 ـ يىلى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ «31 ـ مارت ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان بىر قارشىلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگەن. لېكىن، بۇ ھەرىكەتمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئابدۇلھەمىد[②] تەختتىن چۈشۈرۈلگەن.

ئابۇلھەمىدتىن كېيىن باشلانغان ھۆرلۈك مەزگىلىمۇ ئۇزاققا بارمىغان. ئىتالىيانلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تىرابلۇس گارىپ ئۇرۇشى (1911 — 1912) ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا باشلانغان بالقان ئۇرۇشى (1912 — 1913) يېڭى رەھبەرلىكنى، يەنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھالسىزلاندۇرغان ۋە «ئىككىنچى مەشرۇئىيەت» بىلەن باشلانغان دېموكراتىك دەۋرنىڭ ئورنىغا بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنىڭ لازىملىقىنى تونۇتقان.

1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان. تۈركىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سېپىدە تۇرۇپ، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنى ياقلاپ، 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان. تۈركىيە بۇ ئۇرۇشقا ئۈچ مىليون ئەسكەر سەپەرۋەر قىلغان. تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا، تۈركىيە بەش يۈز مىڭ ئادىمىدىن

---

① بۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئىسمى «ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى».

② ئابدۇلھەمىدنى ياۋروپالىقلار «قانخور سۇلتان» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئايرىلىپ قالغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىستىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ئۇرۇش جەريانىدا، ئانتانتا دۆلەتلىرى تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا ئىككى قېتىم مەخپىي يىغىن ئاچقان. ئۇلار ئىستانبول بىلەن ئاناتولىيىنىڭ بىر قىسمىنى روسىيىگە، پەلەستىن بىلەن مىسوپىتامىيىنى ئەنگلىيىگە، سۈرىيە بىلەن ئاناتولىيىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنى فرانسىيىگە، تۈركىيىنىڭ ئەتراپىدىكى ئون ئىككى ئارالنى ئىتالىيىگە بۆلۈپ بېرىشنى كېلىشكەن.

1918 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى، يەنى «ھۇمىرىس كېلىشىمى» بويىچە، تۈركىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان داردانېل بوغۇزى ۋە فوسفور بوغۇزى ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئەركىن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تۈركىيە ئارمىيىسى تارقىتىۋېتىلگەن ۋە ھەربىي پاراخوتلار بىلەن ھەربىي ئىسكىلاتلار ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن. بۇ كېلىشىمنىڭ ئەڭ قەبىھ يېرى شۇ بولغانكى، كېلىشىمنىڭ يەتتىنچى ماددىسىغا ئاساسەن، ئانتانتا دۆلەتلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا تۈركىيىنىڭ بارلىق مۇھىم ھەربىي بازىلىرىنى ئىگىلەيدىغان ۋە تۈركىيىدە يۈز مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر تۇرغۇزىدىغان بولغان.[1] ئەمەلىيەتتىمۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىنلا، ئۇلار باھانا - سەۋەب كۆرسىتىپ، بۇ ماددىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن.

ئىشغال قىلىش 1918 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلانغان. ئانتانتا ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن مۇسۇل،

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1985 - يىللىق 4 - سانى، 81 - بەت.

ئىسكەندىرون، ئىستانبول ۋە چاناككالد بوغۇزىغا، بىر مەزگىلدىن كېيىن، تىراكىيا ۋە ئاناتولىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ 1918 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلۈپ كەتكەن سۇلتان مۇھەممەت V نىڭ ئورنىغا مۇھەممەد VI تەختكە ئولتۇرغان، ئون يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ياش تۈركچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئەنۋەر پاشا[1] بىلەن تەلئەت پاشا[2] چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن چاغ ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، ئەنگلىيە تۈركىيە بوغۇزىنىڭ خەلقئارالىق بوغۇزغا ئايلاندۇرۇلۇشى بىلەن، بەزى ئۆلكىلەرنىڭ تۈركىيىدىن ئايرىلىپ چىقىشىنى، ئوسمانلى سۇلتانىغا كونيا ۋە بورسا قاتارلىق ئازغىنا زېمىننى قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئانتانتا دۆلەتلىرى ئورۇش پاراخوتلىرىنى قوغداش باھانىسى بىلەن، 1919 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گرېتسىيە ئارمىيىسىنى ئىزمىردە قورۇقلۇققا چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەمەلىيەتتە يوقالدى. ئۇنىڭ قانۇنىي مەۋجۇتلۇقىمۇ «مودىرس كېلىشىمى» دا بەلگىلەنگەن قارار بويىچە غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇلدى.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولغانلىقى يالغۇز تۈركلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسى ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز پاجىئە بولدى. چۈنكى، ئوسمانلى

---

[1] ئەنۋەر پاشا 1922 ـ يىلى تۈركىستاندا بولشېۋىكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

[2] تەلئەت پاشانى 1921 ـ يىلى بېرلىندا بىر ئەرمەن ستودېنت ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئىمپېرىيىسى يەتتە — سەككىز ئەسىر مابەينىدە، خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلىشىنى ۋە ئىسلام دىنىنى خارلىشىنى توسۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، تۈركىيە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋېلىشقا ئۇچرىغاندا، پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسى غەزەپلەندى ۋە تۈركىيىگە ھېسداشلىق قىلدى. مەسىلەن، ئەينى يىللىرى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستاندا، شەۋكەت ئەلى باشچىلىقىدا «خەلىفە ھەرىكىتى» دېگەن ھەرىكەت قوزغالغان. بۇ ھەرىكەتكە مىليونلىغان ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئىشتىراك قىلغان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دەل ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش، خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئىسلام دىنىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولغان.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى زېمىنىنىڭ پارچە - پارچە ئىشغال قىلىنىشى ۋە ئىستانبول ھۆكۈمىتىنىڭ چارىسىز قېلىشى نەتىجىسىدە، باشقا تاللاش يولى قالمىغان ئاناتولىيە ۋە تىراكىيادىكى تۈرك خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن، تىراكىيا، ئىزمىر، تىرابزون ۋە شەرقىي ئاناتولىيىدە «مۇداپىئە ھوقۇقى جەمئىيىتى» كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتلەر تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزۈپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى.

تۈرك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ ھەقىقىي بىر مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىشى مۇستاپا كامالنىڭ 1919 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى توققۇزىنچى ئارمىيىنىڭ مۇپەتتىشى سۈپىتىدە سامسونغا كىرىشى بىلەن باشلاندى.

مۇستاپا كامال 1881 - يىلى باھاردا بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى سالونىكا (ئەينى يىللاردا ئوسمانلى

ئىمپېرىيىسىگە تەۋە ئىدى، ھازىر گرېتسىيىگە تەۋە) دىكى ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.[①] مۇستاپا كامالنىڭ ئانىسى تەقۋادار ئايال ئىدى، دادىسى ئېلى روزا تاموژنا خىزمەتچىسى بولۇپ، ھەربىي قىسىمدا كاپىتان بولغان. ئېلى روزا بۇ خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ياغاچ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇستاپا كامال مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دادىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئائىلىسىدىكى نامراتچىلىق تۈپەيلىدىن، مۇستاپا كامال ئوقۇشتىن قالغان ۋە ئانىسىغا ئەگىشىپ يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىپ قوي باققان، تېرىقچىلىق قىلغان. كېيىنرەك ھاماچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، سالونىكادا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. مۇستاپا كامالنىڭ مۇشەققەتتە ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك ھاياتى ئۇنىڭدا ناچار مۇھىتتا كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەن.

مۇستاپا كامالنىڭ ئانىسى بەكمۇ تەقۋادار ئايال بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئاخۇن ياكى قازى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان. لېكىن مۇستاپا كامال كىچىكىدىن ھەربىي بولۇشقا خۇشتار بولۇپ، چوڭ بولغاندا ئات ئويىنىتىپ قىلىچ چاپىدىغان ھەربىي ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. 1893 ـ يىلى، ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئانىسىغا ئېيتماستىن، سالونىكا ھەربىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. ئۇ ئەقىللىق ۋە تىرىشچان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بۇ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسىنى مۇستاپا دېگەن ئىسمى بىلەن چاقىرماي، «كامال» دەپ ئەركىلىتىپ

---

① مۇستاپا كامالنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا، ئۇ مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى قوزغىغان 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلغان.

چاقىرىدىغان بولغاچقا، «كامال» دېگەن يېڭى ئىسىم ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «مۇستاپا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ چاقىرىلىدىغان بولغان، بەزىدە «كامال» دەپلا چاقىرىلىپ ئومۇملاشقان. مۇستاپا كامال ئون سەككىز ياشقا تولغاندا، ئىستانبول ھەربىي ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن.

بۇ كۈنلەردە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خالىغانچە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بولغاچقا، بۇنداق ئېغىر مىللىي خورلۇق ياش مۇستاپا كامالنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك مىللىي ئاڭنى ۋە كۈچىيىش يولىنى ئىزدەش ئارزۇسىنى ئويغاتقان.

مۇستاپا كامال ھەربىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. بۇ ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. نەتىجىدە، ئۇ مەكتەپتىكى بىر ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، قولىيازما گېزىت چىقارغان. مەكتەپتىكى نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى بۇ گېزىتنى قولدىن قولغا ئېلىپ ئوقۇغان. بۇ گېزىتكە تارىخ ۋە ئەدەبىيات بىلىمى مول مۇستاپا كامال نۇرغۇن ماقالە يېزىپ، سۇلتانلىق تۈزۈمىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ «ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇستەبىت سۇلتانغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان.

1905 - يىلى مۇستاپا كامال ھەربىي ئىنستىتۇتنى شاگۋى ئۇنۋانى بىلەن تاماملاپ، ھەربىي ھاياتىنى باشلىغان. 1906 - يىلى ئۇ دەمەشقتە ئىنقىلابىي غايىگە ئىگە بىر تۈركۈم ياش ئوفىتسېرلار، دوختۇر ۋە زىيالىيلار بىلەن مەخپىي تەشكىلات «ۋەتەن ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى» نى قۇرغان. ئۇ، ھەمراھلىرىغا «كىمكى خورلۇقتا ياشىمايمەن دەيدىكەن، بۇ

ھەرىكەتكە قاتنىشىشى كېرەك» دەپ ئېيتقان.

1908 - يىلى مۇستاپا كامال «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى» قوزغىغان ياش تۈركچىلەر ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقان. ياندۇرقى يىلى 4 - ئايدا، «ھەرىكەتلىنىش قوشۇنى» تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، بۇ قوشۇننىڭ سەنمۇجاڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، قوشۇننى باشلاپ پايتەخت ئىستانبولغا كىرىپ، سۇلتاننىڭ ياش تۈركچىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش مەقسىتىدىكى توپىلىڭىنى تىنجىتقان. بۇ جەرياندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلغان. 1910 - يىلى مۇستاپا كامالنى ئىستانبولدىكى باش سەنمۇبۇغا يۆتكەشكەن، 1913 - يىلى ئۇ جۇڭشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، مۇستاپا كامال 19 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دۇشمىنى بولغان ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلانغان.[1]

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دۇشمىنى بولغان ئەنگلىيە بۇ ئۇرۇشتا تۈركىيە بىلەن جەڭ قىلغان. 1915 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىرلىرى، مارشاللىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەتلەر يىغىنىدا، ئۆزىنىڭ داردانىل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركىيىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىستانبولنى ئىشغال قىلىش مەقسىتىنى ئاشكارىلىغان. مالىيە ۋەزىرى

① مۇستاپا كامال تۈركىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىغا سىياسىي جەھەتتە قارشى بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇيرۇققا بوي سۇنغان.

گىئورگىدىن باشقا بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى ئۇنىڭ پىلانىغا قوشۇلغان.[1] نەتىجىدە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيىسى داردانىل بوغۇزى ۋە ئىستانبولنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان. تۈركىيە تەرەپتىن بۇ بىرلەشمە دېڭىز ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا مۇستاپا كامالنى قوماندان قىلغان. مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھەربىي تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيىنىڭ تولۇق زامانىۋىيلاشقان، زەربە بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى، پاراخوت ۋە ئەسكىرىي سانى كۆپ ئارمىيىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، تىرە — پىرەن قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن ياۋروپاغا پۇر كەتكەن. تۈرك خەلقى ئۇنىڭغا «ئىستانبولنىڭ نىجادچىسى» دېگەن نامنى بەرگەن. ئۇنىڭ ھەربىي شۆھرىتى تىللاردا داستان بولغان.

ئەنگلىيىدە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى داردانىل بوغۇزىدىكى ئېغىر مەغلۇبىيەت توغرىسىدا چېرچىلغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان ۋە ئىچكى كابىنېتتا بېسىم ئىشلەتكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى «سەھەر پوچتىسى گېزىتى»دا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە، ئۇ «ئەكسىيەتچى مۇتەخەسسىس سىياسىئون» دەپ مەسخىرە قىلىنغان. 1915 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چېرچىل ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھەيئەت ئەزالىرى سېپىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، فىرانسىيىگە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قىسىملارنى تەشكىللەشكە ئەۋەتىلگەن. چېرچىل 1916 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، فىرانسىيە ئالدىنقى سېپىدىن لوندونغا قايتىپ كېلىپ، ئۇسال

---

① «چېرچىل» دۇنيا بىلىم نەشرىياتى. 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 87 ـ بەت.

ئەھۋالدا قالغان كۆنلىرىنى رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن.
تۈركىيە ھۆكۈمىتى مۇستاپا كامالنى 1916 ـ يىلى كاۋكاز فرونتىغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ بۇ يەردە رۇس ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلگەن.[1] خەلق ئۇنى غالىب گېنېرال دەپ تەرىپلەشكەن.
1917 ـ يىلى، مۇستاپا كامال تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ۋېنگرىيىلەردە زىيارەتتە بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا چوڭقۇر كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە پىكىرنامە سۇنغان. ئۇ، پىكىرنامىسىدە، ئەگەر تۈركىيە بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىۋەرسە، ئاقىۋەتتە يا ئەنگلىيىگە مۇنقەرز بولىدۇ ياكى گېرمانىيىگە بېقىنىدىغان دۆلەت بولۇپ قالىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.
1918 ـ يىلى تۈركىيە بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر قاتارىدا ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر مىللىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەن. دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «مۇدىرس شەرتنامىسى» دىكى ماددىلار تۈركىيىنىڭ ئورنىنى بەكمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. مۇستاپا كامال بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن. ئۇ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ تۈركىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك جايلىرى بولغان موسور ۋە ئىسكەندىرونىنى ئىگىلىمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، ئارمىيىسىگە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىش توغرىسىدا

[1] تۈركىيىلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە گېنېرال «پاشا» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ ئارمىيىگە: «ھازىر ئىنگلىزلار بىزنىڭ موسۇل بىلەن ئىسكەندىرۇننى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسكەندىرۇنغا بارىدىغان يولىنى توسۇۋېلىشىمىز لازىم!» دېگەن.

مۇستاپا كامالنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى بەزىلەر تۈركىيە ھۆكۈمەت ئىچكى كابىنېتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەت ئىززەتكە خەۋەر قىلغان. ئۇ مۇستاپا كامالغا: «دۆلەت ئىشلىرى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. قارامىلىق قىلماڭ، ئىنگلىزلارغا ھەرگىز چېقىلماڭ!» دەپ دەرھال تېلېگرامما ئەۋەتكەن.

تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولغان مۇستاپا كامال ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ: «ھوقۇقنى يوقىتىپ ۋەتەننى ھاقارەتكە قويغانلىق — ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېپلاسلىق يوق» دېگەن ھەمدە دەرھال ئىستىپا بېرىش خېتىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئىستانبولغا بېرىپ سۇلتان مۇھەممەت Ⅵ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ: «مۇدرىس كېلىشىمى» ئەمەلىيەتتە ھوقۇقتىن ئايرىلىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك. بىز ئىنگلىزلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇشىمىز لازىم» دېگەن. سۇلتان ئۇنىڭغا:

— گېنېرالنىڭ سادىق قەلبى تولىمۇ قەدىرلىك. لېكىن ئۇرۇشتا دۆلەت ھالسىراپ قالدى. نېمە قىلالايمىز؟» دېگەن. مۇستاپا كامال:

— خەلقنى ۋە ئارمىيىنى قوزغىساق، مەقسىتىمىز دىكىدەك ئىش بولىدۇ، — دېگەن. سۇلتان ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىززەت بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭ! — دېگەن.

مۇستاپا كامال سۇلتاننىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ، ئىززەتنىڭ قېشىغا بارغان. يۈز كۆرۈشكەندىلا ئىززەت مۇستاپا كامالنى

«ئىسكەندىرونغا يۈرۈش قىلىش قارىسىغا ئىش قىلغانلىق! ئۆزىڭىز ياش، ئىشقا يولۇققاندا تولۇق ئويلانمايدىكەنسىز» دەپ ئەيىبلىگەن.

مۇستاپا كامال ئىسكەندىرون ئىشىنى تىلغا ئېلىشنى خالىماي، سۆزىنى بۇراپ: «ئەمدى نېمىسلار كېتىۋېدى، ئىنگلىزلار كەلدى. ئىنگلىزلارنىڭمۇ نېمىسلاردەك خالىغىنىچە زورلۇق ـ زۇمبۇلۇق قىلىشىغا يول قويساق بولمايدۇ!» دېگەن. ئىززەت:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، لېكىن ھازىر شۇنداق قىلالايمىزمۇ؟ ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ!... دېگەن.

— كۆپ ئويلاندىم،— دېگەن مۇستاپا كامال،— دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن سىياسىنى يېڭىلاش كېرەك.

ئىززەت قايىقىنى تۇرۇپ، جاۋاب قايتۇرمىغان. مۇستاپا كامال سۆزلىشىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ، سۇلتان ۋە ئىززەتنىڭ ۋەتەن سېتىش نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن. مۇستاپا كامال ئىستانبول ئاسمىنىدا ئەنگلىيە بايرىقىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغىنىنى، چەت ئەل قوشۇنلىرىنىڭ تۈرك زېمىنىدا مەغرۇرانە مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئازابلانغان. 1919 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ قوترىتىشى ۋە ياردىمى بىلەن، گرېتسىيە ئارمىيىسى تۈركىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىزمىر ئۆلكىسىنى ۋە باشقا نۇرغۇن جايلارنى ئىگىلىۋالغان. مۇستاپا كامال ۋەتەنىنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قەتئىي قارارغا كېلىپ، 3 ـ ۋە 9 ـ ئارمىيىنى كۆزدىن كەچۈرۈش باھانىسى بىلەن، قارا دېڭىز بويىدىكى سامسۇن شەھرىگە كەتكەن. مۇستاپا

كامال بۇ يەردە تېخى ئىشغال قىلىنمىغان شەرقىي رايونلاردىكى قوماندانلارغا، ۋالىيلارغا، ئۆلكە باشلىقلىرىغا ۋە يەرلىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىگە مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش يوللىغان. ئاندىن سامسوندىن ئايرىلىپ، ئاناتولىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئۆتكەن. 1919 - يىلى 19 - ئىيون كۈنى مۇستاپا كامال سابىق دۆلەت مۇداپىئە قوماندانى رائوف ئورباي، ئەنقەرە قوماندانى ئالى فۇئات، جەبەسوي ۋە سامسون ئەتراپىدىكى پولك قوماندانى رەفەت بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر ئومۇمىي ئوقتۇرۇش ئېلان قىلغان. بۇ «ئاماسيا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «ۋەتىنىمىزنىڭ دەخلى - تەرۇزسىزلىقى ۋە مىللىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى خەۋپتە قالدى. ھۆكۈمىتىمىز ۋەتىنىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ‹مۇدىرىس كېلىشىمى› دىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈمىدى ئاناتولىيە بولۇپ قالدى. شۇڭا، ھازىرقى بىردىنبىر چىقىش يولى — ئاناتولىيىدە خەلق كېڭىشى يىغىنىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىغا ۋە تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان خەلق كېڭىشى يىغىنىنى چاقىرىشتىن ئىبارەت.»

مۇستاپا كامال باشچىلىقىدا ئېلان قىلىنغان «ئاماسيا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى» شەكسىزكى سۇلتان ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىستانبولدا تەختتە ئولتۇرغانلار تەۋرەپ كەتكەن. ئىنگلىزلارمۇ ھودۇقۇپ كەتكەن. ئىستانبولدىكى ئەنگلىيە باش ئەلچىسى دەرھال سۇلتان مۇھەممەت VI بىلەن كۆرۈشۈپ، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، مۇستاپا

كامالنىڭ ئاناتولىيىدىكى پائالىيىتىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، سۇلتان مۇستاپا كامالنىڭ ئىستانبولغا قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىغا مۇستاپا كامال مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: «مەن ئىستانبولغا مەنسۇپ ئەمەس، ئەمدى ئاناتولىيىگە مەنسۇپمەن» دېگەن.

بۇيرۇقى كارغا كەلمىگەن سۇلتان مۇستاپا كامالغا خۇپىيانە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بىر مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا بېرىدىغانلىقىنى، يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلەيدىغانلىقىنى ۋە ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. مۇستاپا كامال بۇ تەكلىپكىمۇ پىسەنت قىلمىغان.[1]

مۇستاپا كامالنىڭ ھەربىي شۆھرىتى، ۋەتەنگە سادىق ئوبرازى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارى ئۇنىڭ خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشىغا ئوڭۇشلۇق يارىتىپ بەرگەن.

ئەينى چاغدا، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر چەت ئەل كۈچلىرىگە ئۈمىد باغلاپ، ئەنگلىيىنىڭ قوغدىشىغا ياكى ئامېرىكىنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىغا تايىنىپ، بۆلۈنۈپ كېتىشتەك كۆلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان. مۇستاپا كامال مىللىي ئۇرۇش ئارقىلىق مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىپ، «بىر مىللەتنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆلگىنى مىڭ ئەلا»، «مۇستەقىل بولمىغاندىن ئۆلگەن ياخشى»، «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز — ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاساس قىلغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان،

---

① «ئەركىنلىك سىگنالىنى چالغۇچىلار» 1989 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 253 ـ بەت.

شەرتسىز، مۇستەقىل تۈركىيە دۆلىتى قۇرۇش» دەپ كۆرسەتكەن.[1]

سىۋاس قۇرۇلتىيى 1919 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېچىلغان. يەتتە كۈن داۋام قىلغان بۇ قۇرۇلتايدا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋەتەننى قوغداپ قالالمىسا، بىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، بارلىق ئىشلارغا شۇ ھۆكۈمەت قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى يەنە مۇداپىئە ھوقۇقى جەمئىيەتلىرى ئاناتولىيە ۋە رۇمەلى مۇداپىئە ھوقۇقى جەمئىيىتى نامى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

1920 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ھەرقايسى جايلاردىكى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنى قۇرغان. مۇستاپا كامال زۇڭلىلىققا تەيىنلەنگەن. بارلىق قارارلار بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن بېكىتىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ، مۇستاپا كامال باشچىلىقىدا ئەنقەرە ھۆكۈمىتى شەكىللەنگەن.

1920 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئىستانبول ھۆكۈمىتى بىلەن غەرب تاجاۋۇزچى دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سىۋىر شەرتنامىسى ئىمزالانغان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئىسكەندىرون ۋە ئىزمىر گرېتسىيىگە، موسول ئەنگلىيىگە، سۈرىيە چېگرىسى بويىدىكى كەڭ زېمىن فرانسىيىگە مەنسۇپ بولغان. ئاناتولىيىنىڭ شەرقىدىكى ئەرمەنلەر ۋە كوردلار ئولتۇراقلاشقان رايون مۇستەقىل بولغان. باشقا رايونلار گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىلغان. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر قوزغىغان تۈركىيىنى بۆلۈشۈۋېلىش دولقۇنىدا، ئۇنىڭ

---

[1] «ئەركىنلىك سىگنالىنى چالغۇچىلار» 1989 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 253 ـ 254 ـ بەتلەر.

ئىمپېرىيىسىنىڭ بەشتىن تۆت قىسىم زېمىنى قولدىن كەتكەن. بۇ شەرتنامىنىڭ قارارىدا يەنە، تۈركلەرنىڭ پەقەت ئاناتولىيىنىڭ كىچىك بىر پارچىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقى ۋە قۇرغان دۆلىتىنىڭمۇ چەت ئەلنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كونتروللۇقى ئاستىدا بولىدىغانلىقى بېكىتىلگەن.

سىۋىر كېلىشىمى پۈتكۈل تۈرك خەلقىنى چەكسىز ھاقارەت ۋە مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلغان. كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغان كۈنى، پۈتۈن تۈركىيە خەلقى ماتەمگە چۆمۈپ، شۇ كۈنى چىققان گېزىتلەرگە قارا ماتەم سىزىقى سىزىلغان. ئويۇن ـ تىياتىرلار توختىتىلغان. دۇكانلار تاقالغان، مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا خۇداغا نالە قىلىشقان...

مۇستاپا كامال سىۋىر كېلىشىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ: «جانابلار! ئەگەر پۈتكۈل دۆلەت زېمىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، پۈتكۈل مەملىكەت ئوت ئىچىدە قالسىمۇ، بىز تاغقا چىقىپ كۈرەشنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز!» دېگەن. ئۇنىڭ نۇتقى تۈركىيە خەلقىنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانە جاسارىتىنى ئىپادىلىگەن.

مۇستاپا كامال ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، بۇ خىل جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، بىر قىسىم نوپۇزلۇق گېنېراللارغا تايىنىپ، ئوسمانلىلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ۋە دېھقانلارنىڭ تارقاق قوراللىق كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇئەييەن جەڭگىۋارلىققا ئىگە مىللىي قوراللىق كۈچ قىلىپ قۇرۇپ چىققان. ئارمىيە مۇستاپا كامالنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىگەن.

مۇستاپا كامال تاشقى جەھەتتە يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. يەنە بىر تەرەپتىن «سىۋىر شەرتنامىسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان دۆلەتلەر

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، 1921 - يىلى 3 - ئايدا، ئىتالىيە بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە يېتىم قالغان.

1921 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، گرېتسىيە پادىشاھى كونستانتىن ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ ئاناتولىيىگە ھۇجۇم قىلىشىغا بۇيرۇق بەرگەن. ئەنقەرەنى ئىشغال قىلىپ، تۈركىيىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش مەقسىتىدە ئۇرۇشقا ئاتلانغان گرېتسىيە ئارمىيىسى دەسلەپكى جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشكەندە، گرېتسىيە دۆلىتى شاد - خۇراملىققا چۆمگەن. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى للويد گېئورگې گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ قەدەممۇ قەدەم غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان ھەمدە فرانسىيە، ئىتالىيە ھۆكۈمەتلىرىگە تەكلىپ بېرىپ: «بىز يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، گرېتسىيە - تۈركىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىپ باقساق، ئېھتىمال، بۇ قېتىم گرېكلەر تېخىمۇ چوڭراق رازى بولار!» دېگەن.

بۇ جىددىي پەيتتە، مۇستاپا كامال چىشىنى چىشلەپ، بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە: «مۇستەقىللىقىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزدىن ۋاز كېچىمىزمۇ ياكى قانلىق جەڭ قىلىپ، ھايات - ماماتلىق كۈرىشى قىلىمىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

مەجلىستە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى «جان تىكىپ جەڭ قىلايلى!» دەيدۇ.

مۇستاپا كامال جىددىي قىياپەتتە: «ئەمىسە، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرايلى! گرېتسىيە پادىشاھىغا مۇشۇ سۆزىمىز بىلەن جاۋاب بېرەيلى» دەيدۇ.

ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى مۇستاپا كامال بۈيۈك مىللەت مەجلىسى بەرگەن چەكسىز ھوقۇققا تايىنىپ ۋە ئەقىل -

پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىققان. ئۇ دۈشمەننىڭ ترانسپورت لىنىيىسىنى ئۈزارتىش ئۈچۈن، ئارمىيىگە ساقارىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا چېكىنىپ، يېڭىباشتىن مۇداپىئە لىنىيىسى ياساش توغرىسىدا كەسكىن بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ يەنە پۇل ۋە ماددىي ئەشيانىڭ قىرىق پىرسەنتىنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارلىق مىللىي كۈچلەرنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان. ئۆزى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتىغا ئىلھام بەرگەن. شۇ چاغدا، ئالدىنقى سەپتىكى زەمبىرەك ئاۋازى ئەنقەرەگە ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە شەھەر خەلقى شەھەر رايونىدىن چېكىنىشكە باشلىغان. مۇستاپا كامال غەلىبىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قاراپ، پۈتۈن ئارمىيىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «مۇداپىئە لىنىيىسى مەۋجۇت ئەمەس، مۇداپىئە دائىرىسىلا مەۋجۇت، بۇ مۇداپىئە دائىرىسى ۋەتەندۇر. ۋەتەننىڭ ھەربىر غېرىچ يېرىنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى سىڭىپ بولۇشتىن ئىلگىرى تاشلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن. يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركىيە خەلق ئارمىيىسىنىڭ سانى گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ يېرىمىچىلىك يوق ئىدى، قوراللىنىشىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولغان. لېكىن، ئۇلار چىۋەرلىك ۋە تەڭداشسىز باتۇرلۇق بىلەن ئۇن نەچچە كۈندە، گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ يۈز قېتىمدىن ئارتۇق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. ئۇرۇش جەريانىدا، تۈرك ئاياللىرى بالىسىنى يۈدۈپ، كالا ھارۋىسىنى ھەيدەپ، يامغۇردەك ئوق ئىچىدە يۈرۈپ، مۇستاپا كامال ئارمىيىسىگە ئوق - دورا ۋە يېمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ بەرگەن. نۇرغۇن ئاياللار قولىغا قورال ئېلىپ، ئېرى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بىللە ئاكوپلاردا جەڭ قىلغان.

مۇستاپا كامال ئۇرۇش جەريانىدا خۇددى ئاددىي ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئالدىنقى سەپ بازىلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز قوغدىغان. بىر قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كەتكەن. باشقىلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئارقا سەپكە قايتىپ ھاردۇق ئېلىشقا نەسىھەت قىلغاندا، ئۇ «مۇشۇنداق چاغدا ھاردۇق ئېلىش ھوقۇقۇم يوق» دەپ، ئاتقا مىنىپ، بېقىنىنى قولى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ، جەڭگە داۋاملىق قوماندانلىق قىلغان. يىگىرمە كېچە ـ كۈندۈز قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، تۈركىيە ئارمىيىسى گرېتسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھوجۇمىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى بۇرۇنقى ئورنىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. تۈركىيە ئارمىيىسى ئالغا ئىلگىرىلەپ باغدات تۆمۈر يول لىنىيىسىنى ئىگىلىگەن. بۇ ئۇرۇش تارىختا «باش قوماندان ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان. بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئەنقەرەگە زەپەر بىلەن قايتقان مۇستاپا كامالغا مارشال ۋە غازى دېگەن ئۇنۋان ھەم ئۇلۇغ ئاتاقلارنى ئاتا قىلغان. بۇ غەلىبىدىن چۆچۈگەن چەت ئەل دۆلەتلىرى تەۋرىنىشكە باشلىغان. 1921 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، فرانسىيە ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى تۈركىيىدىن چېكىندۈرۈپ كەتكەن.

مۇستاپا كامال تولۇق ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، 1922 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىزمىردا تۇرۇۋاتقان گرېتسىيە ئارمىيىسىگە چوڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەنقەرەدە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە «چاي» ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆز مېھمانلىرىنى ۋە چەت ئەل مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئەمما، ئۇ دەل شۇ كۈنى ئايلىنىپ مېڭىپ، كېچىلەپ ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بارغان ھەمدە ئەتىسى تاڭ

سەھەردە تۈركىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن.[1] گرېتسىيە ئارمىيىسى تەييارلىقسىز تۇرغانلىقتىن، تىرە ـ پىرەن بولۇپ، ئارقىمۇ ئارقا چېكىنگەن. باش قوماندانىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. مۇستاپا كامال پۈتكۈل قوشۇنغا «جەڭچىلەر، ئالغا! نىشان ئوتتۇرا دېڭىز!» دەپ بۇيرۇق بەرگەن. تۈرك ئارمىيىسى دۈشمەن قولىدىن 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىزمىرنى، 11 ـ كۈنى بۇرسانى تارتىۋالغان. 18 ـ كۈنى ئاناتولىيە پۈتۈنلەي ئازاد بولغان. تۈركىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان فرانسىيە بىلەن ئىلاجىسىزلىقتىن تۈركىيىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولغان ئىتالىيە ئەنگلىيىنىڭ تۈركىيىدىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە بېسىم ئىشلەتكەن. نەتىجىدە، ئەنگلىيىمۇ تۈركىيە تۇپرىقىدىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەن. بۇ جەرياندا، مۇستاپا كامال دىپلوماتىيە سىياسىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. شۇنداق قىلىپ، تۈرك ئارمىيىسى 24 ـ سېنتەبىر كۈنى تۈركىيە بوغۇزىغا كىرگەن. گرېتسىيە ئارمىيىسى 27 ـ سېنتەبىر كۈنى ئىستانبولدىن چېكىنگەن.

بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تۈرك ئارمىيىسى ۋە خەلقى ئىستانبولدىكى مەيداندا كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا چېلىشىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چېلىشىش جەريانىدا قىزىپ كەتكەن مۇساپا كامال ئارمىيىدىكى چېلىشىش پادىشاھى بىلەن تۇتۇشۇپ باقماقچى بولغان. مۇستاپا كامال باتۇر

[1] «دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى 650 ـ بەت.

بولغاچقا ھەم ئۆمۈر بويى تەنتەربىيىگە قىزىقىپ كەلگەچكە، ئۆزىگە ئىشىنىپ مۇسابىقىگە چۈشكەن. مۇسابىقە باشلانغاندا، چېلىشىش پادىشاھى بىرلا كۆچەپ مۇستاپا كامالنى دەس كۆتۈرۈۋالغان. ئەمما يىقىتمىغان. ئەجەپلەنگەن مۇستاپا كامال بۇ چېلىشىش پادىشاھىدىن:

— نېمە ئۈچۈن مېنى يىقىتمايسەن؟ مەن باش قوماندان بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىغان. چېلىشىش پادىشاھى:

— سىز تۈرك مىللىتىنىڭ مارشالى، نۇرغۇن دۆلەتلەر بىرلىشىپ سىزنى يىقىتالمىغان تۇرسا، مەن قانداق يىقىتالايتتىم؟— دەپ مۇستاپا كامالنى يەرگە قويۇپ قويغان.

تەسىرلەنگەن مىڭلىغان كىشىلەر ئۆزۈنغا سوزۇلغان گۈلدىراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ئىستانبول مەيدانىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن.

ئەنقەرە ھۆكۈمىتى 1922 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالتە يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە خاتىمە بەرگەن. بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئۈنىڭ بارلىق قانۇنلىرىنى بىكار قىلغان. سۇلتان ۋاھدەتتىن ئەنگلىيە پاراخوتىغا چۈشۈپ، ئەنگلىيىگە قېچىپ كەتكەن.

1922 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى باشلىنىپ 1923 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان لوزاننا كېلىشىمى بىلەن، تۈركىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەنگلىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە ۋە فرانسىيىلەر تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان. ئىستانبولدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى 1923 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىستانبولدىن ئايرىلغان.

1923 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئەنقەرە پايتەخت قىلىنغان. مۇستاپا

كامال زوڭتوك، ئىسمەت پاشا زوڭلى بولغان.
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان چاغدا، دۇنيا خەرىتىسىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر ساناقلىقلا بولغاچقا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى شەرق ۋە غەربتىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە زور ئىلھام بەخش ئەتكەن.
مۇستاپا كامال زوڭتوك بولغان كۈنى بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن: «سىز ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز، ئەمدى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟» دەپ سورىغاندا، مۇستاپا كامال: «ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، كىشىلەر مەقسىتىمىزگە يەتتۇق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تېخى باشلىنىش، ھەقىقىي ئىشلىرىمىز مانا ئەمدى باشلاندى» دەپ جاۋاب بەرگەن.
مۇستاپا كامال «ھەقىقىي ئىشلار» دېگەندە ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، تۈركىيىنى گۈللەندۈرۈشنى ھەمدە ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ، يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن مىللىي گۈللىنىش يولىغا مېڭىشنى كۆزدە تۇتقان. شۇڭا ئۇ، غەربنىڭ مەدەنىيىتى، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا بىلىملىرى ئارقىلىق تۈركىيىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ خەلققە: «ھەقىقەتنىڭ يولى — مەدەنىيەت يولىدۇر»، «بىز مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن بىلىملىرىدىن كۈچ ئېلىشىمىز لازىم» دېگەن.
گەرچە تۈركىيە مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، دۆلەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن جىددىي بولغان. ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، تۈركىيىنى قايتىدىن تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغان. دۆلەت ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر ھەدەپ قۇتراپ، سۇلتان — خەلىپىلەر قولىدىن بېرىپ قويغان ھوقۇقىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىنى تۇسۇشقا ھەرىكەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، نەچچە يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشمۇ تۈركىيىنى ئېغىر ھالسىراتقان. دۆلەت قەرزى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى بىر يۈز ئەللىك ئۈچ مىليون تىللادىن كۆپىيىپ، تۆت يۈز ئاتمىش بەش مىليون يەتتە يۈز مىڭ تىللاغا يەتكەن. ئۇرۇش خىراجىتى بەش يۈز سەكسەن بىر مىليون تىللاغا يەتكەن. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە ھوسۇل مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كېمىيىپ كەتكەن. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ئىككى مىليون يەتتە يۈز مىڭدىن ئۈچ يۈز سەكسەن مىڭغا ئازايغان. مال باھاسى ئون بەش - يىگىرمە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ئۇرۇشتا، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلىدىن ئىككى مىليون بەش يۈز مىڭ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن.[1]

بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان مۇستاپا كامال مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھەقىقىي ئازادلىققا نىسبەتەن ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا، مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىدە پەن ۋە تېخنىكا قىبلىنامىمىز بولىدۇ»، تۈركىيىنى «زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك دۆلەت» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش - چىقالماسلىقنى «ھايات - ماماتلىق مەسىلىسى» دەپ قاراش كېرەك دېگەن.

تۈركىيىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن مۇستاپا كامال سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان.

مۇستاپا كامال 1922 - يىلىلا سۇلتانلىق تۈزۈمىنى

---

[1] «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر» (خەنزۇچە نەشرى) ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق سانىدىن ئېلىندى.

ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1924 ـ يىلى خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئۇ يەنە شەيخۇلئىسلام ۋە ۋەخپە مىنىستىرلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باش مىنىستىرلىككە قارايدىغان دىيانەت ئىشلىرى مۇدىرلىقى ۋە ۋەخپە مۇدىرلىقىنى قۇرغان. 1924 ـ يىلى 3 ـ مارت كۈنى، دىنىي مەكتەپلەرنى پۈتۈنلەي بىكار قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىر مىللىي مائارىپ سىستېمىسىغا ئىگە قىلىنغان. 1924 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېل كۈنى، ئەدلىيە تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىي شەرىئەت مەھكىمىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قازىلار پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىقتىدارلىقلار مۇۋاپىق مەھكىمىلەرگە يېڭى ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان.

مۇستاپا كامال قانۇن ئىسلاھاتىدا ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1923 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مۇستاپا كامالنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تۈركىيىنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنىنى ماقۇللىغان، بۇ قانۇننى 1924 ـ يىلى رەسمىي ئېلان قىلىپ يولغا قويغان. ئاساسىي قانۇندا: «تۈركىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى جۇمھۇرىيەت بولىدۇ» ، بۇ ماددىنى «ھەر قانداق ئەھۋالدا، ھەر قانداق شەكىل بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى چەكلىمىسىز ۋە شەرتسىز ھالدا خەلققە مەنسۇپ بولۇش» تىن ئىبارەت «پۇقراپەرۋەرلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارنىڭ سۆز، نەشرىيات، ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا پۈتۈنلەي باراۋەر ئىكەنلىكى، قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ۋە

ئائىلىسىنىڭ دەخلى - تەرۆزغا ئۇچرىمايدىغانلىقى، ھەر خىل ئىمتىيازلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى ۋە چەكلىنىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، كامال ھۆكۈمىتى ئوسمانلى ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ھېسابلانغان مەجەللە ۋە شەرىئىي ھوقۇق ئورنىغا تۈرك مەدەنىي قانۇنى، تۈرك جازا قانۇنى ۋە تۈرك تىجارەت قانۇنىنى يولغا قويغان. 1925 - يىل 30 - نويابىر كۈنى، بارلىق خانىقالار، چوڭ جامەلەر ۋە ئۇششاق مەسچىتلەر تاقىۋېتىلگەن، تەرىقەت ئۇنۋانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

1925 - يىلى، «ئائىلە قانۇنى» يولغا قويۇلۇپ، ئاياللار ھوقۇقى تەكىتلەنگەن. بۇ قانۇن ئارقىلىق، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى بىكار قىلىنغان. ئاياللار سىرتقا چىققاندا چۈمبەل ئارتىش، ئەر - ئاياللار ئايرىلىپ ئولتۇرۇش، ئاياللاردا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولماسلىقتەك قائىدىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئاياللار 1930 - يىلى ۋىلايەتلەردە، 1933 - يىلى يېزا چوڭلىرى ھەيئىتىدە، 1934 - يىلى بولسا، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

1926 - يىلى 26 - نويابىر كۈنى، خەلقئارا ۋاقىت ۋە كالېندار بىرلىكى قوبۇل قىلىنغان. 1931 - يىلى، كونا ئېغىرلىق ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۆزگەرتىلگەن.

1928 - يىلى، ئاساسىي قانۇندىن «ئىسلام دىنى تۈركىيىنىڭ دۆلەت دىنى» دېگەن ماددا چىقىرىۋېتىلگەن.

مۇستاپا كامال مەدەنىي مائارىپ ئىسلاھاتى جەھەتتىمۇ مىسلىسىز ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىق جاكارلىغان چاغدا، دۆلەت ئىچىدىكى

ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى سەكسەن پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان. مۇستاپا كامال 1922 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «بىر دۆلەتنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ھەر قانچە شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر بىلىملىك قوشۇنى بولمايدىكەن، بۇ غەلىبە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەپ كېتەلمەيدۇ ھەم ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايدۇ» دېگەن يوليورۇقىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپى يولغا قويۇلۇپ، ھەر بىر كەنتتە بەش يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلغان. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق ۋە سىفەن قاتارلىق كەسىپ ـ تېخنىكا مەكتەپلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلغان. ئالىي مەكتەپلەر ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىلگەن.

مۇستاپا كامال تۈرك تىل ـ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلاش ئېلىپ بارغان. ھەممىگە مەلۇمكى، تۈركلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەخسۇس يېزىقى بولغان ئۇرخۇن ئۇيغۇر يېزىقىنى تاشلاپ، ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان.[1] مۇستاپا كامال: «تىلنىڭ كۈچى — مىللەتنىڭ كۈچى دېمەكتۇر» دېگەن. شۇڭا ئۇ تىل خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى قوزغىغان «مەدەنىيەت جېڭى» ئېلىپ بېرىشتا، ئالدى بىلەن بىر مەيدان «تىل جېڭى» ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق تۈرك تىلى دۇچ كەلگەن بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

---

① «تۈركىيە 1988» ئەنقەرە نەشرى، تۈركچە نۇسخا 48 ـ بەت.

ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1924 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى «مائارىپ بىرلىكى» پەرمانىنى ماقۇللىغان.

«مائارىپ بىرلىكى» يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، تۈركىيىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ۋە مائارىپ ئىدىيىسى بىرلىككە كەلمىگەنىدى. ئەرەب، پارس تىللىرى مەكتەپلەردە ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان ئاساسىي دەرس سۈپىتىدە ئالدىن ئېتىبار بېرىلىپ ئۆتۈلەتتى. تۈرك تىلى بولسا ھەممىلا يەردە چەتكە قېقىلاتتى. تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن باللار تۈرك تىلىنى پەقەت ئائىلىسىدە ئانىسىدىنلا ئۆگىنەتتى. «مائارىپ بىرلىكى»نى يولغا قويۇشتىن مەقسەت بارلىق مەكتەپلەرنى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە تەۋە قىلىش، يەنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىش، تۈرك تىلى مائارىپىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش، كونا مائارىپ تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى. «مائارىپ بىرلىكى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «مەدەنىيەت بىرلىكى»نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، ئۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قانداق مەدەنىيەتنى سىڭدۈرۈشنى بەلگىلەيتتى. «مەدەنىيەت بىرلىكى» مۇ «مائارىپ بىرلىكى» ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشاتتى. «تىل بىرلىكى»، تىلنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مەسىلىسى، يەنى تۈرك تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، تۈرك تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىلىرى بولسا شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مۇستاپا كامال پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەرگە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى دەرسلەرنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان. 1929 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئەرەب، پارس تىللىرى مائارىپى مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي

ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۈرك تىلى مائارىپى ئىگىلىگەن.

1923 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغا قەدەر بولغان «مەدەنىيەت بىرلىكى» نى يولغا قويۇش جەريانىدا، تىل ئىسلاھاتى ئالدىدىكى بارلىق تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مۇستاپا كامال ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بولغانلىرى مۇنۇلار: كونا «ئەدەبىيات مەھكىمىسى» نىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەن، خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن كالېندارچىلىق، ۋاقىت سىستېمىسى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلغان، سودا ئىشلىرىدا ساپ تۈرك تىلى ئىشلىتىلگەن، كوچا ـ يولناملىرى تۈركچىلەشتۈرۈلگەن، لاتىن ھەرپلىرى ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يازما شەكىللىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن ۋە ھاكازالار. 1928 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مۇزاكىرە ئارقىلىق، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە لاتىن يېزىقى سىستېمىسىدىكى تۈرك ئېلىپبەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قانۇن ماقۇللىغان. شۇنىڭ بىلەن، مەملىكەت بويىچە يېڭى يېزىق ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالغان. ھۆكۈمەت يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي مەجبۇرىيەت دەپ قارىغان. مۇستاپا كامال بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە مىنىستىرلارغا ئۆزى يېڭى يېزىق ئۆگەتكەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى ئارىلاپ، قارا دوسكىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، باغچىلاردا، مەيدانلاردا، يېزىلاردا، فېرمىلاردا كىشىلەرگە يېڭى يېزىق ئۆگەتكەن. كىشىلەر ئۇنى «باش مۇئەللىم» دەپ تەرىپلەشكەن.

يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشى تۈركىيىنىڭ تىل ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. لاتىنچىلاشقان

يېڭى يېزىق يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۈرك تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەرەب، پارس سۆزلۈكلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساپ تۈركچە سۆز ۋە گراماتىكىلىق تەركىبلەرنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ زۆرۈرلىكى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە تىلنى ساپلاشتۇرۇش دولقۇنى شەكىللەنگەن. يۇقىرىدا زۇڭتۇڭ، مىللەت مەجلىسىنىڭ باشلىقى، مىنىستىرلاردىن تارتىپ، تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى «تىل جېڭى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتكە ئاتلانغان.

«تۈرك تىلىنى چەت تىللارنىڭ بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش» ئۈچۈن قوزغالغان بۇ داغدۇغىلىق تىلنى ساپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە بەزى كىشىلەر قارشى چىقىپ، تىل پەقەت تەبىئىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچىلا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇنىڭغا سۈنئىي ھالدا ئارىلىشىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. مۇستاپا كامال بۇ پىكىرگە تۈپتىن قارشى چىققان. ئۇ ئوسمانلى تۈركچىسىنىڭ، بولۇپمۇ يېزىق تىلىنىڭ كۆپ خىل تىللارنىڭ «ئارىلاشمىسى» بولۇپ قېلىشىنى يازغۇچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىرمۇ پەقەت يازغۇچىلارلا تۈرك تىلىنى بۇ خىل قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ، دەپ قارىغان.

سۆز ئىزدەش خىزمىتى دەسلەپتە ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان. بولۇپمۇ چىقىرىپ تاشلانغان ئەرەب، پارس تىللىرى سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلىنىدىغان سۆزلەرنى قانداق تېپىش ياكى نەدىن تېپىش مەسىلىسىدە ئەينى ۋاقىتتا پىكىر بىردەك بولمىغان. 1932 - يىلى ھەمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى كۆپ ساندىكى تۈركىيە زىيالىيلىرى نامىق كامال بىلەن زىياگۆك ئالىپ قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شەرقتىكى

تۈركىي تىللاردىن ياكى دىئالېكتلاردىن چىقىش يولى تېپىشقا تەشنا بولغانىدى. لېكىن 1932 ـ يىلى چاقىرىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك تۈرك تىلى قۇرۇلتىيىدا، مەشھۇر شائىر ئابدۇلھەق ھامىت ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىزدەپ تاپىدىغان سۆزلەر كۇنيادىمۇ ئەمەس، ئېدىرنىدىمۇ ئەمەس، سىلانىكتىمۇ ئەمەس ۋە ياكى قەشقەر بىلەن بۇخارادىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىستانبول دىئالېكتىدا[①]». ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارىغان: ئىزدەپ تاپىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان سۆز يىلتىزلىرى ۋە قوشۇمچىلار ئىستانبول ئېغىز تىلىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، ئىستانبول تىل تاۋۇشلىرى ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. ئەمما، مۇستاپا كامالنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم تىلشۇناسلار شەرقتىكى تۈركىي تىللار ياكى دىئالېكتلاردىن سۆز ئىزدەشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار مۇستاپا كامالنىڭ قوللىشى بىلەن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرغان. ئەمما، بۇ پائالىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئاساسىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسىم پايدىلىق تەرەپلىرى بولغان. يەنى شەرقتىكى تۈركىي تىللار ياكى دىئالېكتلاردىن بىر قىسىم سۆزلەر تىلغا قوبۇل قىلىنغان.

شەرقتىكى تۈركىي تىللار ياكى دىئالېكتلاردىن سۆز ئىزدەش يولى تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاندىن كېيىن، كىشىلەر نەزەرىنى ئاناتولىغا قاراتقان. كۆپ تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، بۇ يول ساپ تۈركچە سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ قارالغان.

---

① «تۈركىيىنىڭ تىل ئىسلاھاتى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانى 52 ـ بەت.

شۇنىڭ بىلەن 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ، تىل تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە بۇ خىزمەتكە تۇتۇش قىلىنغان ھەمدە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن.

مۇستاپا كامال ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. ئۇ: «سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىلەر ھەر قانچە زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىقتىسادىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر بىلەن مۇستەھكەملەنمەسە، ئۇ غەلىبىلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ» . . . «ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولمىسا، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى بولمايدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، «ئىقتىسادنى دۆلەت كونترول قىلىش» سىياسىتىنى يولغا قويغان. خۇسۇسىي كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ «سانائەتتە مۇكاپاتلاش قانۇنى» ئېلان قىلىپ، چەت ئەل كاپىتالىنى چەكلىگەن. تۈركىيىلىك زاۋۇت خوجايىنلىرىدىن تاموژنا بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلغان. دۆلەت بانكىسىنىڭ ئىقتىسادىي پىشانلىقىدىن پايدىلىنىپ. زاۋۇت، كان، سودا، ئېلېكتر قاتارلىق تارماقلارنى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى كونترول قىلغان. چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە تاۋارلىرىغا چەكلەش ۋە پايدىلىنىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلمۇ يىل ئاشقان. تۆمۈر يول لىنىيىسى زور كۈچ بىلەن ئۇزارتىلغان. نەتىجىدە، تۈركىيە 1929 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە پۈتۈن دۇنيا دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي كرىزىستىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتكەن.

مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى ھەرگىزمۇ ئاسانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس. 1925 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئاناتولىيىنىڭ

شەرقىدە، كوردلارنىڭ[1] مۇپتىسى ۋە نەقشىبەندىچىلەرنىڭ باشلىقى سەئىد ئىنگلىزلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، كوردلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان. ئۇلار خەلىپىنى ھىمايە قىلىش، دىنىي قائىدىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان. مۇستاپا كامال پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئۇلارنى باستۇرغان. 1926 ـ يىلى، مۇستاپا كامال ۋە ئۇ يۈرگۈزۈۋاتقان «كامالىزىم»[2] غا قارشى دىنىي ئۆكتىچىلەر ۋە ياش تۈركچىلەر

---

① كوردلار — ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئەرەب، تۈرك، پارسلاردىن قالسىلا تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ مىللەت بولۇپ، ھازىرقى نوپۇسى تەخمىنەن يىگىرمە مىليون. ئۇلار ئاساسەن تۈركىيە (توققۇز مىليون)، ئىران (بەش مىليون)، ئىراق (تۆت مىليون)، سۈرىيە (سەككىز يۈز مىڭ)، لىۋان (يۈز مىڭ)، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمەنىيە (يۈز مىڭ) لەرگە تارقالغان. كىشىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كوردلار غەربىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. كورد تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ پارس تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. كوردلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايى كوردىستان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تۈركىيە، ئىران ۋە ئىراقنىڭ چېگرىلىنىدىغان رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن تۆت يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. كوردلار مۇستەقىللىققا ئېرىشىش يولىدا ئۇزاقتىن بۇيان ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ كەلدى.

كوردلارنىڭ تارىخى بىر قەدەر كۈچلۈك قوشنىلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان تارىخ، شۇنداقلا مۇشۇ رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، كېلىشىمنى ئىجرا قىلمىغان، باستۇرۇش ئېلىپ بارغان ۋە ئىچكى قىسىمدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن تارىخ.

② كامالىزىم — كامالىزىمنىڭ ئاساسىي روھى — چەت ئەل جاھانگىرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، مىللىي مۇستەقىللىقنى تولۇق يولغا قويۇش، تۈركچىلىك ئاساسىدىكى مىللىي ئاڭنى كۈچەيتىش، تۈركىيىنى ھەقىقىي زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، شۇنداقلا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا دىندىن خالىي دۆلەت بەرپا قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پارتىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئىزمىردا مۇستاپا كامالنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەن ياكى ئىسلاھات قەدىمىنى ئاستىلىتالمىغان. مۇستاپا كامال بۇ ئىشلارغا قارىتا: «مېنىڭ بۇ كىچىككىنە تېنىم ھامان بىر كۈنى تۇپراققا كۆمۈلىدۇ، لېكىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىدۇ» دېگەن.

1931 - يىلى مۇستاپا كامال ئىسلاھاتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى جۇمھۇرىيەتچىلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، دۆلەت مەسلىكى، بىدئەتچىلىك ۋە ئىنقىلابىيلىقتىن ئىبارەت ئالتە پرىنسىپقا يىغىنچاقلىغان. جۇمھۇرىيەتچىلىك دېگەندە، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ھاكىمىيەت شەكلى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. مىللەتپەرۋەرلىك دېگەندە، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى مىللەتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللىي خاسلىقنى ۋە ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىش تەلەپ قىلىنغان. خەلقچىللىق دېگەندە، خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. دۆلەت مەسلىكى دېگەندە، شەخسلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە پائالىيىتىنى ئېتراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى پائال باشقۇرۇشى، بولۇپمۇ پۈتۈن مىللەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىقتىسادىي ساھەدىكى كارخانىلارنى پائال باشقۇرۇشى كۆرسىتىلگەن. بىدئەتچىلىك دېگەندە، ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىنى مىللىي تەرەققىياتنىڭ باش ئامىلى دەپ قارىغان. ئىنقىلابىيلىق دېگەندە، مۇستاپا كامالنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىگە — يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا

سادىق بولۇش تەكىتلەنگەن. بۇ ئالتە پرىنسىپ خەلقئارادا «كامالىزىم» دەپ ئاتالغان.

مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىسلاھات ئارقىلىق، تۈركىيە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دىنىي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، غەرب بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ شەكلىنى ئالغان ھازىرقى زامان دۆلىتى بولالىغان؛ ئىسلاھات ئارقىلىق، تۈركىيە ئۆزىنىڭ مىللىي سانائەت سىستېمىسىنى ئاساسەن شەكىللەندۈرگەن؛ ئىسلاھات ئارقىلىق تۈركىيە جاھانگىرلارنىڭ قۇل قىلىشىدىن ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان؛ ئىسلاھات ئارقىلىق «غەربىي ئاسىيانىڭ كېسەل كۆرپىسى» دەپ ھاقارەتلەنگەن تۈركىيە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇستەقىللىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭغان؛ ئىسلاھات ئارقىلىق تۈركىيە خەلقى ئىشەنچكە تولۇپ، تەرەققىيات يولىنى بويلاپ، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىكنى قەدىرلەيدىغان تولۇپ تاشقان روھ بىلەن دۇنيا سەھنىسىگە چىققان.

مۇستاپا كامالنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن، بۈيۈك مىللەت مەجلىسى 1934 ـ يىلى مۇستاپا كامالغا «ئاتا تۈرك» دېگەن شەرەپنى بەرگەن①.

تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى يولىدا، تۈركىيە خەلقىنىڭ بەختى ۋە خاتىرجەملىكى يولىدا ئۆمۈر بويى يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان

---

① «دۇنيانى لەرزىگە سالغان ئىسلام دىنى» (ئاپتورى گېرمانىيىلىك ھوبېرت گوتشارك) شەنشى خەلق نەشرىياتى. 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 135 ـ بەت.

شۇنداقلا چەكسىز شان ـ شۆھرەتلەرگە ئېرىشكەن مۇستاپا كامال جىگەر كېسىلى شىپا تاپماي، 1938 ـ يىل 11ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى سائەت توققۇزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، ئىستانبولدا ئەللىك يەتتە يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشقان.[1] ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى بەكمۇ ھەيۋەتلىك ھەم تەسىرلىك ئۆتكۈزۈلگەن. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتىدا: «تۈركىيە ۋەتىنى قۇرغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، تۈرك مىللىتى ئاجايىپ داھىيسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئىنسانىيەت ئۇلۇغ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ جەسىتى پايتەخت ئەنقەرەگە دەپنە قىلىنغان ھەمدە قەبرە تىكلەنگەن، ئۇنىڭ قەبرىسى تۈركىيىدىكى مەشھۇر زىيارەت ئورۇنلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيىگە يېتىپ كەلگەن يىللىرى يەنى 1928 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى يېڭىلىنىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىپ، ئىقتىسادي كۈچىيىپ، تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ زامانىۋى ئېڭى ۋە مىللىي روھى يۇقىرىلاپ، پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتكە ئايلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويغان دەسلەپكى كۈنلىرىدە، تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن. ئۇنىڭ

---

[1] مۇستاپا كامالنىڭ پۈتۈن ئۆمرى دېگۈدەك بويتاقچىلىقتا ئۆتكەن. 1923 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىزمىرلىق بىر خانىم بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، كېلىشەلمەي ئىككى يىلدىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەن، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن، ئەمما بىرنەچچە بالا بېقىۋالغان.

تىجارەت قىلغۇدەك دەسمايىسى بولمىغاچقا، ئىش تېپىپ ئىشلەشتىن باشقا ماڭىدىغان يولى يوق ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئەلا بىلىدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ هايات كەچۈرۈشنى خالايدىغان ئالىيجاناپ پەزىلەتكە ئىگە يىگىت بولغاچقا، ئىش تاپقىچە تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەهۋالدا قالغان. بىر كۈنى ئۇ ئىستانبولنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى مەنزىرىلىك جاي — سۇلتان ئەهمەد جامەسىگە كېلىپ، ساياهەت قىلغاندىن كېيىن ئىچى پۇشۇپ، دېڭىز ساهىلىغا بېرىپ، بېلىق تۇتۇۋاتقان بېلىقچىلارنىڭ كېمىلىرىگە قاراپ تۇرىدۇ. ئەمدى بېلىق تۇتۇپ كېلىپ كېمىسىنى دېڭىز قىرغىقىغا باغلاۋاتقان، بويى ئېگىزرەك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، ساقىلىغا ئەمدىلا ئانچە - مۇنچە ئاق كىرگەن بىر كىشى مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىمۇ جاۋابەن سالام بېرىدۇ ۋە يېقىن بېرىپ ئەهۋاللىشىدۇ. هېلىقى بېلىقچى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەلەپپۇزىغا هەيران بولۇپ:

— سىز قەيەرلىك، تۈركمۇسىز؟ — دەپ سورايدۇ. مەمتىلى ئەپەندى جاۋابەن:

— مەن قەشقەرلىك، تۈركىيىگە يېڭىدىن كېلىشىم، — دەيدۇ.

— تۈركىيىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورايدۇ بېلىقچى.

— مەن تۈركىيىگە ئوقۇش مەقسىتىدە كەلگەن، لېكىن، هازىرچە ئىشلەپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، كېيىنچە بىرەر مەكتەپنى ئۇقۇشۇپ ئوقۇشنى ئويلاۋاتىمەن، — دەيدۇ مەمتىلى ئەپەندى.

— ئۇنداقتا هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورايدۇ

بىلىقچى.

— هازىرچە بىكار يۈرۈۋاتىمەن، تېخى ئىش تاپالمىدىم، — دەيدۇ مەمتىلى ئەپەندى ئېنىق قىلىپ.

— ئىستانبۇل چوڭ شەھەر، بۇ يەردە بىكار يۈرۈپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز ماڭا ياردەمچى بولۇڭ! — دەيدۇ بىلىقچى. مەمتىلى ئەپەندى دەرھال:

— بولىدۇ، ئەپەندىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ مەمتىلى ئەپەندى نەجمىدىن ئىسىملىك بۇ بىلىقچىغا ياردەملىشىپ، ھەر كۈنى بىلىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ بىلىقچى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، ھالال نىيەتلىك كىشى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندىگە كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىمۇ بۇ كىشىگە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بىلىقچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىنى تېجەشلىك بىلەن خەجلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۇل توپلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل بىلىقچىلىق قىلىش جەريانىدا، ئىستانبولنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ، ئىستانبولدىكى يۇرتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ. ساۋات چىقىرىش كۇرسىدا ئوقۇپ، يېڭىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرك يېڭى يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. تۈرك يېڭى يېزىقىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يېڭىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە كىتابلارنى، مەزمۇنى مول، ئابرويى يۇقىرى گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇيدۇ. . .

مەمتىلى ئەپەندى بىلىقچى نەجمىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، ياردەملىشىپ بىلىقچىلىق قىلىپ، بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساس توپلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تونۇش -

بىلىشلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىستانبولدىكى بىر سىفەن مەكتىپىگە قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ مەكتەپ ئىچىدە قارا خىزمەت قىلىش جەريانىدا، ئىشنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەش بىلەن بىرگە، باشقىلاردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ سىفەن مەكتىپىنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئوقۇيدۇ. داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايسى كۈنى، قايسى سىنىپتا دەرس ئۆتۈدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، شۇ كۈنى، شۇ سائەتتە ئىشىكنىڭ سىرتىدا ياكى دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ دەرس ئاڭلايدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا، مەكتەپ مۇدىرىغا ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، قايتا - قايتا ئىلتىماس سۇنىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى كۆزىتىپ كۆرۈپ، سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇنى رەسمىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئويلاپ كەلگەن ئارزۇسى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى سىفەن مائارىپىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى مانا مۇشۇ سىفەندە تارىخ، جۇغراپىيە، تىل - ئەدەبىيات، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تەنتەربىيە ۋە ھەربىي مەشق قاتارلىق دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئورۇنداش جەھەتتىكى تالانتىنى بۇ يەردە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نوتا بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، بارا - بارا مۇزىكا ئىجادىيىتىگە كىرىشىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئۇزاق ئۆتمەي مەكتەپ ئىچىدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. ئۇ مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئالدىدا ماڭىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ سىفەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئۇنى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن تۈركىيىدە ئەزالىرى بار ئىلغار تەشكىلات — «تۈرك گەنجلەر (ياشلار) بىرلىكى[1]» مەمتىلى ئەپەندىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان كۈنى بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى مەمتىلى ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى سۆز قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاتۇشتىن بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن تەمبۇرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى يېزىپ ئاھاڭغا سالغان بىر ناخشىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ بېرىدۇ:

بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق،
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق هايات يولىمىز ئۇلۇغ.

كۆپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا،
دەريا ـ دەريا قانلار تۆكتۇق ئەرك يولىدا.

بىزگە گويا دوزاخ بولدى بۇ ئانا ماكان.
ئەسىر بولدۇق، تۇتقۇن بولدۇق هالىمىز يامان،

---

[1] «تۈرك گەنجلەر (ياشلار) بىرلىكى» — بۇ تەشكىلات تۈركىيىدە هازىرغىچە مەۋجۇت. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ تەشكىلاتنىڭ تارىخى كۆرگەزمىخانىسىدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ هەيكىلى بار ئىمىش، هەيكەلنىڭ ئاستىغا «تۈرك گەنجلەر بىرلىكىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى تايانچ ئۇنسۇرلىرىنىڭ بىرى — مەمتىلى ئەپەندى» دەپ يېزىلغان ئىمىش.

كۆرەش بىلەن ئۆتتى ئەسىرى، شانىمىز ئۇلۇغ،
بىزگە ئەمدى ياراشمايدۇ خارلىق ۋە قۇللۇق.[1]

مەمتىلى ئەپەندى ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىلەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئەزالار ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇردۇ. مەمتىلى ئەپەندى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار بولۇپ، تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈشىگە زور كۈچ چىقىردۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئادىمى بولۇپ قالىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى 1929 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل ئوقۇش ئارقىلىق ھەقىقىي بىر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، تەقسىمات بويىچە ئىستانبولدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ، «تۈرك گەنجلەر بىرلىكى» نىڭ پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىپ تۇرىدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە، تۈركىيىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىغانلىق خەۋىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاخبارات ساھەسىدە شىنجاڭ مەسىلىسى قىزغىنلىقى كۆچىيىپ، تەھلىلچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى، ھەرقايسى كۈچلەرنى قوللاۋاتقان ئىچكى ـ تاشقى كۈچلەر، ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ مۇددىئاسى،

---

① مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ شېئىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان.

شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى توغرۇلۇق يازغان ماقالە ـ ئوبزورلىرى گېزىت ـ ژۇرناللارنى قاپلاپ كېتىدۇ. تارىخچىلارنىڭ تارىخىي ماقالىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىدۇ. 1933 ـ يىلغا كەلگەندە، بۇ قىزغىنلىق ئەۋجىگە چىقىپ، شىڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجى، ما جۇڭيىڭ قاتارلىق ھەربىي، سىياسىي كۈچلەر ھەققىدىكى ماقالىلەر تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

مىللەتنىڭ تەقدىرى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندى گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئانا ۋەتىنىگە ئائىت ماقالىلەرنى ئوقۇپ تېپىرلاپ قالىدۇ. ئۇ ئەركىنلىك، ئازادلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان قۇمۇل ـ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ پارتلاپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەۋرەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ:

ئاڭلىدۇق ئەي ئانا ديار سەندىن چۇقان،
پارتلىدى زالىملارغا قارشى ۋولقان.
پاچاقلاشقا قۇللۇق كىشەن ـ زەنجىرىنى،
ئالغا، ئارتقا قايتما جەڭدىن باتۇر ئىنسان!

دەپ شېئىر يازىدۇ.

ۋۇجۇدى بىنزىن قاچىلاپ قويغان تۇڭدەك ئوت تەگسىلا پارتلايدىغان ھالەتتە بولۇپ قالغان مەمتىلى ئەپەندى دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ ئىنقىلابنىڭ قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىش ئىرادىسىگە كېلىپ، «تۈرك گەنجلەر بىرلىكى»گە ئىلتىماس سۇنىدۇ. بۇ تەشكىلات مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مەمتىلى ئەپەندى بىلەن

بىرگە مەجىددىن ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، ئابلا ئەپەندى، ھېسامىددىن ئەپەندى، تەلئەت ئەپەندى[1] قاتارلىق ئون ئىككى كىشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئون ئىككى كىشى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن مەزگىل 1933 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى.[2] دەل بۇ كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن قەشقەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردە ھەر خىل مۇددىئا ۋە ھەر خىل سىياسىي مەقسەتتىكى ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچلەر كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ئالاھىدە ھەم ئىنتايىن كەسكىن بىر تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتاتتى.

1933 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي گۇرۇھ ئۈستۈنلۈك

---

[1] تەلئەت ئەپەندى — مۇسابايېۋلار جەمەتىدىن بولۇپ، ھۈسەيىنبايىنىڭ ئوغلى. ئۇ 1910 - يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئىكساقتىكى ھۈسەيىنىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى نۇرىمان خېنىم بىلەن بىللە دادىسىنىڭ تۈركىيىدىكى مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن تۈركىيىگە چىقىپ كەتكەن. 1933 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. 1934 - يىلىدىن باشلاپ «ئىكساق ھۈسەيىنىيە مەكتىپى»نى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە روشەن كۈچ چىقارغان. ئۆزى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنغان ھەم ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. 1944 - يىلى سەككىز يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ غۇلجىغا كەتكەن. 1953 - يىلى شاڭخەي ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، تۈركىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

[2] سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1 - توم 397 - بېتىدە «1934 - يىلىنىڭ باھارىدا تۈركىيىدىن مەجىددىن ئەپەندى باشچىلىقىدا ئون ئىككى كىشى كەلدى» دەپ يازغان.

قازىنىپ، قەشقەر ۋەزىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلغان. چۈنكى، ئوسمان پاشا (قىرغىز)، ماجەنساڭ (تۇڭگان) ۋە تۆمۈر شىجاڭ قاتارلىق ئۈچ ھەربىي كۈچنىڭ بىر يىلغا سوزۇلغان تىركىشىشى، زىددىيىتى ۋە ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە، تۆمۈر شىجاڭ 1933 - يىلى 8 - ئايدا ما جەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئوسمان پاشا بىلەن ما جەنساڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاياقلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ما جەنساڭ قىسىملىرى قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن. ئاخىرقى ھېسابتا، ئوسمان پاشا قىسىملىرى ئۈستۈنلۈك قازانغان بولسىمۇ، لېكىن سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي گۇرۇھقا تايانمىسا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گورۇھتىكىلەر بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، سابىت داموللام بىلەن بىرلەشكەن ھەم ئۇلارغا ئەگەشكەنىدى.

سابىت داموللام ئابدۇباقى كامالى 1883 - يىلى (ھىجرىيە 1300 - يىلى) ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيىنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان. 1910 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مامۇت ئاخۇن داموللاملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، بۇخاراغا بېرىپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. 1914 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ داموللا بولۇپ يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە، ئىلىغا كېلىپ سۇيدۇڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيە بىلەن تويلىشىپ ئۆيلۈك بولغان. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «رەستە ۋەقەسى» سەۋەبى بىلەن ئايالى رابىيە بىلەن ئاجرىشىپ، ئوغلى ئابدۇللانى ئايالىغا قالدۇرۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە قەشقەر

خانلىق مەدرىسىدە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مەسلەكدىشى شەمسىدىن داموللام بىلەن بىللە مۇدەررىسلىك قىلغان.

شەمسىدىن تۆردى داموللام (1874 — 1934) سابىت داموللام بىلەن دېمەتلىك كىشى بولۇپ، ئاتۇشنىڭ تۆركۆل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. قەشقەر ۋە بۇخارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ھەم ئالىملاردا ئوقۇپ، ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. شەمسىدىن داموللام سىستېمىلىق بىلىم ئالغان كىشى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىم ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، شېئىرىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. «ئولموھا توزمۇچەيىن»، «مۇھىمماتىز — زەۋجەيىن» (ئاياللارغا دائىر مۇھىم ئەخلاق - پەزىلەتلەر) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. 1910 - ۋە 1920 - يىللىرى شەمسىدىن داموللامنىڭ شۆھرىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىلىپ، جاي - جايلاردىن نۇرغۇن تالىپلار شەمسىدىن داموللامنى پاناھ تارتىپ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن. مەسىلەن، خوتەندىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، غۇلجىدىن تېيىپزات تاھىرى[1] ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر

① تېيىپزات تاھىرى — تېيىپزات خەلپەت (1901 — 1974) دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشى بولۇپ، غۇلجا چولۇقايلىق. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىرى، تارىخچىسى، تېۋىپى ھەم ماھىر خەتتاتى ئىدى. ئۇ، 1921 - يىلى بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كېلىپ، شەمسىدىن داموللامدا مەخسۇس تەلىم ئالغان. تېيىپزات تاھىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، يۈكسەك پەزىلەتلىك، مەشھۇر كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى.

خانلىق مەدرىسىگە كېلىپ، شەمسىدىن داموللامدىن دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. تەجەللى بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم مۇشائىرە يېزىشىپ تۇرغان. دېمەك، غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەن سابىت داموللام قەشقەردە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ۋە مەسلەكدىشى شەمسىدىن داموللاملار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەشقەر تەۋەسىدە مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا، قۇلچىلىققا، نادانلىققا، جاھانگىرلىككە قارشى ھەققانىي ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن.

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى سابىت داموللامغا مەركەزلەشكەن. بۇنى سەزگەن سابىت داموللام 1925 ـ يىلى ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا يېنىپ چىققان ھەم ئىلىدىكى مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، 1927 ـ يىلى، «شىرىن كالام» دېگەن كىتابىنى تۇنجى قېتىم كۇرەدە تاش مەتبەئەدە باستۇرغان. بۇ كىتابتا نۇقتىلىق ھالدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب كېيىن ھىندىستاندا بېسىلىپ تارقىتىلغان.

سابىت داموللام دىنىي ئىلىملەردە ھەم تۇركچە، ئەرەبچە، پارسچە ئەدەبىياتنىڭ پۇتكۇل تۇرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر تىللاردا بەزىدە نەسرىي، بەزىدە نەزمىي بىلەن سۆزلەش، يېزىش كامالىتىگە يەتكەن. ئۇ 1927 ـ يىلىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھرىدىكى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلام قانۇنى»، «ئالفىيەنىڭ شەرھىسى» (بۇ ئىبنى مالىك دېگەن ئالىمنىڭ ئالفىيەسىگە قىلغان شەرھى ۋە ھاشىيەدۇر)، «ئاقائىدە

جەۋھەرىيەت، بايان ئەل سۈننەت» دېگەن كىتابلارنى يازغان.
1930 ـ يىلى غۇلجىدا، چۆچەكتىكى مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئېلىش باھانىسى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزەتكىلى چىققان خوتەن قاراقاشلىق مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن پىكىرلەشكەن. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن چىققان شەمسىدىن داموللا، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق يۈزدەك كىشى بىلەن بىرلىكتە ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ ھەجگە ماڭغان.

1931 ـ يىلى باھاردا، ئۇ ھەج تاۋابىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن بىللە كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشقان (بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، سابىت داموللام، ھەج تاۋاب قىلىش جەريانىدا تاتارلاردىن چىققان مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇسا جارۇللايېۋ بىلەن كۆرۈشكەن. سابىت داموللام، مۇسا جارۇللايېۋ، شەمسىدىن داموللام ئۈچەيلەن سابىت داموللىنىڭ «ئىسلام قانۇنى» ناملىق كىتابى ئاساسىدا، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھىغا دۆلەت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن). سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن بولغان ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىدا، مىسىردا دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ قاھىرەگە بارغان.

سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستاندا، مىسىردا ۋە تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ. 1932 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىپ دېھلىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ھەم «ئاقائىدە جەۋھەرىيەت، بايان ئەل سۈننەت»، «ئالفىيەنىڭ شەرھىسى»، «شىرىن كالام» ناملىق

كىتابلىرىنى باستۇرغان.

سابىت داموللام 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، قاغىلىققا يېتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇدۇل خوتەنگە بارغان. 1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قارىقاش ئويباغ مەدرىسىدە، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 1931 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرغان يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن بىر يۈز ئوتتۇز كىشى يىغىن ئېچىپ، سابىت داموللام بىلەن قارىقاشلىق مەمەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئەزالىققا قوبۇل قىلغان ھەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كۈنىنى بەلگىلەش، قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنى سايلاش ئىشىنى مۇزاكىرىلىشىپ بىكىتكەن.

«سابىت داموللام ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: بىرىنچى، بۈگۈنكى دۇنيا شارائىتىدا قوشنا ۋە باشقا چەت دۆلەتلەردىن ئىنقىلابىمىزغا ياردەم كۈتمەك مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ ھەقتە كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن پىكىرلەشتىم؛ ئىككىنچى، ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش نۇقتىسى خوتەندە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلدىم.

سابىت داموللام رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ۋەز ئېيتىپ، بولۇپمۇ جىھات توغرىسىدىكى تەلىماتلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قوزغىلاڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئومۇمىي بىر پىكىر ئېقىمى بەرپا قىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنىڭ توپلىنىشىغا كۈچ چىقارغان» .[1]

---

[1] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 17 ـ سانىدىكى دوختۇر مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرانىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى (122 ـ بەت) .

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، قاراقاشتا قوزغىلاڭ پارتلىغان. 1933 - يىلى 4 - ئايغىچە، خوتەن تەۋەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن» دېگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. سابىت داموللام قوزغىلاڭ جەريانىدا، يەكەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرغان.

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ساۋۇت داموللام بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى ئىمىر ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەكەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. سابىت داموللاملار يەكەندىكى چاغدا، قەشقەردىن تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتول داموللام باشچىلىقىدىكى تۆت ۋەكىلى يەكەنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەشقەرگە بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقى توغرىسىدا سابىت داموللاملار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەن. سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىغان.

ئابدۇغوپۇر شاپتول داموللام پەيزاۋات شاپتۇللۇق كىشى بولۇپ دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرى زور بولغان. لېكىن بۇ كىشى سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق بولۇپ، ئابدۇقادىر دامولللامغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقان. ئوسمان پاشا بىلەن تۆمۈر شىجاڭنى زىددىيەتكە سېلىپ، ما جەنساڭ ئۈچۈن كەتمەن چاپقان. ئۇ 1934 - يىلىدىن كېيىن، يەنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەم قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1935 - يىلى يازدا ئورۇمچىگە كېلىپ، ئۆلكە

بويىچە ئېچىلغان «ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋام كونفېرېنسىيىسى»
گە قاتناشقان. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەيگە بولغان
ئالاھىدە ئىخلاسى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەن ھەم ئۇنىڭ «ئالتە
بۈيۈك سىياسىتى»نى تەشۋىق قىلغان.

1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىسى،
سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ
باۋچەنگە تېلېگرام بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە
زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سودا ـ سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى
تەشكىل قىلغانلىقىنى، شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ
مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئۆرۈمچىگە ئەۋەتىپ
بېرىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان. شېڭ شىسەينىڭ ئابدۇغوپۇر
شاپتۇل دامولامدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن
مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ ئۆرۈمچىگە بېرىشىغا يول قويمىغان.[1]
ئۇ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كېچىدە، ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇغوپۇر
شاپتۇل دامولىنى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا
يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ
بۇ ئىشىغا غەزەپلىنىپ، مەھمۇت شىجاڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن،
مەھمۇت شىجاڭنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئابدۇراخمان ھاجى
بىلەن ئەمەت قۇل ھاجىنى ساقچى ئىدارىسى ئارقىلىق قولغا
ئېلىپ، ئۆرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن.

ئەنە شۇ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام سابىت دامولامىلار
بىلەن يەكەندە قىلغان كېڭەشتىن كېيىن، بەزى كىشىلەرگە،
ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرىمىز دېگىنى نېمىسى؟ ماجەنسەڭلارغا
كۈچى يېتەمتىكىن؟ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، سابىت

---

① «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام، 236 ـ بەت.

داموللامنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلغان. تۆمۈر شىجاڭنىڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان بىر كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىمىر ئابدۇللاغا ئېيتىپ قويغان.

قەشقەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئەتىسى قايتماقچى بولغاندا، ئىمىر ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئېلىپ قېلىپ نەزەربەند قىلىپ قويغان. ۋەكىللەر قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يەكەندىكى كېڭەشتە بولۇنغان سۆزلەرنى ۋە ئىمىر ئابدۇللانىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى نەزەربەند قىلىپ قويغانلىقىنى تۆمۈر شىجاڭغا يەتكۈزگەن. تۆمۈر شىجاڭ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن يەنە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ يەكەنگە ئەۋەتكەن. ئىمىر ئابدۇللا ۋەكىللەرگە: ئابدۇغوپۇر شاپتۇلنى ھازىر قويۇپ بېرىمىز، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پىتنە - پاسات تارقاتمىسۇن! دەپ جېكىلىگەن.

سابىت داموللام بىلەن ئىمىر ئابدۇللا يېتەكچىلىكىدىكى ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەندە، تۆمۈر شىجاڭ قەشقەردىن يېڭىسارغا كېلىپ، سابىت داموللامىلارنىڭ قەشقەرگە بارماسلىقىنى ئۆتۈنىدۇ. لېكىن سابىت داموللام بىلەن ئىمىر ئابدۇللا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. قەشقەردىكى ھامىتخان لۈيجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجىم لۈيجاڭ، سېتىۋالدىجان (ئۆزبېك، قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ باشلىقى)، كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭ قاتارلىقلار ئالتە يۈزدەك ئەسكەر بىلەن، ئوسمان پاشا (لۈيجاڭ)، ئۇراز تۈەنجاڭلار باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن سابىت داموللىنى كۈتۈۋالغىلى چىقىدۇ. ئۇن مىڭلىغان شەھەر پۇقرالىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، ئۇنى قارشى

ئىلىشىدۇ.

[illegible] سابىت داموللام، ئىمىر ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئوسمان پاشا ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر شىجاڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي، 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ھامىتخان لۇيجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجى، سېيىتۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ساۋۇت داموللام ۋە شاھ مەنسۇر تۇرغان ئورۇنلارنى قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرغان ھەمدە سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى ياۋاغدىكى بىر ھويلىغا نەزەربەند قىلىپ قويغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، تۆمۈر شىجاڭغا ماجەنساڭدىن تارتىپ ھەممىسى قاتتىق بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا «سىلىڭ» لىق تامغىسىنى تاپشۇرغان. تۆمۈر شىجاڭ بۇ تامغىنى بىر كۈن شەھەر ئايلاندۇرۇپ داغدۇغا قىلغان. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ئوسمان پاشا 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۆز يۇرتى قىزىلئۇيغا چىقىپ كەتكەن. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ماجەنساڭ تۆمۈر شىجاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر ماجەنساڭنىڭ قولىغا ئۆتكەن. سابىت داموللام بۇ چاغدا يۇرتى ئاتۇشقا چىقىپ كەتكەن. تۆمۈر شىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوسمان پاشا قايتىدىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى ئىلكىگە ئالغان ھەمدە تۆمۈر شىجاڭغا تەۋە قوشۇنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

ئوسمان قەشقەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سابىت دامولام ئاتۇشتىن قەشقەرگە كېلىپ، ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ، 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرغان. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ ئىدارىنى ئەمەلدىن

قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەمئىيىتى» نى قۇرغان.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا، ئەينى مەيداندا بار بولغان سەيپىدىن ئەزىزى كېيىن «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مۇنداق يازغان:

«شۇنداق قىلىپ، ھىجرى 1352 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، مىلادى 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقاردى. بۇ بايراق ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىدى. بايراق چىقىرىپ ‹جۇمھۇرىيەت› قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش چوڭ يىغىنىدا، ‹ھۆكۈمەت› ئىسمىلىكى، ئاساسىي قانۇن ۋە ‹دۆلەت شېئىرى› ئېلان قىلىندى.»

«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - قىسمىدا ۋاڭ شىياڭ مۇنداق يازغان:

«11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى (ھىجرىيە 1352 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) كېچىدە ‹شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى جەمئىيىتى› قەشقەر كونىشەھەردە يىغىن چاقىرىپ، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ‹تەشكىلىي پروگراما› قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ماقۇللىدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› ھاكىمىيىتى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىدا، يەنى ياۋاغ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام

جۇمھۇرىيىتى، ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. سابىت داموللام ئۆزى «دۆلەت ئىشلىرى باش ۋەكىلى» بولدى. ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىغا دۆلەت رەئىسى ئورنىنى قويۇپ قويدى. سابىت داموللام ئۇزۇن سۆز قىلدى. سۆزدىن كېيىن، شەھەردە نامايىش قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، سابىت داموللام شۋېتسىيە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكالەتخانىسىنىڭ قۇتلۇق ھاجى باش مۇھەررىرلىكىدىكى باسمىخانىسىدا «شەرقىي تۈركىستان ھەيتىلىك گېزىتى»نى (بەزىلەر «يېڭى ھايات گېزىتى» دەيدۇ) چىقاردى. يېرىم ئايدىن كېيىن، «مۇستەقىللىق» ئايلىق ژۇرنىلى چىقىرىلدى، ئۇنىڭدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەر بېسىلدى، كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى تەييارلاندى.»

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ 2 ـ قىسمىدا مۇنداق يازغان:

«... ئۇنىڭدا جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم دېيىلگەندىن كېيىن، سابىت داموللام (ئاتۇش) — باش ۋەكىللىككە①، جانىبېك قازى (قىرغىز) — مۇئاۋىن باش ۋەكىللىككە، زېرىپ قارى ھاجى (ئۆزبېك) — ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە، قاسىمجان ھاجى (خوتەن) — خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (قەشقەر) — مائارىپ مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇللاخان (ئۆزبېك) — سەھىيە مىنىستىرلىكىگە، مەھمۇت مۇھىتى (تۇرپان) — ھەربىي

① باش ۋەكىل — زۇڭلى دېگەن مەنىدە.

قوماندانلىقى، ئورازبېك (قىرغىز) — دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە، يۇسۇپجان قۇربېشى (ئۆزبېك) — باش شتاب باشلىقلىقىغا، ئۇبۇلھەسەن ھاجى[1] (ئاتۇش) — سودا - دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىگە، شەمسىدىن داموللام (ئاتۇش) — ئەۋقاپ (ۋەخپە) ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە، مۇھەممەدىن ھاجى (قەشقەر) — ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا كۆرسىتىلگەنىكەن.»

1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خوجىنىياز ھاجىغا ۋەدە بېرىپ، ئۇنى ئىچىدەككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇ يېڭى قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى يوقىتىشنى پىلانلىغان.

1934 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇلۇغچاتتا تەۋە ئەركەشتامدا، ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى خوجىنىياز ھاجىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مۇئاۋىن رەئىس قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىيازنىڭ ئۇلۇغچاتتىكى ئىسھاقبېك تۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ[2] ۋە شىڭ شىسەي قىسىملىرى بىلەن

---

① ھۇسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباينىڭ ئىنىسى.

② 1928 - يىللىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى يىراقنى كۆزلەپ، ئۇلۇغچات ئەتراپىدىكى قىرغىز ياشلىرىدىن ئىسھاقبېك، ماتى شاپدا قاتارلىق كىشىلەرنى قىرغىزىستانغا ئېلىپ كېتىپ، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەتكەن. 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ كونا ئۇلۇغچات رايونىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېك باسمىچىلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە، ئىسھاقبېك باشچىلىقىدا بىر تۇەن قۇرۇلغان. بۇ يەردە ئىسھاقبېكنىڭ شۇ تۇەنى كۆزدە تۇتۇلغان.

ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇشنى شەرت قىلغان. خوجىنىياز ھاجى ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە كۆنگەن ھەمدە سابىت داموللام قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان.

1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، خوجىنىياز ھاجى يەكەندە زىرىپ قارى ھاجى[1]، شەمسىدىن داموللا، ئابلاخان، سۇلتانبەگ قاتارلىق تۆت كىشىنى نەزەربەند قىلغان. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مەھمۇت شىجاڭ قول ئاستىدىكى غوپۇر تۇەنجاڭنى قاغىلىققا ئەۋەتىپ، سابىت داموللامنى قولغا ئالغان. خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قارى ھاجىنى ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

سابىت داموللامنى شېڭ شىسەيگە تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. لېكىن، ئۇ مەھمۇت شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى مىللىي قىسىمنى قەشقەردە قالدۇرۇشنى شەرت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇت

---

[1] زىرىپ قارى ھاجى — (1871 — 1958) تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئۆزبېك. قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇقىرى قاتلام دىنىي زات. 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ، 1941 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىقىپ ئىلىغا كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئىينىڭ باشلىقى بولغان. 1949 ـ يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1958 ـ يىلى غۇلجىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

شىجاڭ قەشقەردە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغان ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ (كېيىنچە يەتتىنچى دىۋىزىيىگە ئۆزگەرتىلگەن) شىجاڭى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئورۇنغا ئىگە بولغان.

سابىت داموللام 1934 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە قامالغان. خوجىنىياز ھاجىمۇ 1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى» دېگەن تۆھمەت بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلانغان. خوجىنىياز ھاجى 1938 ـ يىلى ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ ئۈرۈمچىگە — شېڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ھاشىم ھاجى دېگەن كىشى تەرىپىدىن سىرتماقتا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. خوجىنىياز ھاجى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر سابىت داموللامنىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ بولدى دەپ قاراشقان. لېكىن، سابىت داموللام 1940 ـ يىلىغا كەلگىچە ھايات ساقلانغان. 1940 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى لۇ بىندى ئىسىملىك خۇيزۇ سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ قالغان. لۇ بىندى سابىت داموللامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەغەز ـ قەلەم ئەكىرىپ بەرگەن ھەم سابىت داموللامنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، سابىت داموللام «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ـ تەفسىر قىلىشقا كىرىشكەن. ئون ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ تەرجىمە — تەفسىرنى تولۇق تاماملىغان.

سابىت داموللا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە — تەفسىرىنى تاماملاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1941 ـ يىلى ئەللىك سەككىز يېشىدا تۈرمىدە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان.

1934 - يىلى 7 - ئايدا، خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ) جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا ۋە ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئىسھاقبېك تۈەنجاڭ جانىبېك بىلەن ئوسمان پاشانىڭ ئادەملىرىنى يوقىتىپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. ماخۇسەن خوتەن تەۋەسىنى كونترول قىلىپ، ئۇ يەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. مەھمۇت شىجاڭ قەشقەرگە ئورۇنلاشقان. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. لىيۇ بىڭ شېڭ شىسەينىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ بېرىپ، قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشقان. ما شاۋۋۇ قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىنى داۋاملىق ئۆتىگەن. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق ھالىتى شەكىللەنگەن. شېڭ شىسەي 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق، بىرلىك خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ۋە مەجىددىن ئەپەندى قاتارلىق تۈركىيىدىن كەلگەن كىشىلەر، بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە تۈركىيىگە قايتىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى قەشقەردە قېلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشكەن. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشى تېخى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، شېڭ شىسەيگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر بالايىئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، خەلقنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى... دېيىشىپ، تۈركىيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مىللەتنى مائارىپ ئارقىلىق ئويغىتىش، خەلقنىڭ تەقدىرىنى مائارىپ ئارقىلىق ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىشكەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىنمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ

تۈركىيىگە قايتىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنگەن. مەجىددىن ئەپەندى تۈركىيىلىك بولغاچقا، تولۇق بىر قارارغا كېلەلمەي قالغان. مەمتىلى ئەپەندى مەجىددىن ئەپەندىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان. مەجىددىن ئەپەندى ئاخىرى: «سەن مۇنداق دېسەڭ، مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق، مەھمۇت شىجاڭمۇ قويۇپ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، قېلىپ مۇشۇ يەردە ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، قالساق قالدۇق، لېكىن ھاياتىمىز خەۋپتە...» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېلىشىپ، مەجىددىن ئەپەندى باشلىق بىر نەچچەيلەن قەشقەر شەھىرىدە، مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا مىللەتنى ئاقارتىش يولىدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاشنى پىلانلىغان. تەلئەت ئەپەندى دادىسىنىڭ نامىدىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»گە تەتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ۋە ئۈستۈن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يەرگە چىقىپ كەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى بىر كۈنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىۋاتقان نەۋرە ئىنىسى سەيپىددىن ئەزىزىنى چاقىرىپ، «كاتىپلىقىڭىزنى تاشلاڭ، ئاتۇشقا بارىلى!» دېگەن. سەيپىددىن ئەزىزى «نېمە ئىش قىلىمىز؟» دېسە، ئۇ «مەكتەپ ئاچىمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن ئەتىسىلا ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىققان.

مەمتىلى ئەپەندى، ئاتۇشقا كېلىپ ئىش باشلاشتىن بۇرۇنلا، ئاتۇشتا كەڭ كۆلەملىك ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى كاللىسىدا پىشۇرۇپ بولغان. بۇ پىلان مۇنداق ئىدى: ئالدى بىلەن ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىشنى قوللايدىغان نوپۇزلۇق كىشىلەرنى، ئابرويلۇق يۇرت چوڭلىرىنى، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلارنى،

مىللەتپەرۋەر بايلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلاردىن مەكتەپ ھەيئىتى تۇرغۇزۇش ۋە بۇ ھەيئەت ئارقىلىق كەڭ خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاتۇشتا شارائىتى ياخشى مەكتەپتىن بىرنى تاللاپ، مۇئەللىم تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىش، بۇ سىنىپقا ساۋاتى بار، ئىدراكلىق ياشلاردىن بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش، مۇشۇ جەرياندا، ئاستىن ئاتۇشتىكى يىگىرمە تۆت كەنتتە خەلقنى قوزغاش ئارقىلىق يىگىرمە تۆت مەكتەپ سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنىڭدىن كېيىن، يىگىرمە تۆت مەكتەپتىن ئالدىنقى قاتاردىكى بالىلارنى تاللاپ، «ئىزچىلار مەكتىپى» (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە باراۋەر) قۇرۇش.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ پىلانى ناھايىتى مۇكەممەل پىلان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ھەتتا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك پىلان ئىدى. لېكىن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ياكى ھوقۇقى ياكى زور مەبلىغى ۋە ياكى يۇرت ئىچىدە ئۇزۇن يىللار يېتىلدۈرگەن ئىجتىمائىي نوپۇزى يوق 33 ياشلىق يىگىت ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ پىلان خام خىيالغا ئوخشاپراقمۇ كېتەتتى. لېكىن مەمتىلى ئەپەندى تەشكىللەش جەھەتتە ئاجايىپ تالانتقا، كىشىلەرنى قايىل قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ سۆز سەنئىتىگە، ئىشلارنى پىلانلاش جەھەتتە ئاجايىپ پاراسەتكە، قول سېلىپ ئىشلەش جەھەتتە ئاجايىپ چىدام ۋە جاسارەتكە، غەلىبىگە ئىنتىلىش جەھەتتە ئاجايىپ ئىرادىگە، ئاقارتىش جەھەتتە مول بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئالاھىدە كىشى بولغاچقا، خام خىيالغا ئوخشايدىغان بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى

بىلەن ئاتالغان.

ئۇ دەسلەپتە ھەرىكەتنى بازاردا، سورۇنلاردا جامائەت پىكرى توپلاش، چوڭ جامەلەردە جۈمە نامىزىدىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەش، ئابرويلۇق زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن باشلىغان. شۇ ئارقىلىق، ئاتۇشتىكى ئاتىقى بار، تەسىرى بار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن تاللاپ، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» قۇرغان. بۇ ھەيئەت «مائارىپ ھەيئىتى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزالىرى ئىمىن مەخسۇم (تۆكۈلدىن)، قۇتلۇق ھاجىم (مەشھەتتىن)، ئېيسىراخۇن (مەشھەتتىن)، رەخمەتباي (تېجەندىن)، زاكىر ھاجىم (ئوڭئېرىقتىن)، جاپپار ھاجىم، قۇناجىم، مۇھەممەت قارى، نۇرۇللا خەلپىتىم، تاياخۇن خەلپىتىم ۋە مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئون بىر كىشىدىن تەركىب تاپقان. مەمتىلى ئەپەندى، بۇ ئون بىر كىشىلىك «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى»نىڭ مۇدىرى بولغان. «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى»نىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ۋاقىتىنچە مەشھەت بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مىرغوجا دېگەن كىشىنىڭ قورۇسى بولغان. «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ھەيئەتلەر ئارقىلىق خەلققە تەشۋىقات ـ تەرغىبات يۈرگۈزۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئاتۇش تەۋەسىدە ئاجايىپ بىر جانلىنىش پەيدا قىلغان. پۈتۈن ئاستىن ئاتۇشتىكى يىگىرمە تۆت كەنتتە كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئاچىدىغان مەكتىپى توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان بولغان.

شۇ ۋاقىتتا ئاتۇشقا پەيزاۋاتتىن بەلگىلىنىپ كەلگەن سىدىق

بەگ دېگەن كىشى بەگلىك قىلاتتى. سىدىق بەگ 1934 ـ يىلى كۈزدە ئاتۇشقا بەگ بولۇپ كەلگەن.[1] بۇ ئادەم ئوقۇمۇشلۇق، كۆپنى كۆرگەن زىيالىي سۈپەت كىشى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى ھەقىقىي مەنىدە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن.

«مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى بويىچە، ھەر بىر كەنتتە ئۈچتىن بەشكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرغان. كەنتنى بىرلىك قىلىپ قۇرۇلغان بۇ «ئاتىلار ھەيئىتى» ئۆز تەۋەسىدە قۇرۇلىدىغان مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە توپلاشنى ئېلىپ بارغاندىن باشقا، ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارىسى قاتارلىقلارنى يىغىپ، «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. كېيىن مائارىپ راسخودى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى ئەنە شۇ كىرىمدىن چىقىم قىلىنغان. ھەر بىر كەنتتە ئۆشرە ـ زاكات ۋە ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارە ئاشلىقى قاتارلىقلارنى يىغىۋېلىشقا ئاشىر (كىرىم توپلىغۇچى) لار بەلگىلەنگەن. قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىرىم ـ چىقىم تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. كونكېرت

---

① 1943 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئاستىن ئاتۇشتىكى يىگىرمە تۆت كەنت بىر بەگلىك ھېسابلىناتتى. ھازىر ئاتۇش شەھىرىگە قارايدىغان ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئۇ چاغلاردا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايتتى. كاتتايلاق، قاراجۇل، تۇگۇرمىتى يېزىلىرىمۇ ئاستىن ئاتۇشقا ئوخشاش پەيزاۋات ناھىيىسىگە بىۋاستە قارايدىغان بەگلىكلەر ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئاتۇشنىڭ بۇنداق مەمۇرى بۆلۈنۈشى 1760 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندا بولغان ئىش ئىكەن.

ئىش تەقسىماتى ئارقىلىق، ھەيئەتلەرنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇرغۇتۇلۇپ، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ھەرقايسى كەنتلەردە قۇرۇلغان «ئاتىلار ھەيئىتى» ئۆز تەۋەسىدە توپلىغان ئىئانە پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى»گە تاپشۇرۇپ، بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئېلىپ قېلىپ شۇ جايدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى بىر تەرەپتىن «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى»نىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى كەنتلەردە ئاچماقچى بولغان مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلغان. دېمەك ئۇ بۇ ئىككى ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان. چۈنكى ئۇ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش، ئىشنى چاقماق تېزلىكىدە پۈتتۈرۈپ غەلىبىگە ئېرىشىشنى ئويلىغان.

مەمتىلى ئەپەندى «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىش مەقسىتىدە ئورۇن تاللاپ، ئاتۇشنىڭ بەزى يېزا - كەنتلىرىنى ئايلانغان. چۈنكى ئەينى يىللىرى ئاستىن ئاتۇشنىڭ بەزى كەنتلىرىدە مەرىپەتپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن سېلىنىپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى راۋاجلىنالمىغان يېڭىچە مەكتەپلەر بار ئىدى. مەسىلەن، مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغان تېجەندىكى «ئاق مەيدان مەكتىپى»مۇ بىر ئېچىلىپ، بىر تاقىلىپ 1935 - يىلغىچە داۋاملاشقان. شۇ يىلى، بۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر قۇۋان ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئوڭئېرىقلىق موللا تۇردى ھاجىم، تېجەنلىك ئەمەت ھاجىم، ھوشۇرخان قاتارلىق كىشىلەر ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر ۋە تاشاخۇنۇم ئۆمەرنىڭ ئاخىرىدا «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى» يېنىدا ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر بار ئىدى.

موللا تۇردى ھاجىم مال ـ مۈلكى ئىنتايىن جىق، روسىيە، ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىر، تۈركىيە، ئەرەبىستان، مىسىرلاردا سودا قىلىش جەريانىدا كۆپنى كۆرگەن، تەرەققىپەرۋەر سودىگەر بولۇپ، ئۇ خېلى بۇرۇنلا جەدىدىزىم ئېقىمىنى يېتىلدۈرگەن ھەمدە مىللەتنى ئويغىتىپ، جاھالەت ۋە ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇش نىيىتىگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1917 ـ يىلى يۇرتى ئوڭئېرىقتا مەسچىت سېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كۆل كولىتىپ، كۆلنى ئايلاندۇرۇپ توققۇز ھۇجرىلىق، كارىدورلۇق، ئاستى پوللۇق ئالتە سىنىپلىق مەكتەپ، بىر ئامبار ۋە بىر ئاشخانا سالدۇرغان. كۆلنىڭ بىر تەرىپى مەيدان بولۇپ، مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى ئۈچ مېترلىق سۇپىلىق، نەقىشلىك پېشايۋان بىلەن ئورالغانىدى.

موللا تۇردى ھاجىم ئاچقان بۇ مەكتەپكە 1928 ـ يىلى مەمتىمىن قاراجىم[1] (مەمتىمىن سوپىزادە) دېگەن ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. مەمتىمىن قاراجىم سوپىزادە ئوڭئېرىققا كەلگەندىن كېيىن، موللا تۇردى ھاجىم قىرىق يەتتە

---

[1] مەمتىمىن قاراھاجىم سوپىزادە — مەشھۇر مائارىپچى ۋە خەتتات. بۇ زات 1886 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان شەھرىدە ئۆزبېك ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈر چېغىدا دادىسى بىلەن ھەجگە بارغان. تۈركىيە، مىسىردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان. 1926 ـ يىلى دادىسى بىلەن نەمەنگاندىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. 1928 ـ يىلى ئاتۇشقا كېلىپ، ئوڭئېرىقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە توي قىلغان. 1934 ـ يىلى تەكلىپكە بىنائەن ئاقسۇغا كېلىپ، ئاقسۇدا يېڭى مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئېچىلغان مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. مەمتىمىن قاراھاجىم سوپىزادە ئاقسۇدا مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ شۆھرەت قازانغان. 1936 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى غەرەزلىك ھالدا «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكىگەن. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

نەپەر ئوقۇغۇچىنى يىغىپ بەرگەن. مەمتىمىن سوپىزادە ئەپەندىم بۇ ئوقۇغۇچىلارغا كۈندە يەتتە سائەت مەشغۇلات بىكىتكەن. ئېلىپبە، ھېساب، قول ھۈنىرى، رەسىم ۋە باشلانغۇچ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. مەكتەپتە ھەر كۈنى چۈشتە ئوقۇغۇچىلارغا بىر ۋاق تاماق بېرىلگەن. بۇ بىر ۋاق تاماق كۆپ ۋاقىتلاردا شوۋىگۈرۈچ بولغان. باشقىلار سوپىزادە ئەپەندىدىن: نېمىشقا شوۋىگۈرۈچنى كۆپ ئەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، «شوۋىگۈرۈچ مېڭىنى ئېچىپ، زېھنىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدىغان تاماق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

سوپىزادە ئەپەندىم ئوقۇغۇچىلارنى ياز كۈنلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم ئاچچىقياردىكى بۇلاققا ئېلىپ چۈشۈپ، سوپۇن تارقىتىپ بېرىپ يۇيۇندۇرغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرۈشنى بۇيرۇغان. ئوڭئېرىق تەۋەسىدىكى بەزى مۇتەئەسسىپ، جاھىل كىشىلەر بۇنىڭغا قارىتا پىتنە تارقاتقان. غەزەپلەنگەن مەمتىمىن سوپىزادە ئەپەندىم مەكتەپنى تاشلاپ، ۋاقتىنچە باشقا ئىشلارنى قىلغان. موللا تۇردى ھاجىم ئاچقان مەكتەپمۇ ئاخىرقى ھېسابتا توختاپ قالغان.

موللا تۇردى ھاجىمدىن كېيىن، 1927 ـ يىلى تىجەنلىك ئەمەت ھاجىم تىجەندە بىر يېڭىچە مەكتەپ سالغان.

ئەمەت ھاجىم ھەم ئوقۇمۇشلۇق، ھەم باي سودىگەر بولۇپ، ئۇزۇن يىل روسىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە بېرىپ سودا ئالاقىسى قىلغان. قازان شەھىرىگە سودا قىلىپ بارغاندا، ئىككى بالىلىق بىر تاتار ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئاتۇشقا ياندۇرۇپ كەلگەن. بۇ تاتار ئايال يېڭى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ پەننىي مەلۇماتى يۇقىرى بولغاچقا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا چوڭ كۆل كولىتىپ، كۆل بويىغا ئىككى سىنىپلىق، ئىشخانا ۋە ياتاقلىق مەكتەپ سالدۇرغان. مەكتەپ قۇرۇلۇشى ھازىرقى زامان

پاسونىدا ئىدى. بۇ مەكتەپتە يېڭىچە ئوقۇش ئېلىپ بېرىلغان. مەكتەپ كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «شۆتاڭ مەكتەپ»كە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەردىن «شاۋيى لاۋشى» دېيىلىدىغان، ئۇزۇن قارا جۇيازا كىيىپ يۈرىدىغان بىر خەنزۇ كىشى كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1933 ـ يىلى «شۆتاڭ مەكتەپ» تاقالغان. 1935 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، مەمتىلى ئەپەندى بۇ مەكتەپكە «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى»دا تەربىيىلەنگەن سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇلبارى ۋە ئابدۇرېشىت دېگەن ئۈچ ئوقۇغۇچىسىنى مۇئەللىملىككە تەيىنلىگەن. ئەمەت ھاجىم بۇ چاغدا تېجەندىكى «ئاتىلار ھەيئىتى»نىڭ باشلىقى بولغان.

1920 ـ يىللىرى تېجەندە يەنە ھوشۇرخان ئىسىملىك بىر ئايال يېڭىچە مەكتەپ سالدۇرغان.

ھوشۇرخان ئىقتىسادىي ئالاھىدە ياخشى، قولىدا يەر ـ مۈلكى كۆپ ئايال بولۇپ، قەشقەر گۇزەردە چوڭ سارىيى بولغان. بۇ ئايال ئېرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋابلىق ئىش قىلىش مەقسىتىدە (ئۇنىڭ بالىسمۇ يوق ئىكەن) ئۆيىنىڭ ئالدىغا مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپ گەج بىلەن ئاقارتىلغان بىر سىنىپتىن، مۇئەللىملەر ئولتۇرىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ياتاقتىن ۋە چوڭ بىر كۆلدىن تەركىب تاپقان.

بۇ مەكتەپتە دەسلەپ مەمتىلاخۇن خەلپىتىم مۇئەللىملىك قىلغان. ھېساب، ئېلىپبە، ھەپتىيەك، سوپى ئاللايار، نەۋائىيلاردىن دەرس ئۆتۈلگەن. يىگىرمە بەش، ئوتتۇز ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. 1927 ـ يىلى، «ھەسەن لۈكچەك» ئىسىملىك بىر جېدەلخور مەمتىلاخۇن خەلپىتىمنى ئۇرۇپ قويغاچقا، ئۇ كىشى خاپا بولۇپ كېتىپ قالغان. مەكتەپنىڭ مۇئەللىمسىز قالغانلىقىنى كۆرگەن يۇرت چوڭلىرىدىن سەمەرباي

ئوقۇتقۇچى ئىزدەپ. سوپاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلىپ، مەكتەپنى شۇ كىشىگە تاپشۇرغان. سوپاخۇن خەلپىتىم 1935 ـ يىلغىچە بۇ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلغان.

يۇقىرىقى مەكتەپلەر ئۆز دەۋرىدە ئاتۇش خەلقىنى ئاقارتىش جەھەتتە خېلىلا مۇھىم رول ئوينىغان. مەمتىلى ئەپەندى «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى»نى ئېچىشتا، بۇ مەكتەپلەرنى ئارىلاپ، ئاخىرى شەرت ـ شارائىتىنى ئويلىشىپ، ئوكۇئېرىقتىكى موللا تۇردى ھاجىم ئاچقان مەكتەپنى بازا قىلىشنى ماقۇل كۆرگەن. چۈنكى، بۇ مەكتەپنىڭ شارائىتى باشقا بارلىق مەكتەپلەردىن ياخشى ئىدى. سىنىپلىرى ئازادە ھەم يورۇق بولۇپ، ئايئاق ئاقارتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپ ئىچىدە تاپىراتكا (پارتا)، قارا دوسكا ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى قىلىشقا يېتىدىغان ھۇجرا ئۆيلەر بار ئىدى. مەمتىمىن سوپىزادە تاشلىۋەتكەن پېتى بۇ مەكتەپ ئاساسىي جەھەتتىن بالا تەربىيىلەشتىن توختاپ قالغانىدى. بۇ قېتىم مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا مەرىپەت يالقۇنىنى يېلىنجىتىش ئۈچۈن، مەرىپەت مەشئىلىنى مۇشۇ مەكتەپتە يېقىشنى قارار قىلغان.

ئەمدىكى گەپ ئوقۇيدىغان بالىلارنى يىغىشتا قالغان. بالىلارنى يىغىشتا، «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» كۈچ چىقارغاندىن باشقا، تېجەنلىك كىچىكاخۇن تۇەنجاڭنىڭ[1]

---

① كىچىكاخۇن تۇەنجاڭ — ئاتۇش تېجەنلىك كىشى بولۇپ، لەقىمى «دۇدۇق». ئاتۇشتا داڭقى بار چېلىشچى پالۋان. 1932 ـ يىلى ئوسمان پاشا ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئاتۇشتىن ئەسكەر تۇپلاپ تۇەنجاڭ بولغان. 1934 ـ يىلىدىن كېيىن، مەھمۇت شىجاڭغا تەۋە تۇەنجاڭ بولغان. 1930 ـ يىللاردىكى قەشقەر، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ھەر خىل ئۇرۇشلاردا خېلى نام چىقارغان. 1937 ـ يىلى يۈز بەرگەن «مەھمۇت شىجاڭ ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. ئۇنى شېڭ شىسەينىڭ تۇرمىسىدە ئۆلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

قوللىشى بىلەن، ئۇنىڭ نىزامىدىن، سايىتاخۇن، مامۇت بەگ قاتارلىق لىيەنجاڭلىرى ھەر بىر يۇرتقا ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچى يىغىشقا چىققان. ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىملاتقۇچىلار ئاز بولغان. چۈنكى 30 - يىللاردىكى ھەر خىل ھەربىي كۈچلەر كىشىلەرنىڭ ئوغۇللىرىنى ھە دېگەندىلا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەچكە، ئۈركۈپ كەتكەن خەلق بۇ قېتىممۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش باھانىسى بىلەن ئوغۇللىرىمىزنى ئەسكەرلىككە تۇتسا كېرەك، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئىختىيارى تىزىملىتىش دېگەندەك ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى كىچىكاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يىگىرمە تۆت كەنتتىن ئاتمىش يەتتە نەپەر يىگىتنى تىزىمغا ئالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتلىق ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلمى بار 20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئىدراكلىق يىگىتلەر بولۇپ، بۇلار تەربىيىلەنسىلا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا يارايدىغان ياشلار ئىدى.

ئاستىن ئاتۇشتىكى يىگىرمە تۆت كەنتتىن باللار يىغىلىپ كەلگىچە مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى تاماملاپ بولغان. يەنى ئاشپەز، ناۋاي، قارا خىزمەتچى قاتارلىقلار بەلگىلىنىپ بولغان.

1934 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرى ئاستىن ئاتۇشنىڭ يىگىرمە تۆت كەنتىدىن ئاتمىش يەتتە نەپەر ياش بالا مەكتەپكە رەسمىي ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئازادە سىنىپتا رەتلىك پارتىلارغا باللارنى بوي سىرە ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇ بىر ئىسمىنى سوراپ تىزىمغا ئالغان ۋە يوقلىمىسىنى ئورناتقان. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن:

— بىز بۈگۈن مەكتەپكە يىغىلدۇق. مەقسىتىمىز يۇرتىمىز ئاتۇشنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا مۇشۇنداق يېڭى مەكتەپ ئېچىش. شۇ ئارقىلىق يېڭى مائارىپنى كەڭرى يولغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى ئاقارتىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەقلىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاھالەت تۇتەكلىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ، نادانلىقنىڭ، قۇللۇقنىڭ ئاسارىتىدە ئىڭراۋاتقان خەلقىمىزنى يېڭى مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا باشلاش، ئۇلارغا مەدەنىي، ئەركىن، ھۆر ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش. سىلەر تېخى كىچىك، باشقا ئەللەرنىڭ قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيسىلەر. مەن مىللەت ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەش نىيىتىدە كۆپ ئەللەرنى كەزدىم، بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كەلدىم. ئەقىلنى لال قىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ كەلدىم. باشقا مىللەتلەر كۆپ ئالدىغا كەتتى. بىزچۇ؟ بىز تولىمۇ ئارقىدا قالدۇق. ئىلگىركى زامانلاردا، ئەجدادلىرىمىز باشقا خەلقلەرگە ئۈلگە بولغان. ئەمدى باشقا خەلقلەر بىزگە ئۈلگە بولۇپ قالدى، بىز بۇنىڭغا ئېچىنىشىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىدىن مەدەت ئېلىشىمىز كېرەك. ئۈمىد سىلەردە، سىلەر ئارقىلىق تەربىيىلىنىدىغان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان بالىلاردا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۈگۈندىن باشلاپ مىللەتنى ئاقارتىش، ئويغىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بىز بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە تىرىشىمىز. بىز باشلىغان ئىش يېڭى ئىش بولغاچقا، ئالدىمىزدا قىيىنچىلىق كۆپ، توسالغۇ تولا. شۇڭا ھەممىڭلاردا پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە بولسۇن...

مەمتىلى ئەپەندى ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ تۈزۈمىنى، تەرتىپ - ئىنتىزامنى چۈشەندۈرگەن.

يېڭىدىن مەكتەپكە يىغىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلار مەمتىلى

ئەپەندىنىڭ تولىمۇ مەدەنىيەتلىك، ئىلمىي تۇرقىنى، يېقىملىق چىرايىنى، تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان. بۇنداق كىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ بالىلار ھەيران قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر كىشىدە تەربىيىلىنىدىغانلىقىدىن بەخت ھېس قىلىشقان.

شۇنداق قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان بۇ كۇرستا رەسمىي ئوقۇش باشلانغان.

مەمتىلى ئەپەندى بىرىنچى دەرستە بالىلارغا ئۆزى ئىجاد قىلغان «قۇتۇلۇش» دېگەن مارشىنى ئۆگەتكەن:

سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز،
قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىر يۈز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.

يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز!

مەكتەپتە ھەر كۈنى سەككىز سائەتلىك مەشغۇلات يولغا قويۇلغان. چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ سائەت ، چۈشتىن كېيىن ئۈچ سائەت دەرس ئۆتۈلگەن، ئەتىگەندە بىر سائەت تەنتەربىيە پائالىيىتى، كەچتە بىر - ئىككى سائەت مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپتە بار توققۇز ياتاقتا ئوقۇغۇچىلارنى يەتتە - سەككىزدىن ئورۇنلاشتۇرغان. ياتاقلار بىر تۇتاش كىگىز سېلىنغان ياتاقلار ئىدى. ھەر بىر ياتاقتا ياتاق باشلىقى بېكىتىلگەن. ياتاق باشلىقى ئوقۇغۇچىلارنى مۇزاكىرىگە تەشكىللەش، ياتاقتا دىجورنى بېكىتىش ئىشلىرىنى بېجىرگەن. كۈنلۈك دىجورنى تاماق ئەكېلىپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان. ھەر بىر ياتاقنىڭ نومۇرى، ئادەم سانى چۈشۈرۈلگەن كىچىك تاختا تارقىتىلغان بولۇپ، بۇ تاختا تاماق بېلىتى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كۈنلۈكى ئىككى ۋاق چاي، بىر ۋاق تاماق تارقىتىلغان. ھەر جۈمە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئاتۇشنىڭ بازىرى دۈشەنبە كۈنىدە بولسىمۇ، بۇ كۈنى ئوقۇغۇچىلار نورمال دەرس ئوقۇغان. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر تىل قائىدىسى، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ماتىماتىكا، مىللەت تەربىيىسى، قول ھۈنىرى، غەزەل، رەسىم، ھەربىي مەشق قاتارلىقلار بولغان. ئوقۇغۇچىلار ئوينايدىغان گىمناستىكا تۈرلىرى تۆت - بەش خىل بولۇپ، بۇ گىمناستىكا ھەرىكەتلىرى تاكى 50 - يىللارغىچە ئاتۇشتىكى مەكتەپلەردە ئوينىلىپ كەلگەن. گىمناستىكىدىن باشقا مارشقا كەلتۈرۈپ مەش دەسسەش، پۇتبول ۋە ھەر خىل توپ تۈرلىرى دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن. ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ناماز بامدات ۋاقتىدا بىر پۇشتەك بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيدانغا چىقىپ بويى سىرە تىزىلىپ، ساناق سانالغاندىن كېيىن، تۆتتىن قاتار

بولۇپ، مارش ئوقۇپ مەش دەسسەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.
مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى ئىجاد قىلغان مارش ۋە ناخشىلارنى بۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىر - بىرلەپ ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتقان. ئىنتىزامچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئاڭ - پىكرىنى ئويغاتقان.
بارلىق دەرسلەرنى پەقەت مەمتىلى ئەپەندىلا ئۆتكەن. چۈنكى بالا تەربىيىلەشكە يارىغۇدەك باشقا ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى يوق چاغلاردا، ئۇنىڭ ئورنىدا سەيپىدىن ئەزىزى بالىلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان.
بۇ ئوقۇغۇچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يېپيېڭى قىياپەتكە كىرگەن.
مەكتەپنىڭ مەيدانى توپ تۇرلىرىنى ئويناشقا تارلىق قىلىپ قالغاچقا، ئوڭئېرىقنىڭ شىمالىدىكى ئاچچىقياردىن ئۆتكەندە بويامەت تەرەپكە تۇتۇشىدىغان يەردىكى كەڭ تۈزلەڭلىكنى مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلار توپ ئوينايدىغان، ھەربىي مەشق قىلىدىغان مەيدانغا ئايلاندۇرغان.
ئوقۇغۇچىلار مەمتىل ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە بۇ تەنتەربىيە مەيدانىغا بارغىچە ۋە يانغىچە جاراڭلىق مارشلارنى ئوقۇپ، ھەربىيلەردەك جانلىق، رەتلىك مېڭىشنى ئادەت قىلغان. ئوقۇغۇچىلار توپ ئوينىغاندا، ھەربىي مەشق قىلغاندا، مارش ئوقۇپ مەش دەسسىگەندە، ئوڭئېرىق ۋە بۇيامەتنىڭ ئەر - ئايال، قېرى - ياشلىرى ئاتايىتەن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەن. ئىنتايىن ئىلمىي، رەتلىك ۋە ئوخشاش كېيىنگەن، شۇنداقلا تەرتىپ بىلەن بىر خىل قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئىچ - ئىچىدىن زوقلىنىپ قاراپ قېلىشقان.
مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى ھەپتىدىن

كېيىنلا ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ فورمىسى تىكىشنى پىلانلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاتۇشنىڭ ماشرەڭ چەكمىنىدە ئىشتان، چاپان ۋە شەپكە لايىھىلىگەن. چاپاننىڭ بېلىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، تارتسا بوغۇلىدىغان قىلىپ لايىھىلىگەن. شەپكىنىڭ ئالدىغا چىكىلەك، ئىككى يېنىغا قۇلاقچىنىڭ قۇلىقىدەك يان چىقارغان. ئاندىن بۇلاردىن ئىككى نۇسخا تىكىپ، كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزىگە تاپشۇرۇپ، ۋاق - ۋاقتىكى ئاتۇش بويىچە داڭقى بار تىككۈچىلەردىن ئىمىن ئۇستام بىلەن ئابدۇراخمان ئۇستىلارغا ئاتمىش يەتتە كىشىلىك مەكتەپ فورمىسى تىكتۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇتىغا داڭلىق موزدوز زوردۇن ئۇستام بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇراخمان ئۇستىلارغا بۇيرۇتۇپ سەندەل ئاياغ تىككۈزگەن، باللارنىڭ ھەممىسىگە چاچ قويغۇزغان.

پۇتىدىن تارتىپ بېشىغىچە بىر خىل پاسوندا كىيىنگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ مۇنتىزىم، تېخىمۇ ھەيۋەتلىــــك تۇسكە كىرىپ، كۆرگەن كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ۋە زوقمەنلىك ھېسسىياتىنى قوزغىغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانلىشىدا يولغا قويۇلغان مەكتەپ فورمىسى كېيىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىغا نىسبەتەن تۇنجى ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇنىڭغا كېتىدىغان راسخوت پەقەت خەلقنىڭ ياردىمى ۋە خەلقنىڭ كۈچىدىنلا كەلگەن، بۇنىڭدىن باشقا مەنبە يوق ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، ئوڭشېرىق ۋە بۇيامەتلەردە بىرەر مەرىكە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، مەكتەپ كوللېكتىپىغا باغاق يېزىش ئادەتكە ئايلانغان. بۇنداق چاغلاردا مەمتىلى ئەپەندى ئۆزگىـــچە يول تۇتۇپ، بۇنى ئوقۇش تەرتىپىـــگە دەخلـــى يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىماستىن، بەلكى خەلققە يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىـــيەت

توغرىسىدا بىۋاسىتە تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئېلىپ بېرىشنىڭ، ئاممىنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قاراپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئادىتى بويىچە رەتلىك تىزىلدۇرۇپ، ئۆزى ئۆگەتكەن ناخشا ۋە مارشلارنى ھەيۋەت بىلەن توۋلىتىپ ئېلىپ بارغان. كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن چەبدەس، بىر ـ بىرىدىن چېچەن، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن ئەدەبلىك، بىر ـ بىرىدىن تەرتىپلىك بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنى قىزغىن قارشى ئېلىشقان، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاشقان. . .

مەمتىلى ئەپەندى پۈتكۈل ئاتۇشنىڭ يىگىرمە تۆت كەنتىدە يىگىرمە تۆت مەكتەپ سېلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلىگەن. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئويغىتىش پۈشتىكىنى چالاتتى، ئالدىدا ھايىت ـ ھۆيت دېگۈچە سەپراس بولۇپ تۇرغان جەڭگىۋار ھالەتتىكى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا كوماندا بېرىپ، ئۇلارغا ئەتىگەنلىك بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسى ئوينىتاتتى. ئاندىن، ناخشا ـ مارشلاردىن بىر ـ ئىككىنى پىششىقلىتىپ ئېيتقۇزاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سىجىل ئالتە سائەت دەرس ئۆتەتتى. ئۈچ ۋاق تاماق ۋاقتىدا، تاماق يېگەچ، مەكتەپ ئىچىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى. دەرستىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيە ۋە ھەربىي مەشق پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. كەچتە، ئاتىنى مىنەتتى ـ دە، چاي ئىچمەيلا، ناننى قۇرۇق يېگەچ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ شۇ مېڭىشىدا، يىگىرمە تۆت كەنتتە مەكتەپ قۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، جامائەت سورۇنلىرىدا نۇتۇق سۆزلەپ خەلقنى قوزغىتىش، «ئاتىلار ھەيئىتى» نىڭ خىزمەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، يولۇققان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىش،

سېلىنىۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، بايلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى ئىشلەيتتى. ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقاچ شېئىر توقۇيتتى، يازغان شېئىرلىرىغا ئاھاڭ ئىجاد قىلاتتى. پىششىقلانغانلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتەتتى. ئۇ ئىجاد قىلغان ناخشا ۋە مارشلارنىڭ شېئىرى چاقىرىق كۈچىگە باي ئىلغار پىكىرلىك بولسا، مۇزىكىسىنىڭ مېلودىيىسى ئىنتايىن جۇشقۇن ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. شۇڭا بۇ ناخشا ۋە مارشلارنى ئوقۇغۇچىلار ئورۇندىغاندا، ئىنتايىن جەڭگىۋار بىر مەنزىرە شەكىللىنەتتى:

## ئويغان خەلق

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياققىن، نۇر تولدۇر.
پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت، دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازاد!

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل!

دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھوما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا!

## ئەي ۋەتەن خەلقى!

ئەي ۋەتەن خەلقى، ئويغان غەپلەتتىن،
قەددىڭنى كۆتۈر ئەسرىي كۈلپەتتىن.

زامانىڭغا باق، ئەتراپىڭغا باق،
قالما ئارقىدا ئۆزگە مىللەتتىن!

روسۇلىمىزنىڭ سۆزلىرىدۇر شۇل،
«ھۆۋەل جىھات مازدى» دېگەن ئىدى ئول.
بولما داۋاملىق خوراپاتقا قۇل،
قەددىڭنى كۆتۈر، جەڭگە تەييار بول.

## ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن!

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن، بىزمۇ شادان بولىنىڭ،
ئىلمۇئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ!
نەچچە يىللار ئۇخلىدۇق، كۈندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئىرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق،
تۈتىشىپ قوللارغا قول شادۇ خەندان بولىنىڭ.
ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلمۇئىرپان نۇرى ئال، مىللىتىڭ باشىگە ساچ،
ئۆزگىدەك ئۆز يۇرتىمىزغا بىرمۇ سۇلتان بولىنىڭ!

## قۇتۇلدۇق

ئۆلكىمىزدە نەلەر كەچتى ئويلايلى،
كەچمىش تارىخ دەرياسىنى بويلايلى!

مەھكۇم بولۇپ يىللار - ئايلار ئۆتتىلەر،
مۇستەبىتلەر بىزنى ۋەيران ئەتتىلەر.

يۇرتنى چەيلەپ خالىغانچە كەزدىلەر،
ئەلنى خارلاپ، زۇلۇم سىلىپ ئەزدىلەر.

قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ئېتىلدۇق،
بىزلەر ئەمدى ئۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇق.

مەرىپەتنىڭ قۇياشىغا ئىنتىلدۇق،
قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق.

ئەل ئويغاندى، بىز غەپلەتتە ياتمايمىز،
يۇرتىمىزنى ئەمدى ئەرزان ساتمايمىز.

قۇربانلارنىڭ قانلىرىنى ئاقلايمىز،
بېگىشلەردىن ـ يېگىشلەرگە ئاتلايمىز.

## قوپ ئەي ئاداش!

قوپ ئەي ئاداش ئەتراپىڭغا باق،
باق نە كۆرەرسەن؟ ئويلىغىن ئۇزاق؛
دەرسۇ ئىبرەتلەر كېلۇر جاھاندىن،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتە زور كۈچ.

ئۇلار ئىلمۇ ھېكمەتتە يۇرەر.
سىنەسىدە كۆپ ھىممەتتە يۇرەر.
يەردە، ھاۋادا، سۇدا ئۇزەرلەر،
جۇملە جاھاننى يۇتماق ئىستەرلەر.
بىر، ئىككى، ئۈچ، بىرلىكتە زور كۈچ.

مەمتىلى ئەپەندى مانا مۇشۇنداق جەڭگىۋار ناخشا ۋە مارشلارنى ئات ئۈستىدە يۈرۈپ ئىجاد قىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر كۈنى كەچلىك پائالىيىتى ياكى ئاغۇغا چىقىش، ياكى لەنگەرگە بېرىش، ياكى شورۇققا بېرىش ئىدى. بەزىدە ھەتتا ئىككى كەنتكە باراتتى. بۇ يەرلەردە ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بىرەرسىنىڭكىدە ئۇخلىسا ئۇخلاپ، بولمىسا تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كېلىپ، ئاتنى جارۇپكەشكە[1] بېرىپلا، يوقلىمىنى قولىغا ئېلىپ دەرسكە كىرەتتى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى بۇ خىل پىداكارانە روھى، چىدامىلىقلىقى، جاسارىتى ۋە پولاتتەك ئىرادىسى توغرىسىدا، ئەينى يىلى شۇ سىنىپتا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇغان سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «كۆپ ۋاقىتلاردا مەمتىلى ئەپەندى باشقا كەنتلەردىن قايتىپ كېلىپ توپتوغرا دەرسخانىغا كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئايايتتۇق. لېكىن ئۇنىڭدا تەتۈرىچە روھىي ئۈستۈنلۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا، ئاۋۋال بىزگە خۇشاللىق بىلەن كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى، پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى، ئاشۇ ئۈمىدۋار، جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى. بىز ئاز دەم ئېلىپ بولسىمۇ جىقراق ئوقۇشقا كۈچ چىقىراتتۇق»، «مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان

---

[1] جارۇپكەش — قارا خىزمەتچى.

ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندى ئىدى.»[1]

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاستىن ئاتۇشنىڭ يىگىرمە تۆت كەنتىدە يىگىرمە تۆت مەكتەپ سېلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى 1934 - يىلى 8 - ئايدا باشلانغان بولغاچقا، ھەرقايسى يۇرت خەلقلىرىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئىشلىگەن ۋاقتى قەھرىتان قىشقا توغرا كەلدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى تەبىئەتنىڭ قارا كۈچى سۇندۇرالمىدى، خەلقنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنى قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقى سوۋۇتالمىدى. يېڭىلىققا، مەدەنىيەتكە، مائارىپقا ھېرىسمەن، جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق ئاتۇش خەلقى مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەچكە، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ قويمىدى. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1935 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يىگىرمە تۆت كەنتتە سىرلىرى پۇراپ تۇرىدىغان يىگىرمە تۆت يېڭى مەكتەپ سېلىنىپ پۈتتى. سىنىپلار ئىچىگە پارتىلار قاتار تىزىلدى. كەنتتىكى ئوقۇشقا تېگىشلىك بالىلار تىزىملىنىپ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى، قارا دوسكىلار ياسىلىپ سىرلاندى. ئون مىڭغا يېقىن ئۆسمۈر بۇ يېڭى سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىدى. ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ مۆجىزە يېرىم يىل ئىچىدە رۇياپقا چىقتى. پۈتكۈل ئاستىن ئاتۇشتا مەرىپەت بالقۇنىنى يېلىنجاتقان مەمتىلى ئەپەندى ئاسمانغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، قولىدىكى مەرىپەت مەشئىلىنى تېخىمۇ مەھكەم سىقىمدىدى...

بۇ مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كېلىش مۇساپىسىدە توسقۇنلۇقلارمۇ

---

① «ئۆمۈر داستانى» بىرىنچى قىسىم 401 - بەت.

ئاز بولمىدى. بىز بۇ جەرياندا بولۇپ ئۆتكەن بىر مۇھىم تارىخىي ۋەقەنى شۇ ۋەقەنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» دا يازغان بايانلىرىدىن كۆرۈپ باقايلى:

«بىز مۇئەللىملەر كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلىشىدا كەنت - كەنتلەرگە بېرىپ، يېڭىچە سېلىنغان مەكتەپلەردىكى سىنىپتا پاكىز، رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى تىزىم بىلەن تونۇشۇپ، دوسكا ئالدىدىكى بورنى قولىمىزغا ئېلىپ دەرس باشلاپ كەتتۇق. بۇ، ھەقىقەتەن كارامەت ئىش، ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئىش بولغانىدى. ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ياقتىن ئاتمىش مۇئەللىم تەييارلاش، بىر ياقتىن يىگىرمە تۆت كەنتتە يىگىرمە تۆت مەكتەپ سېلىش، ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى پارتىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس ئاڭلاشقا تەييار قىلىش — راستىنلا قالتىس ئىش ئىدى.

لېكىن ئاتۇشتىكى بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ پىلانى ئاسانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. ماددىي، تەشكىلىي جەھەتتىكى بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش قىيىن بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىك خەلق، ئاتىلار، ئانىلار ھەيئىتى، ئىلغار بايلار چوڭ ياردەم قىلدى. ئاساسىي قىيىنچىلىق — قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ، دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن پەن - مەدەنىيەتنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش بولدى. قالاق كۈچلەر، خۇراپاتچىلار بۇ ھەرىكەتكە تۈرلۈك يوللار بىلەن قولىدىن كەلگەنچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، كۈرەش جىددىي بولدى.

مۇئەللىملەر كۇرسىنىڭ ئوقۇشى باشلىنىپ، يېزىلاردا مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار

ئاۋۋال ھەر خىل تەتۈر تەشۋىقات ۋە ئىغۋالارنى قىلىشقا باشلىدى. «كالتە قۇيرۇقلار، دەھرىلەر دىنىمىزغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى، بولشېۋىكلارنىڭ مەكتەپلىرىنى سالغىلى ۋە ئاچقىلى تۇردى، بۇلار ھەممىسى مۇناپىق، ئىمانسىز، كالتە قۇيرۇق، ئۇزۇن چاچ، ساقىلى يوقلار، دىنىمىزنى قوغدايلى...» دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر تارىلىپ تۇردى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ نەزەرىدە بىز ئاشۇ ئوڭئېرىقتا توپلانغان ئوقۇغۇچىلار گوياكى دىنغا قارشى گۇرۇھ، بولشېۋىكلارنى تەشۋىق قىلىدىغان كالتە قۇيرۇقلار، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق يامان ئادەملەر بولۇپ قالدۇق. دېمىسىمۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزدا بىراقلا ئۆزگىرىش بولدى. كالتە چاپان كىيدۇق، بېلىمىزدە بەلباغ يوق، ساقال-بۇرۇت يوق ئىدى. چاچ قويدۇق ۋە بېشىمىزغا غەيرىي رەسمى شەپكە كىيىۋالدۇق، ئېيتىدىغىنىمىز يېڭىچە شېئىر، مېڭىشىمىز باشقىچە ئىدى. قىياپىتىمىز، ھەرىكىتىمىز بىلەن ئادەتتىكى پۇقرادىن ئالاھىدە بولۇپ ئايرىلىپلا قالدۇق. ئەمما، كۆپچىلىك خەلق بىزنى قوللايتتى، ياشلار قوللايتتى، ئاتا-ئانىلار قوللايتتى. لېكىن، مۇتەئەسسىپلەر ئەزۋەيلەپ، كۈرەش جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، يېزىلاردا سېلىنىۋاتقان بىرمۇنچە مەكتەپلەر ئۇلارنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن توختاپ قالدى. بىزنىڭ ئوقۇشىمىزمۇ توختاش خەۋپىگە دۇچار بولۇپ قالدى. ئاشكارا-يوشۇرۇن تىللاش، ئۇرۇش كۆپەيدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدىغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئەمدى يۇقىرى رەھبەرلىكتىن ياردەم ئالمىغاندا، پۈتۈن ھەرىكىتىمىز توختاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالدى.

شۇ ئەھۋالدا، مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇت شىجاڭغا ئەھۋالدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن، بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە بېرىشنى خەۋەر قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ:

«كەلمەي تۇرۇڭلار» دېگەن جاۋابىغا قارىماي، ئوقۇشنى توختىتىپ قويۇپ، بىر ھەپتە تەييارلىق قىلدۇق. تەييارلىق: شېئىر - ناخشا ئۆگىنىش، مەشكە مېڭىشنى ئۆگىنىش، يېڭى كىيىم تىككۈزۈش (ئوخشاش كىيىم)، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى كىشىلىك، بىر كۆرۈنۈشلۈك شىكايەتنامە تەييارلاش بولدى. كۈنلۈك مەشغۇلاتىمىز، سىنىپتا شېئىر ئۆگىنىش، تاشقىرىغا چىقىپ مېڭىش - تۇرۇشنى مەشىق قىلىش بولدى. قىسقىسى، قاتىلاڭ ھەرىكەت بىلەن بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئەترەت تەييارلاندى. بىر ھەپتىگە يەتمەي بۇ تەييارلىقىمىزمۇ پۈتۈپ، بىز شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىققاندا، يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال يىغىلىپ ئۇزاتتى. كىشىلەردە بەك ھاياجانلىنىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئەترىتىمىز راستىنلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك، روھلاندۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. تۆتتىن بولۇپ تىزىلغان ئۇزۇن ئەترەتنىڭ ئالدىدا بىر بالا مەشئەل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، «ئىزچىلار» دەپ خەت يېزىلغان قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى چوڭ، ئىككى كىچىك دۇمباق، ئىككى سوناي، بىر نەيلىك سازچىلار مارش ئاھاڭىغا ئەتراپنى ياڭرىتىپ چېلىپ ماڭدى. كىيىملىرىمىزمۇ ماش رەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن، قايرىما ياقىلىق، ئىككى يانچۇقلۇق كۆڭلەك، بېلىمىزدە تاسما كەمەر، شالۋۇرمۇ شۇ رەڭدە، بېشىمىزدىمۇ شۇ رەڭدىكى قولىقى ئۈستىگە قايرىلغان، چېكىملىكلىك شەپكە بار ئىدى. سول قولىمىزدا بىر دەپتەر - قېرىنداش، ئوڭ قولىمىزدا ئىزچىلار كالتىكى دەپ ئاتالغان نوغۇچتەك چىرايلىق ياسالغان كالتەك كۆتۈرگەنىدۇق. يەڭلىرىمىز تۈرۈلگەن، بېشىمىز ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، مەيدىمىزنى كېرىپ، ھەربىيلەرچە ھەيۋەت بىلەن شېئىر ئېيتىپ

مارشقا ماڭىمىز. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىدۇ. دىلىمىزدا ياش بالىلاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تەڭ ئاۋاز بىلەن، قەدىمىمىزگە كېلىشتۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيمىز:

بىز ئىزچىلارمىز قوللىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۇشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،

— ۋەتەن، مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

. . . . . . . . . . . . . .

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ شەكىلدە كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ يۈرتتىن چىقىپ، قومال تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى بايراقتىن كېيىنرەك ئەترەتكە ياندىشىپ ماڭاتتى. مەن ئەترەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق ياندا، شېئىرگە باشلامچىلىق قىلىپ ھەم «بىر – ئىككى – ئۈچ» دەپ ئاياغلارنى تەڭشەپ ماڭدىم.

بىز چۆللەردە ئىختىيارىيراق، يۇرتقا كىرگەندە يەنە ھېلىقى ھەيۋىتىمىز بىلەن ماڭىمىز، شۇنداق قىلىپ بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئۆتۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى ئاپئاق خوجامغا كېلىپ توختىدۇق. ئۇ يەردە ھېلىقى مەجىددىن ئەپەندى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىككى – ئۈچ كادىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە شەھەرگە كىرمەي، مۇشۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىپتۇ. بۇ مەھمۇت شىجاڭنىڭ پىكرى ئىمىش، نېمە ئۈچۈن قايتىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى مەن ئۇقمىدىم، لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. يەنە تۈنۈگۈنكىدەك تىزىلىپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن، تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن ماڭدۇق. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، شەھەردىن چىققان بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختاتتى. بۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئالدىمىزغا تىزىلدى، بىر قىسمى ئىككى يېنىمىزغا قاتار تىزىلدى، ھېلىقى ئەمەلدار ئالدىمىزدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. بىزنىڭ توسقانغا ئۇنىماي مېڭىۋەرگەنلىكىمىزدىن

خەۋەر تاپقان مەھمۇت شىجاڭ بۇلارنى بىزنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن چىقارغانىكەن. ئەمدى بىز مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىلگىرىلىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى، ئەندىشىلىرىمىز تۈگىدى. ئاۋازلىرىمىزنىڭ پۈتكىنىگە قارىماي، توختىماي شېئىر ئوقۇپ، مەزمۇت دەسسەپ شەھەرگە كىردۇق. ئۇ كۈنى شەھەر ئىچى گويا بىر بايرام بولغاندەك تۇس ئېلىپ كەتتى. بىز تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرىپ تا مەھمۇت شىجاڭ تۇرغان جايغا بارغۇچە، يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىقما ـ تىقماق ئادەم بىزگە قاراپ تۇرۇشتى. ئەمدى ئالدىمىزدا ھەربىي كاناي ـ دۇمباقچىلار ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ سۇناي ـ دۇمباقلىرىمىزنى بېسىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنى زىلزىلىگە سېلىپ يېڭى دەرۋازىغا بارغىنىمىزدا، مەھمۇت شىجاڭنىڭ سىلىڭبۇسىدا، دەرۋازا تېشىدىكى مەيداندىن تارتىپ تا ئىچكى ھويلىغىچە قاتار تىزىلغان مىلتىقلىق ئەسكەرلەر بىزنى قارشى ئالدى. خۇشلىقىمىز بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كېيىن، ھەربىي كاناي ـ دۇمباقچىلار دەرۋازا تۈۋىدە چەتكە چىقىپ توختىدى. بىز ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۈنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ شېئىر ئېيتىپ، سىلىڭبۇنى ياڭرىتىپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇت شىجاڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. ئۇ بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ھويلىنىڭ ئۆزىمۇ بىردەمدىلا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىرەك بىر ئۇستى يېپىق سۇپا بار ئىكەن، مەھمۇت شىجاڭ شۇ يەرگە چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ قىسقىچە سۆز قىلدى. ئۇ بەك ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، سۆزلىرى ئانچە رەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قارشى ئېلىش روھى

بەك قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى بىزنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزدىكى قوللىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىچە، بىز ئۇنىڭ تولۇق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ سۆزلەپ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى دوكلات تەرتىپسىدە قىسقىچە سۆزلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ يوللىرىمىزنى جاھىللار توسىماقتا، بىزگە ياردەم كېرەك» دەپ، ئاخىرىدا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرنى چوڭ ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۆسىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.

ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ،
جەڭ ـ چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.

ئەي ئانا يەر، پاك مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ ـ مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم ـ ئىرپان يولىدا،
ئاھ! لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا.

بەلنى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم،
ئەمما بىزگە باشپاناھدىن بەكمۇ لازىمدۇر ياردەم.

مەمتىلى ئەپەندى دېكلاماتسىيىنى شۇنداق جانلىق ھەم ياخشى ئېيتتىكى، پۈتۈن ھويلىدا ئولتۇرغانلارنى ھاياجانغا

كەلتۇرۇۋەتتى. شۇ يەردە تۇرغانلار ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى. بەزىلەر كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى سۇپىدىن چۈشكەندە، مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئولتۇرغۇزدى. كىشىلەردە شۇنداق بىر خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا بولدىكى، ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنى تىتىۋەتكۈسى كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە، بىزگە بولغان زوقى، سۆيۈنىشى تېخىمۇ ئاشتى.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككى كىشىلىك ئويۇنىمىز باشلاندى. بۇنى ئويۇن دېسىمۇ، بىر - بىرى بىلەن تالاشقان ئىككى كىشىلىك سۆھبەت دېسىمۇ بولاتتى. ھەرىكەتلىرىمىز، سۆز ئاھاڭلىرىمىز ئارتىسقا ئوخشايتتى. ئەگەر ئويۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشىم، ئەگەر نۇتۇق دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق سەھنىدە بىرىنچى قېتىم سۆزلىشىم ئىدى.

مەھەممەت ھۇسەيىن دېگەن ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ سۆز باشلىدى. ئۇ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ھەرىكىتى، مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئۇتۇقلىرى، يۇرت - يۇرتتا مەكتەپلەر سېلىنىۋاتقانلىقى ۋە يېڭى ئىلىم - ئىرپان يولىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا تەنتەنىلىك سۆزلەپ كېلىپ: «بىز ئاتلاندۇق، بىز قولىمىزغا قەلەم - كىتاب ئالدۇق، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا قەدەم تاشلىدۇق. يولىمىز پارلاق. . .» دېگەندە مەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن قوپۇپ: «توختا ساۋاقداش!» دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم، ھەممە ئادەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن ھەربىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، يەنە قولۇمدا قەلەم - دەپتەر ۋە ئىنجى كالتىكى بىلەن سەھنىگە چىقتىم. چىقىپ مۇھەممەت ھۇسەيىنگە: «سېنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭنىڭ

ھەممىسى ياخشى، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن» دېدىم. خەقلەر ھەيران قېلىپ ماڭا قاراشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇ ساۋاقداشنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ سۆز باشلىدىم:

— راست، بىز ئۇلۇغ قەدەم باشلىدۇق. ئىلىم ـ مەرىپەت، مائارىپ ئىشى ئۇچۇن باتۇر قەدەملەر تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا ـ ئانىلار، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ. بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا، بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا، ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا. بىزنىڭ ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا، يولىمىز توسۇلۇپ قالغىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشى مۇمكىن. بىز يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز، لېكىن بىزگە ياردەم كېرەك. . .

سۆزۈم مۇشۇ يەردە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: «قانداق نېمىلەر ئۇ سىلەرگە قارشىلىق قىلىدىغان؟» دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇردۇم:

— بىر قىسىم قازى ھاجىم، مۇپتى ئاخۇنۇم، بەگ ـ بايلار، يوغان قورساق ھارامتاماقلار، خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇشتۇمزورلار. ئۇلار بىزنى دەھرى، كالتە قۇيرۇقلار، دىنىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ بىزگە بوھتان، بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق، بىز مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ھەممە ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرزدۇر» دېگەن سۈننىتىنى ئادا قىلماقتىمىز. خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك. نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئالغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ

ئۈچۈن ئىلىم كېرەك، ئوقۇش كېرەك، مەكتەپ كېرەك. بىز باشلىغان ئۇلۇغ يولىمىزدا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدۇق، بىزگە ياردەم كېرەك. ئاتىمىز مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى، بىزگە ياردەم قىلىشىنى، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز!

ئولتۇرغان كۆپچىلىك بارغانچە جانلىنىشقا، بىر - بىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىرىنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەيمىز،
ئارزۇيىمىز — راۋاجلانسۇن مائارىپ.

جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلققە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق - ئادالەت،
بولسا بەرباد خۇراپاتلىق، جاھالەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق، ئىختىلاپ.

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.

ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

مەھمۇت شىجاڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ: «ئۇ لومودىلارغا ھەرگىز يول بەرمەڭلار، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىزگە ئىككى مىلتىقلىق ئەسكەر بېرەي، ئەگەر يەنە قارشىلىق قىلىدىغانلار بولسا، باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار. مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مائارىپ ئىشىڭلارغا ھېچكىم تۇسقۇنلۇق قىلالمايدۇ»، دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىر ئاز تىترەپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدى. بىز ئوقۇغۇچىلار قولىمىزدىكى ئىزچى كالتەكلىرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى يولدا كەلگەندە ئېيتىپ كەلگەن شېئىرىمىزنى قايتا باشلىۋەتتۇق. سىلىكبۇنىڭ ھويلىسى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. مەمتىلى ئەپەندى غەلىبە قازاندى، بىز غەلىبە قازاندۇق، خوشلۇقىمىزدىن كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقاتتى. ئىلگىرى «شەھەرگە كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى «كەلمەڭلار» دېگىنى بىزنى قارشى ئالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئەرز سۇنۇش مۇمكىن ئىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى كېلىپ دوكلات قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇنداق قىلىپ ئۇتۇق قازىنىشقا بولمايتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇق چىقتى. ئۇ، ئېغىز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەن، ئاتمىش ئوقۇغۇچىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاغزى بىلەن ھەم ئۇتۇقنى دوكلات قىلماقچى، ھەم توسقۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن ياردەم ئالماقچى بولغانىدى، نەتىجىسى ھەقىقەتەن بەك ئۇتۇقلۇق بولدى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەممىمىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

«بىر ـ ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەمدى سىلەرگە ھېچكىم كاشىلا قىلالمايدۇ» دېدى. بىز يەنە چاۋاك چالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى دوكلات يىغىنىمىز تامام بولدى.

باشتا بىز ئىشىمىز توختاپ قالارمىكىن، دەپ قورققانىدۇق، ئەمدى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتى بار، مەمتىلى ئەپەندىنى قوغدايدىغان ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەرمۇ بار، بۇ بۇيرۇق بىلەن ئەسكەر بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاتۇشقا قايتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەشھەتتىكى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قەبرىسى يېنىدىكى ئازنا مەسچىت ھويلىسىدا ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزدۇق. يىغىنغا ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتلىرىدىن دېگۈدەك ئاخۇنلار، بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مەكتەپ ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئاددىي پۇقرالار قاتناشتى. بىز پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتناشتۇق. ئون مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان بۇ چوڭ يىغىن بەك سۈرلۈك ئېچىلدى. مەسچىتنىڭ پېشايۋىنىدا بىر مۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشتى، پېشايۋاننىڭ ئالدىدا مەمتىلى ئەپەندى، مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كۈلگەن بىلەنمۇ مەجلىسنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىكى جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئاۋۋال مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئوقۇپ ئاڭلاتتى، ئاندىن كېيىن ئۆزى قىسقىچە سۆز قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئاتۇشتىكى ئۆلىمايۇ ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىغا، جىمىكى پۇقرالارغا مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەندى

باشلىق بولۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىش، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. نادانلىقتىن ئويغىنىش ۋاقتى كەلدى، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىزدىن جىق ئېشىپ كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. بۇ، بىز ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىمىز. مۇنداق بىر ياخشى ئىشقا ئاڭلىساق قارشىلىق بولۇۋېتىپتۇ، ھەتتا توسقۇنلۇق، تەھدىت سېلىش، مۇئەللىملەر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ - ھاقارەتلەشلەرمۇ يۈز بېرىپتۇ. بۇنداق ئىشلارغا يول قويغىلى بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلدى. كىمىكى بۇ ئىشقا قارشىلىق ياكى توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا، مەيلى ئۇ قانداق چوڭ ئاخۇن بولسۇن، مەيلى ئۇ قانداق بەگ - باي بولسۇن، كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. چوڭ - كىچىك پۈتۈن خالايىقنىڭمۇ مەمتىلى ئەپەندىمگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دەپ:

شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى»

مەمتىلى ئەپەندى خەتنى ئوقۇغاندا، بەزى يۇرت كاتتىلىرىدا، قازى - ئەلەملەردە ھودۇقۇش، ھەتتا قورقۇش كەيپىياتى كۆرۈلگەندىن باشقا، كۆپچىلىك ناھايىتى زور خۇشاللىق بىلدۈردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلقمۇ مۇشۇنداق بىر چارىنى تەلەپ قىلىدىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئانچە ئۇزاق

سۆزلىمىدى. ئۇ، مەھمۇت شىجاڭىنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئاندىن كېيىن مەكتەپ، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشلاشنىڭ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. خەلقارادا، قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، تۈركىيەدە، قېرىنداش ئۇلۇسلاردا ئىلىم - پەن، تېخنىكىنىڭ چوڭ راۋاجلانغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قارشىلىقلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ، قارشى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىنساپقا كېلىپ توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى ئېنىق ئېسىمدە: «بىز ھەققانىي ئىش باشلىدۇق، قارشىلىقلاردىن قورقمايمىز، ئۆلسەكمۇ ئارقىغا يانمايمىز. مەن كۆپ ئەللەرنى ئايلىنىپ، مىللەت ئۈچۈن دەپ ئوقۇپ قايتىپ كەلدىم. يەنە مىللەت ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىپ، مەدەنىيەت — ئاقارتىش ئىشلىرىغا قەدەم قويدۇم. مەن قارشىلىقلار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ھەتتا بىرەر كۈنى ئالتە پۇللۇق بىر قوغۇشۇن ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە كېلىپ تېگىشى مۇمكىن. شۇنداق چاغدىمۇ مەن كەينىمگە يانمايمەن، مەن مىللەت ئۈچۈن ئوقۇدۇم، مىللەت دەپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتتىم، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. مەيلى قانچە يىل، ھەتتا قانچە ئاي، قانچە كۈن بولسىمۇ ئىشلەپ، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولسام ئارمىنىم يوق...» ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، بېشىدىكى قىرغىزچە قالپىقىنى ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ يۈز گۆشلىرى ۋە قىسقا بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

ئاندىن كېيىن بىرقانچە ئادەم سۆزگە چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە قازى - مۇپتى، بەگ - باي، مەخسۇم - قارى، ئاتىلار ھەيئەت ئەزالىرىمۇ بار ئىدى. ھەممىسى مەھمۇت شىجاڭىنىڭ بۇيرۇقىنى

قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر قانچە «كالتە قۇيرۇقلار» — تاغ ئارقىسىغا بېرىپ قايتقان زىيالىيلار قارشى تۇرغۇچىلارغا دارىتىپ قاتتىق تەنقىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

بىز ئوقۇشىمىزنى داۋام قىلدۇردۇق. ئاز ئۇخلاپ، ئاز دەم ئېلىپ، چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇدۇق. غەيرىتىمىزگە غەيرەت، روھىمىزغا روھ قوشۇلۇپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئىككى ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، كەنتلەر ئارا ئايلىنىشنى كۆچەيتتى. ئاتىلار ھەيئىتى مەكتەپ سېلىشنى چىڭ تۇتتى، ئۇلارغا ئەمدى پۇل توپلاشمۇ قىيىن بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئالتە ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىز ئوقۇشىمىزنى تۈگەتتۇق،[①] مەكتەپلەرمۇ پۈتتى. بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلدۇق، ئىمتىھان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۆلۈنۈشى، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. 1935 - يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا، مەكتەپلەرگە تاراپ خىزمەتنى باشلىدۇق. تارىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مۇنداق بولدى: ھەممىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ھېلىقى قەشقەر شەھىرىگە بارغاندەك روھ بىلەن يولغا چىقتۇق، ئاۋۋال ئوڭئېرىقتىن باشلاپ بىرلىكتە مېڭىپ، ھەربىر يېزا مەكتەپلىرىگە بەلگىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرىمىز يەنە داۋاملىق مېڭىپ كېتىمىز. ئوڭئېرىقتىن ئۆتۈپ، لەڭگەر، مېيى، ئىشتاچىنى

① بەزىلەر مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ 1934 - يىلى 10 - ئايدا باشلىنىپ 1935 - يىلى 3 - ئايدا تاماملانغانلىقىنى تىلغا ئېلىشماقتا، بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ئايلىنىپ، ئاخىرى ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئايغىدىكى كېچىڭىز، ۋاق - ۋاقتا بارغاندا ئىشىمىز تۈگىدى. بۇنىڭغا ئۈچ - تۆت كۈن ۋاقىت كەتتى. بىزنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تارىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ بىر تەنتەنىلىك مائارىپ تەشۋىقات ھەرىكىتى بولدى. يۇرتلارغا كىرگەندە، خەقلەر بىزنىڭ زور قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. بىز قاتار تىزىلىپ شېئىرلار ئوقۇپ، ھەربىيلەرچە قەدەملەر بىلەن ئالغا باسىمىز. ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇنايلار كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئېيتىدىغان شېئىرىمىز مەتىلى ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، تېكىستى مۇنداق ئىدى:

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،

ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.

مەنبەئە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

مەن تېجەن مەكتىپىگە مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم. يەنە تۆركۆللۈك ئابدۇلبارى ۋە يەنە ئابدۇرېشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىز ئاشۇنداق تىزىلىپ، شېئىر ئوقۇپ بارغاندا، مەكتەپ ئالدىدا، كوچىلاردا نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. مەكتەپ ئەھمەت ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى بىر كۆل بويىغا سېلىنغان بولۇپ، ئىككى سىنىپ، بىر مۇئەللىملەر ياتىقى، يەنە بىر ئاشخانىسى بار ئىدى. ئەھمەت ھاجىم تېجەندىكى ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. بىز قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ سىنىپقا كىرسەك، يورۇق، يېڭى ئۆيدە، رەتلىك پارتىلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار دەس تۇرۇپ، ئوڭ قوللىرىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ بىزنى قارشى ئالدى. تېخى ئوقۇش باشلىمىغان، مەكتەپنى كۆرمىگەن بالىلارنىڭ مۇنداق تەرتىپلىك بولۇشى بىزنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئاڭلىساق، مەمتىلى ئەپەندى بالىلارغا ئۆگىتىپ چىققانىكەن. ھەر سىنىپقا بىردىن سىنىپ باشلىقى تەيىنلەپ، بالىلارنى تەرتىپكە ساپتىكەن. مەمتىلى ئەپەندى بىز ئۈچىمىزنى بالىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ياخشى ئوقۇڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. مەن شۇ يەردىلا دەرسنى باشلىدىم. ئاۋۋال ئۇستەل ئۈستىدىكى دەپتەرگە تىزىملانغان بالىلارنى يوقلىما قىلدىم، ئاندىن كېيىن قارا تاختىغا «ئا. ب» دېگەن ئىككى ھەرپنى يېزىپ ئۆگىتىشكە باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ مۇئەللىملىك ھاياتىم باشلاندى.

مۇشۇ خىلدا پۈتۈن ئاستىن ئاتۇشتىكى ھەممە كەنتلەردە يېڭى مەكتەپ، يېڭى كەيپىيات، يېڭى روھ كۆتۈرۈلدى. خەلق ئىنتايىن خۇش بولدى. لېكىن، قارشىلارمۇ قارشىلىقىنى توختاتمىدى. ئەمدى ئۇلار يوشۇرۇن قارشىلىق قىلغىلى تۇردى. قوناقلىقتىن، ياكى تام ئارقىسىدىن تاش ئېتىش، مەكتەپ دېرىزىلىرىنى يوشۇرۇنچە چېقىۋېتىش، ئاتا - ئانىلارغا تەھدىت سېلىپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكۈزمەسلىك. . . كە ئوخشاش ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. لېكىن ئۇلار توسىيالمىدى، خەلق بارغانچە بىزنى قوللاپ كەتتى. بولۇپمۇ مەھمۇت شىجاڭ بەرگەن ئىككى قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئابرويى ئۇلارنى بېسىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھامان يۇرت - يۇرتنى ئايلىنىپ تەشۋىقات قىلاتتى، ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى توختاتمايتتى. مۇئەللىملەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى بىرقانچە يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى بىر مەكتەپكە يىغىپ، ئۆزى قوشۇمچە دەرس ئۆتەتتى. ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگىتەتتى.

شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يالغۇز ئاتۇشنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇھىم بىر ۋەقە بولغان، ئۇ كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتىغا يول سېلىپ بەردى.»[1]

---

① «ئۆمۈر داستانى» نىڭ «ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق» دېگەن بابىدىن ئېلىندى.

ئوڭئېرىقتىكى مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇشنى
تاماملىغان ياش مۇئەللىملەر داغدۇغىلىق ھالدا مەكتەپلەرگە
تەقسىم قىلىندى. مەمتىلى ئەپەندى بۇنى «ھەقىقىي بىر ئۇلۇغ
باشلىنىش» دەپ قارىدى. بۇرۇن بىرلا يەردە يانغان مەرىپەت
مەشئىلى ئەمدى پۈتۈن ئاتۇش تەۋەسىدە لاۋۇلداپ يېنىشقا
باشلىغانىدى. ھەرقايسى كەنتلەردە بەس - بەس بىلەن
يېلىنجاۋاتقان مەرىپەت مەشئەللىرىنىڭ ئالتۇنرەڭ شولىسى
ئاتۇشنى قاپلىغان نادانلىق ۋە قالاقلىق ئاسارىتىنىڭ قارا
ئاسمىنىنى يورۇتماقتا ئىدى.

ئالتە ئاي توسالغۇسىز كۆرەش قىلىپ مىسلىسىز غەلىبىنى
قولغا كالتۇرگەن مەمتىلى ئەپەندى ئەمدى يىگىرمە تۆت كەنتتە
مەرىپەت ئوچىقىغا ئايلىنىپ مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان
ئەۋلادلارنى جاھالەتنىڭ قارا قولىدىن تارتىۋالغان، ئۇلارنىڭ
قەلبىنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇۋاتقان مەكتەپلەرنى، ئاتۇش
خەلقىنىڭ مائارىپ ئارقىلىق يۈكسىلىشى، تەرەققىي قىلىشى،
جۈملىدىن پۈتۈن مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا
ئاساس سېلىپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەۋاتقان ئىز باسار
ئوقۇتقۇچىلارنى قانداق يېتەكلەش، قانداق باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ
بىرلىك، ئىتتىپاقلىقىنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملەش،
تەربىيىلەنگەن ۋاقتى قىسقا، ئەمما يۈكى ئېغىر بۇ
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى قانداق قىلىپ كېڭەيتىش،
تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى قانداق قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش،
تونۇشى تۆۋەن، ئىدىيىسى قالاق، كاللىسى قاتمال بەزى
كىشىلەرنىڭ مەكتەپلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
مەكتەپكە جەلىپ قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىنى قانداق
توسۇش، بىر قىسىم جاھىل دىنىي كۈچلەرنىڭ پىتنە -
پاساتلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر

ئۇستىدە باش قاتۇراتتى.

ئۇ پۈتۈن كەنتلەرنى ئارىلاپ، مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈپ، ھەربىر مەكتەپتە سادىر بولغان يېڭى مەسىلىلەرنى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ئىشلارنى تەپسىلىي ئىگىلىگەن. ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئالدى بىلەن شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، توغرا بولمىغانلىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئۇسۇل ئۆگەتكەن. ئوقۇتقۇچىلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلق بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشنىڭ ئېپى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە، موللىلار، ئاخۇنلار بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا، ئۇلارنى دۈشمەن قىلىۋالماسلىققا ئاگاھلاندۇرغان.

بىر كۈنى مەمتىلى ئەپەندى بويامەت مەكتەپكە تەكشۈرۈپ كەلگەندە، ئوقۇتقۇچى ئابدۇراخمان سەمەر بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغان بىر مەسىلىنى دوكلات قىلغان. ئەسلى، مەكتەپكە قوشنا ئولتۇرىدىغان قاسىم ھاجىم دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ بىر بالىسى مەكتەپتە ئوقۇغان. بىراق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كەلمەي قويغان. مۇئەللىم بالىنى چاقىرىپ «سەن نېمىشقا مەكتەپكە كەلمەيسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئوقۇغۇچى: «قاسىماجىم دادام سەن مەكتەپكە چىقما، قىغ توشۇيمىز. مەكتەپتە ئوقۇساڭ، بىزگە تۇتۇق بەرمەيدىغان ئىمانسىز بىر نېمە بولىسەن، بۇ قىزىل پاچاقلارنىڭ مەكتىپى» دېدى دېگەن. ھېلىقى ئوقۇغۇچى يەنە،

«ھاجىم دادام بالىلار گىمناستىكا ئوينىپ، ناخشا ئېيتسا، توپ ئوينىسا قانداق بولغىنى؟ بۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى يەجۇجى - مەجۇجىلەرنىڭ قىلىقى» دەيدۇ، دېگەن.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئوقۇتقۇچىلارغا: خەلق ساددا، ئاڭسىز. سىلەر بوشاشماي ئاشۇنداق كىشىلەرنىمۇ جەلپ قىلىدىغان، قايىل قىلىدىغان ئۇسۇل - چارە تېپىشىڭلار كېرەك. بۇ خىلدىكى توسالغۇ ھەممە يەردە بار. «قېنى ئېيتىڭلار، قانداق ھەل قىلىمىز؟» دېگەن. مۇئەللىملەر جىم تۇرغاندا، مەمتىلى ئەپەندى يەنە: «مەكتەپتە ئون ئىككى ياشتىن چوڭ ئوقۇغۇچىلارغا ناماز ئوقۇتۇڭلار. ئىمام، مەزىننى سايلاڭلار. ۋاقتىدا ناماز ئوقۇسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلقنى مەكتەپكە جەلپ قىلغىلى، قارشىلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، دىنىي ئېتىقاد بىلەن مائارىپ بىر - بىرىنى يەكلىمەيدۇ» دېگەن.

دەرۋەقە، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرگەندە، ئىككى - ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، بالىلىرىنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالغان ئاتا - ئانىلار «بالىمىزنى ئۆيدە نامازغا چىق دەپ ئۆگىتىپ بولالمىدۇق، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلار مۇئەللىملىرىگە بوي سۇنۇپ، ھەر كۈنى مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇيدىكەن شۇڭا، بالىلىرىمىز مەكتەپكە بارسا بولغۇدەك» دېيىشىپ، بالىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئەكىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغان ئىشلار تۈگىگەن.

1935 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭنىڭ بارلىق ناھىيە، شەھەر، بازارلىرىدا قۇرۇلغانغا ئوخشاش، ئاتۇشتىمۇ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان.

ئاتۇشتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئورنىنى باسقان. ئۇيۇشما مەشھەد بازىرىنىڭ

مەركىزىگە ئون ئىككى ئېغىزلىق ئىشخانا سېلىپ ئورۇنلاشقان. مەمتىلى ئەپەندى ئۇيۇشمىنىڭ مائارىپ رەئىسلىكىگە سايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى، شۇنداقلا ئەۋقاپ خىزمىتىنى ئۇيۇشما ئۆتكۈزۈۋالغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئەزالىقىغا ئىلگىرىكى ئون بىر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى» نىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مەشھەدلىك قۇتلۇق ئاخۇن خەلپىتىم بىلەن ئېيسىراخۇن خەلپىتىم سايلانغان.

مەمتىلى ئەپەندى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىنى باشقۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «توپلانتى» دەپ ئاتىلىدىغان قەرەللىك كەسپىي ئۆگىنىشىنى ئىزچىل ئېلىپ بېرىش بىلەن خىللانغان ئوقۇغۇچىلاردىن «ئىزچىلار سىنىپى»[1] تەسىس قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

«توپلانتى» ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يىغىلىپ ئېلىپ بارىدىغان كەسپىي ئۆگىنىشىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىسىمنى مەمتىلى ئەپەندى قويغان. مەمتىلى ئەپەندى تۇنجى قېتىملىق «توپلانتى» دا مۇنداق دېگەن:

«بۇرۇن سىلەر ئوقۇغۇچى ئىدىڭلار، ئەمدى ئوقۇتقۇچى بولدۇڭلار. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر ناھايىتى ئېغىر. سىلەر يېڭىدىن ئېچىلغان يولنى كېڭەيتىپ، ئۇنى راۋانلاشتۇرغۇچىلار، سىلەر مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى، يۇرتداشلىرىمىزنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىگۈچى، ئىلىم ئۆگىتىپ، ئېڭىنى

---

[1] بەزىلەر ئۇنى «ئىزچىلار ئەترىتى» دەپمۇ ئاتاۋاتىدۇ.

ئويغاتقۇچى، ھەقىقەت بىلەن ساپ ۋىجداننى قوراللاندۇرغۇچى. سىلەر يەنە ئەسىرلەپ تەربىيىسىز قالغان خەلقنى ئويغاتقۇچى، ئۇلارنى يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشتۇرغۇچى.

بىلىشىڭلار كېرەككى، ماڭىدىغان يولىمىز تەكشى ئەمەس. شۇڭا، پاراسەتلىك بولۇڭلار. خەلقتىن يىراقلىشىدىغان قىلمىشلارنى قىلماڭلار، خەلقنى ھۆرمەتلەڭلار. ئۇلار بىزنىڭ بارلىقىمىز. ئۇلار بولىدىكەن، مائارىپىمىزمۇ بولىدۇ، بىزمۇ بولىمىز. بارلىق ئامال بىلەن خەلققە ياخشى تەسىر بېرىڭلار. خەلقتىن ئايرىلىپ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ...»

«توپلانتى» دا، يەنە ھەرقايسى كەنتلەردە مائارىپ تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، قىلچىمۇ بوشاشتۇرماسلىق، بەلكى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ تەسىرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. قانداق قىلغاندا دەرسنى ياخشى ئۆتۈپ، بالىلارغا ياخشى ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى سۆزلەنگەن، مەمتىلى ئەپەندى سۆزلەنگەن تەجرىبىلەرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۆلگە قىلىپ بېكىتكەن.

يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغاندىن تاشقىرى، «توپلانتى» دا يەنە دەرس پروگراممىسى ئۆگىنىلەتتى، جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ مەكتەپ تاملىرىغا چاپلىناتتى. يېڭى نەتىجىلەرنى كېڭەيتىش بەلگىلىنەتتى. قىسقىسى «توپلانتى» نىڭ رولى چوڭ بولۇپ، ئۇ يېڭى مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. چۈنكى، «توپلانتى» دا ئۆزئارا

تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلغار، ئۈنۈملۈك بولغان ئوقۇتۇش مېتودى ۋە تەجرىبە ــ ساۋاقلار خۇلاسە قىلىنىپ، ئوقۇتۇش مېتودى ياخشى مەكتەپ ۋە مۇئەللىملەر تەقدىرلىنەتتى، ئارقىدا قالغانلىرى ئاگاھلاندۇرۇلاتتى. «توپلانتى» دا، مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئوقۇتقۇچىلارغا يېڭى ــ يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ يەنە كەچكۇرسلارنىمۇ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن ياشلارنى ۋە چوڭلارنى ساۋاتلىق قىلىش ئىشىنى بوشاشتۇرماي ئىشلەشنىمۇ تاپىلايتتى.[①]

مەمتىلى ئەپەندى پۈتكۈل ئاتۇش مائارىپىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا، يەنە ھەرقايسى كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى «ئەلا بول ئەلا» دېگەن نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ «ئىزچىلار سىنىپى» ئاچقان. بۇ سىنىپقا ھەرقايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ «چېكىپ تۇرۇپ» تاللانغان 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. «ئىزچىلار سىنىپى» مەشھەتتىكى قۇمباغ مەكتەپتە ئېچىلغان. «ئىزچىلار سىنىپى» 1935 ـ يىلى كۈزدە رەسمىي ئوقۇش باشلىغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچىلار سىنىپى» ئېچىشتىكى مەقسىتى، تېز ۋاقىت ئىچىدە يارامىلىق ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، نىسبەتەن يۇقىرى ساپاغا ئىگە ياشلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

---

① مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان مائارىپ ھەرىكىتىدە، ئاتۇش ئاھالىسىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى ساۋاتلىق قىلىنغان، بۇنى تىلغا ئالغۇچىلار، «كەچكۇرس» نىڭ رولىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ.

«ئىزچىلار سىنىپى»غا ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى سىياسەت، ئانا تىل، يۇرت تارىخى، مىللىي تەربىيە، غەزەل، ھەربىي مەشق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن، ئەمەت مەخسۇم[1] سەرپ تۇركى، جۇغراپىيە، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆتكەن. لىۋاھىدىن قارى تەنتەربىيە، ھېساب، تارىخ دەرسىنى ئۆتكەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن[2] رۇس تىلى ۋە نازاپەت دەرسىنى، ئاتۇشنىڭ بېگى — سىدىق بەگ خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۆتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەشھەتتە ئۆي تۇتقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئەسلى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولمىغۇچە توي قىلماسلىقتا قەسەم ئىچكەن ئىكەن. لېكىن، ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىش جەريانىدا، بەزى پىتنە - پاساتچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن «مەمتىلى ئەپەندى پۇستانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ»، «مەمتىلى ئەپەندى پالانى بىلەن مۇڭدىشىۋاتىدۇ» دېيىشىپ ئىغۋا توقۇشقان. شۇنىڭ بىلەن، ئاتۇش تېجەنلىك مەشھۇر تارىخىي شەخس، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىنە يوللۇق ئاغىنىسى ئابدۇقادىر ھاجى

---

[1] ئەمەت مەخسۇم بىلەن لىۋاھىدىن قارى «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.

[2] نىزامىدىن — نىزامىدىن ئەپەندى دەپ ئاتىلىپ ئادەتلەنگەن. بۇ كىشىنى 1910 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى تاغىسى تاشاخۇنۇم قەشقەردىكى رۇس كونسۇلخانىسىغا رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بەرگەن. نىزامىدىن كېيىن ئابدۇقادىر داموللام تەشكىللىگەن نامايىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مەمتىلى ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغاندا، ئۇ يېقىندىن ياردەمدە بولغان.

مەمتىلى ئەپەندىگە «غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن توي قىلمىسىڭىز، دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدىغان ئوخشايسىز» دەپ تەكلىپ بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، قەسىمىدىن يېنىپ توي قىلىشقا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئاتۇشنىڭ بېگى سىدىق بەگنىڭ ئايالى قۇرەيش خېنىم ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى قاسقان بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاكىسى مامۇت هاجىمنىڭ قىزى مەلىكىزاتنى مەمتىلى ئەپەندىگە تونۇشتۇرغان. مەمتىلى ئەپەندىم ئاق يۈزلۈك، غۇنچە بويلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بۇ ساھىبجامال قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان ھەم توي قىلغان. بۇ 1935 ـ يىلى ياز كۈنلىرى ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى مەشھەدتە ئۆي تۇتقاندىن كېيىن، قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىزچىلارنى مەشھەد قۇمباغدىكى داڭلىق باي ئابدۇراخمان ھاجى[1] دېگەن كىشـــى سالدۇرغان قۇمباغ مەكتەپتە تەربىيىلىگەن. مەمتىلى ئەپەندى ھەرقايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەردىن تاللىنىپ كەلگەن سەكسەن نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، ئىككى سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلغان. ئۇلاردىن قىرىقنى تاللاپ «ئىزچىلار ئەترىتى» تەشكىللىگەن. مەشھەدكە يىراق يېزا ـ كەنتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچـــىلار مەكتەپتە ياتاقلاشتۇرۇلغان. ئوقۇتقۇچىلىقتا ئېچىلغان «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى» غا ئاشپەزلىك قىلغان ئۇستىلارمۇ بۇ يەرگە كەلگەن. مەكتەپنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئوقۇتۇقتىكى «مۇئەللىم

---

[1] مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىسى، كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇراخمان ھاجى مەمتىلى ئەپەندىنى ماددىي جەھەتتە بەك قوللىغانىكەن. ھەتتا، ئىزچىلارنىڭ مەكتەپ فورمىسىغىمۇ شۇ ئادەم خىراجەت چىقارغانىكەن.

يېتىشتۈرۈش كورسى» نىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ئوخشاش بولۇپ، تېخىمۇ مۇنتىزىملاشقان. دەرسلىك قوللانمىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازان شەھىرى ھەم تاشكەنت شەھىرىدە بېسىلغان دەرسلىك كىتابلاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن.

«ئىزچىلار سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ فورمىسى يەنىلا بۇرۇنقىدەك بولغان. ئىشتان، چاپان ۋە شەپكىسى ماشرەڭلىك چەكمەندىن تىكىلگەن. ئاياغ كىيىمى شۇ دەۋردىكى تېجەنلىك داڭلىق موزدوز زوردۇن ئۇستىغا بۇيرۇتۇپ كۆندىن تىكتۈرۈلگەن قىزىل سەندەل بولغان. بۇ «ئىزچىلار» فورمىلىرىنى كىيىشىپ، قولىدا قىزىل بويالغان ئىزچىلار كالتىكىنى كۆتۈرۈپ، قاتار تىزىلىپ، «ئىزچىلار مارشى» نى ياڭرىتىپ ماڭغاندا، كىشىلەر ھەيران قېلىشقان. خەلق يىراق-يېقىنلاردىن ئاتايىن مەشھەد بازىرىغا كېلىپ، ئىزچىلارنىڭ مەش دەسسىگەندىكى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى تاماشا قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارنى تەربىيىلەشتە، قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىلمىيلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولۇشىغا شۇنداقلا قاتتىق ئۇستىخان، يارامىلىق ئەزىمەتلەردىن بولۇشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەربىي مەشق دەرسىنى ئۆتكەن چاغدىكى ئىپادىسىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ، باشلامچىلىق بىلەن قىش كۈنلىرى مۇزدەك سۇلارنى كېچىپ ئۆتۈشنى، قارلىق دالىدا سائەتلەپ ئۆمىلەپ مېڭىشنى، سەككىز-ئون قاتار ئېگىزلىكتىكى ئەنجان تېمىغا شوتىسىز چىقىشنى، تاغنىڭ خەتەرلىك، تىك قىيالىرىغا يامىشىپ چىقىشنى مەشق قىلدۇرغان. بۇ ئىزچىلار ھەش-پەش دېگۈچە بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ چىقىپ پىرامىدا شەكلىنى ھاسىل قىلالايدىغان، تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بايراق

تٮلى ئارقٮلٮق ئۇقۇم ئۇقتۇرالايدٮغان، ئادەتتٮكى قوراللارنى چۈۋۈپ ـ قۇراشتۇرالايدٮغان ۋە ئٮشلٮتەلەيدٮغان بولغان.

مەمتٮلى ئەپەندى 1935 ـ يٮلى، مەشھەد بٮلەن تٮجەندە «چوكانلار سٮنٮپى» تەسٮس قٮلٮپ، يٮرٮم يٮل تەربٮيىلەش ئارقٮلٮق بٮر تۈركۈم ئايال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنٮنى بارلٮققا كەلتۈرگەن. گەرچە، بۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلارنٮڭ سانى ئاز بولسٮمۇ، لٮكٮن، بۇ «چوكانلار سٮنٮپى»نٮڭ تەسٮس قٮلٮنغانلٮقى شۇ ۋاقٮتتٮكى ئۇيغۇر جەمئٮيىتٮگە نٮسبەتەن زور ۋەقە بولغان. مەمتٮلى ئەپەندى بۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «مۇئەللٮم يٮتٮشتۈرۈش كۇرسى»نٮڭ ئوقۇغۇچىلٮرٮنى تەقسٮم قٮلغاندەك، ھەرقايسى كەنتلەردٮكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەقسٮم قٮلغان. كٮشٮلەر ئۇلارنى «خانٮم» دەپ ئاتاشقان. شۇنٮڭدٮن باشلاپ بەزى كەنتلەردە، قٮز ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ئوقۇشقا كٮرٮدٮغان بولغان.

شۇ ۋاقٮتتا، ئاتۇشتا باشلانغۇچ مائارٮپ سٮستٮمٮسى شەكٮللٮنٮپ، مائارٮپ تەربٮيىسى ۋە مەكتەپلەر ئومۇملٮشٮپ، ئوقۇتۇش پروگراممٮسى ۋە ئۇسۇلى بٮر خٮللاشقاچقا، قائٮدە ـ تۈزۈملەر مۇكەممەللەشكەچكە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش بويٮچە ياكى تەنتەربٮيە تۈرلٮرى بويٮچە مۇسابٮقە ئۆتكۈزۈشكە شەرت ھازٮرلانغان. مەمتٮلى ئەپەندى بۇ ئەۋزەللٮكنى ئاساس قٮلٮپ، يٮلدا بٮر قٮتٮم مەكتەپلەر ئارا تەنھەرٮكەت مۇسابٮقٮسى ئۆتكۈزۈشنى قارار قٮلغان. 1936 ـ ۋە 1937 ـ يٮللٮرى شۇنداق مۇسابٮقٮلەر ئۆتكۈزۈلگەن. مۇسابٮقٮلەرنٮڭ مەزمۇنى ئٮنتايٮن مول، شەكلى ئٮنتايٮن جانلٮق، كەيپٮياتى ئٮنتايٮن قٮزغٮن بولغان.

مەمتٮلى ئەپەندى بۇ خٮل تەنھەرٮكەت مۇسابٮقٮلٮرٮنى ھەر يٮلى نورۇز بايرٮمى كۈنى ئۆتكۈزۈشنى بەلگٮلٮگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى بولغان نورۇز بايرىمىنى ئاتۇش خەلقى ھەر يىلى تەختىيۇن مەھەللىسىنىڭ شىمالىدىكى جەمەتلا پىچىم دېگەن مازارنىڭ ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىكتە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئەپسۇسكى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «12 ـ ئاپرېل» كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. مەمتىلى ئەپەندى «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ ـ كۆلەملىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىش باھانىسىدا، دەل نورۇز بايرىمى كۈنى ئاتۇشتىكى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مۇسابىقىنى نەچچە مىڭ خەلق توپلىشىپ كۆرگەن.

1935 ـ، 1936 ـ ۋە 1937 ـ يىللىرى ئاستىن ئاتۇشتا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز بايرىمى ئۆتكەن ھەرقانداق يىللاردىكىدىن داغدۇغىلىق بولغان.

1936 ـ يىلى نورۇز بايرىمى كۈنى، ئاتۇشنىڭ تەختىيۇن مەھەللىسىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان پائالىيەت سورۇنى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كەڭ ئامما بىلەن لىق تولغان. مەمتىلى ئەپەندى بىۋاسىتە تەربىيىلىگەن «ئىزچىلار» ئۆشنىلىرىدە خۇرۇمدىن تىكىلگەن قىزىل چامىدان، بوينىدا قىزىل گالستۇك، قولىدا قىزىل بويالغان مۇھاپىزەت كالتىكى، ئىككى دولىسىغا قىزىل ـ يېشىل رەڭدىكى ئىككى دانە بايراق بېكىتىلگەن ماشرەڭ مەكتەپ فورمىسى ۋە قىزىل

خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيگەن هالدا، «ئىزچىلار مارشى»نى ئوقۇپ، رەتلىك تىزىلىپ، تەكشى قەدەم تاشلاپ، هەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرگەندە، پۈتۈن مەيدان ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى كىشىلەرنى روهلاندۇرۇپ، چوڭقۇر هاياجان قوزغىغان. بۇ ئىزچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەترەت باشلىقى يارمۇهەممەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە پۈتكۈل مەيداننىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا بەلگىلەنگەن[①] . ئۇلار مۇنتىزىم ئەسكەرلەردەك بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدا مۇستەهكەم تۇرۇپ، مەيدان تەرتىپىنى ساقلىغان. هەرقايسى كەنتلەردىن تاللىنىپ كەلگەن مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش پاسون، ئوخشاش رەڭدىكى بايراملىق كىيىملىرى بىلەن گۈلدەك ياسىنىپ، بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، جەڭگىۋار مارشلىرىنى ياڭرىتىپ، مارشقا ماسلاشتۇرغان هالدا نەي ۋە بارابان ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ تەكشى قەدەم تاشلاپ، تۈركۈم - تۈركۈم بولغان مەيدانغا كىرىپ كەلگەندە، ئەزەلدىن بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئاممە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى بۇ، ئاستىن ئاتۇش خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زور بىر يېڭىلىق بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن مەنزىرە ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپ مەسئۇللىرىغا نورۇز بايرىمىغا تەييارلاپ كەلگەن گىمناستىكا شەكىللىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن،

---

① «ئىزچىلار ئەترىتى» دىكى ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە هەر دۈشەنبە كۈنى بولىدىغان چوڭ بازاردىمۇ بازارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، ئوغرىلارنىڭ، لۈكچەكلەرنىڭ، ساختىپەزلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئاتۇش خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

نۆۋەت بويىچە ماھارەت كۆرسىتىشنى تاپىلىغان. بىرىنچى قېتىمدا مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «مۇبارەك ۋەتەن» دېگەن مارشنى ئوقۇپ مەيدانغا چۈشكەن:

ئەي ئاتىلار يۇرتى مۇبارەك ۋەتەن سەن ياشارسەن،
پەرزەنتلىرىڭ باشىغا تېخى نۇرلار ساچارسەن.

تاغلىرىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىلال سۇلار بويلايدۇ،
دۈشمەنلىرىڭ بەك ئاچكۆز تالىماقنى ئويلايدۇ.

ئوتلاقلىرىڭ ياپيېشىل سانسىز ماللار يايلايدۇ،
قېمىز ئۈچۈن تاغ ئەھلى يىلقىلارنى بايلايدۇ...

ۋەتەن خەلقى ئويغانغىن، ئاچ كۆزۈڭنى، ئولتۇرما،
بۇ جانجان يۇرتۇڭنى غەپلەت بىلەن تولدۇرما.

ئەل يۇرتقا تەر تۆكمەك پەرزەنت ئىشى، بۇرچىڭدۇر،
يولغا چىققان كارۋانسەن، ئىلىم ـ ئېرپان يولچىڭدۇر.

ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار، چەبدەس تۇرقىغا، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھىغا قارىتا مەيداندىكى بارلىق نورۇز ئەھلى گۈلدىراس ئالقىش ياڭراتقان. ئۇلار رەتلىك مېڭىپ، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، «ئەي، گۈزەل شىنجاڭ» دېگەن تېمىدىكى گىمناستىكا ناخشىسىنى باشلاپ، ئون بەش تۈر بويىچە گىمناستىكا شەكىللىرىنى ئورۇندىغان. ئاخىرىدا ئۇلاشتۇرۇپ «بايرىمىڭلار مۇبارەك» دېگەن خەت شەكلىنى چىقارغان. بۇنى

كۆرگەن نورۇز ئەھلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ياڭراتقان. نۆۋەت بويىچە ماھارەت كۆرسەتكەن تىجەن، بۇيامەت، سۇنتاغ، تۆركۆل قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ «مەكتەپ — جەننەت»، «ياشىسۇن ئىنقىلاب»، «ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا» دېگەن مەزمۇندىكى خەت شەكىللىرىنى چىقارغان ۋە گۈزەل گىمناستىكا شەكىللىرىنى ئورۇندىغان. ئاخىرىدا، مەمتىلى ئەپەندى بىۋاسىتە تەربىيىلىگەن ئىزچىلارنىڭ يەككە ماھارەت كۆرسىتىشى پائالىيىتى باشلىنىپ كەتكەن. بۇ ئىزچىلار كۆرسەتكەن ماھارەتلەرنى كۆرگەن كەڭ ئامما ۋە ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ھەرىكەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغان، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى سىقىشقان، ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا قىلغان.

تەنھەرىكەت پائالىيىتىگە «چوكانلار سىنىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مۇنتىزىم تەييارلىق قىلغان بولغاچقا، ئۆز نۆۋىتىدە گىمناستىكا ئويناپ، ناخشا ئوقۇپ، بايرام كەيپىياتىنى ئەۋجىگە چىقارغان. تىجەن كەنتىدىن كەلگەن «چوكانلار سىنىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىسى سىپرەخان باشلىق بىرنەچچە ئايال سەھنىگە چىقىپ، تۆۋەندىكى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغان:

قاراڭغۇلۇقلار، قارا زۇلمەتلەر،
قارا پەردىلەر يىرتىلدى بۇگۈن.
ئۇلۇغ ئۆلكىنى ۋەيران ئەيلىگەن،
ياڭ - جېڭ[1] زالىملار يوقالدى بۇگۈن.

ئەسىرلەر بويى تەڭسىزلىك بىلەن،

---

① ياڭ - جېڭ — ياڭ زېڭشىن بىلەن جېڭ شۇرېننى كۆرسىتىدۇ.

ئۆيگە بەند بولۇپ ئۆتكەن ئۆمرىمىز.
مەرىپەت گۈلى ئېچىلىپ بۈگۈن،
چۆمدى شادلىققا غەمكىن كۆڭلىمىز.

تەنھەرىكەت پائالىيىتىنى كۆرۈشكە كەلگەن تېجەنلىك موللا ئېزىز داموللامۇ ھاياجانلىنىپ، سەھنىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

بىكار يۈرمە، مەكتەپكە بار، بىلىم ئال،
بولسا ئەقلىڭ بۇ سۆزۈمگە قۇلاق سال.

بىزلەردە بار ئىشلىمەسلىك، ھورۇنلۇق،
ئاخىرىدا قىلىشىمىز ئوغۇرلۇق.

ئوقۇش پەرزدۇر، ئەرۇ - ئايال ھەممىگە،
يەتمەك كېرەك ئىلىم - ئىرپان قەدرىگە.

ئاللا - رەسۇل ھۆكمى شۇلدۇر قىل ئادا،
مەرىپەتنىڭ قۇتلۇق تېگى ئاتتى مانا!

جامائەت موللا ئېزىز داموللامغا قىزغىن ئالقىش ياغدۇرغان. ئاخىرىدا، مەمتىلى ئەپەندىم خۇلاسە نۇتقى سۆزلىگەن:

— مۆھتەرەم جامائەت، مۇئەللىملەر، خانىملار، تەلىبەلەر، سىلەرنى بۈگۈنكى نورۇز تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇتلۇقلايمەن ۋە مۇبارەكلەيمەن. بۈگۈنكى بۇ خاسىيەتلىك بايرامغا

ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى ۋە كۆردى. مەكتەپلەردىكى تەلىپەلەر ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەجرىبە ئالماشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ھەممىمىزنى قايىل قىلدى ۋە خۇرسەن قىلدى. بىزنى ۋە سىلەرنى شۇنداقلا بىزنىڭ ھەققانىي ئىشلىرىمىزنى خاتا مۆلچەرلەپ قارشىلاشقان جاھىل مۇتەئەسسىپلەر شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى.

بىزنىڭ ئۇلۇغۋار مەقسەتتە يولغا قويغان ئاقارتىش ئىشلىرىمىز قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل بايراملىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن، زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى، بىزدىن رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى، پەرزەنتلىرىدىن پەخىرلەندى. ئىشىنىمىزكى، خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى بولىدىكەن، بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز پارلاق. مۇئەللىملەر، تەلىپەلەر! خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى سىلەرگە باغلانغان. بىز ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قەدىرلىشىمىز ۋە قوغدىشىمىز كېرەك. شېھىتلارنىڭ ئاققۇزغان قېنىنى ئاقلىشىمىز كېرەك...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نۇتقى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ، بەس - بەستە توۋلانغان شوئارلار مەيداننى بىر ئالغان.

مەمتىلى ئەپەندى پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى داغدۇغىلىق كۆچەت تىكىش ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلغان.[1]

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خەلقى ۋە يۇرتى ئۈچۈن قىلغان

---

[1] ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان مائارىپ ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاتۇشنىڭ يول ياقىلىرىغا تىكىلگەن كۆچەت يۈز مىڭ تۈپتىن ئېشىپ كەتكەن.

بىھېساب ئىشلىرى، يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتى، ئورۇنلۇق گەپ - سۆزلىرى، رەتلىك يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ۋە مول بىلىمى ئۇنى ئاتۇش خەلقى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئابروي - ئىناۋىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ ھەرىكىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بىر بالداققا كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان. ئۇ 1935 - يىلى، مەلۇم بىر جۈمە كۈنى، تۆركۈل يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، ئۇ يەردە دىنىي مۆتىۋەرلەرنى يىغىپ يىغىن ئاچقان. مەمتىلى ئەپەندى ئالدى بىلەن: «بىز ئۇيغۇر مىللىتى زېرەك، ئۇيۇشقاق مىللەت ئىدۇق، جۈملىدىن ئاتۇش خەلقى تېخىمۇ مەرىپەتپەرۋەر، جاھانكەزدى، يېڭىلىقپەرۋەر، ساخاۋەتچى خەلق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىدا قالدۇق، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز ئىتتىپاقلىشالمىدۇق، ئۇيۇشالمىدۇق، دۇنياغا نەزەر تاشلىيالمىدۇق، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇق. ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلمىدۇق، شۈكرى - قانائەت قىلىپ، كۈنىمىزنى پەقەت ئىبادەت قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزدۇق. پەيغەمبىرىمىز ئەسلى ‹ خۇداغا ئىشەن، ئەمما تۆگەڭنىمۇ مەھكەم باغلا › دېگەن. لېكىن بىز تۆگە بىلەن كارىمىز بولماي، خۇداغا ئىشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مانا مۇشۇ كۈنگە قالدۇق. بىزنىڭ بىر قىسىم جاھىل موللىلىرىمىز دىننى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار نېمىلا ئىش بولسا «يامان بولىدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ، ياخشى - ياماننى ئايرىماي، ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا پايدىلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنىمۇ يامانغا جورۇپ، خەلقنى قۇللۇقتا، نادانلىقتا، جاھىلىيەتكە، بىلىمسىز قېلىشقا دۇچار

قىلدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتمۇ دەل شۇنداقلارنى ئەتىۋارلاپ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل - چىرىك سىياسىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىزنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا قالدۇرۇپ، ئىلىمىزنى شوراپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە ھەمنەپەس بولدى» دېگەن. مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە: «بۈگۈن بىز ھەرقايسىلىرىنى يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، يېڭى مائارىپ ئىشلىرىمىزغا يار - يۆلەكتە بولۇشقا، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، ئەۋلادلىرىمىزغا بەخت يارىتىشنىڭ مۇستەھكەم ئۇلىنى قۇرۇشقا، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلەن مىللىتىمىزنىڭ دىلىنى يورۇتۇشقا مەسلىھەت بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە چاقىرتتۇق. كۆپ ساندىكى يۇرت كاتتىلىرى، مۆتىۋەر زاتلار، تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالىرىمىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى، يېڭى مەكتەپلىرىمىزنى قوللىدى، ھېسداشلىق قىلدى، يار - يۆلەكتە بولدى، خەلقىمىزگە توغرا نىيەت بىلەن ئەمرى - مەرۇپ قىلدى، تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ باردى، ياردەم قولىنى سوزدى، ئىئانە توپلىشىپ بەردى. بۇلار ھۆرمەتكە ۋە ئالقىشقا سازاۋەر ئىلغار زاتلار. ئۇلار مەكتەپنىڭ، بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ. مەن سىلەرگە بىر شېئىرنى ئوقۇپ بېرەي، مۇلاھىزە قىلىشىپ كۆرۈشسىلە!» دەپ، ئۆزىنىڭ «مەكتەپ ئېرۇر...» دېگەن شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

مەبدەئى ھىلمۇ ھايا[1] مەكتەپ ئېرۇر،

---

[1] مەبدەئى ھىلمۇ ھايا — مۇلايىملىق ۋە ھايانىڭ باشلىنىشى.

مەخزەنى سىدقۇ ساپا[1] مەكتەپ ئېرۇر.
مۇزلىغان دىللارنى ھەم چۈن نەۋ باھار،
سەبزە خۇررەم ئەيلىگەن مەكتەپ ئېرۇر.

تۇم تاراقى دۇنياۋى شەيئون ھەقىر[2]،
قائىدى راھى ھۇدا[3] مەكتەپ ئېرۇر.
كۇللەمەن يەر جۇكاما لەمفىل كاما،
مەسلىكۇ دارى شىپا مەكتەپ ئېرۇر[4].

گەر باھار، نۇر ئىزلىسەڭ مەكتەپلەرە،
راھىتى ئىككى جاھان مەكتەپ ئېرۇر.
ھەركىشى ئىلىم ئىزدىبان مەكتەپ سىرى،
قائىدى راھى ھۇدا مەكتەپ ئېرۇر.

ئىلمۇئىرپان ئىزدىسەڭ زىندان يىراق،
ئىلمۇ گۆھەر زوبدىسى مەكتەپ ئېرۇر.
ئەي ۋەتەن ئەۋلادى تۇرسەن، ياتمىغىل،
ھەم ئەقىلنىڭ گۆھىرى مەكتەپ ئېرۇر.

— ئەپەندىم، بۇ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى بەك چوڭقۇر ئىكەن، ئەقلىي بار ئادەمگە ئىشارە كۇپايە. بەرھەق، مەكتەپسىز

---

① مەخزەنى سىدقۇساپا — راستلىق ۋە پاكلىق خەزىنىسى.
② دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى.
③ قائىدى راھى ھۇدا — ھەقىقەتكە باشلاشنىڭ قائىدىلىرى.
④ مەنىسى: مەسلەكلەر شىپا تاپىــــدىغان دوختۇرخانا — مەكتەپ بولىدۇ.

هايات، ئىلىم ـ ئىرپان گادايلىقىغا گىرىپتار بولىدىغان گەپ. بىز ئۆزلىرىنى مىلىق مەررە قوللايمىز. سىلى قىلىۋاتقان ئىش ھەقىقەتەن مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، دەيدۇ موللىلارنىڭ ئارىسىدىكى رەڭگى ئاق سېرىق، چېچەك يۈزلۈك، بەستلىك كەلگەن ئىسلامئاخۇن داموللا.

مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

— بىز پەقەت ئىلىم ـ پەن بىلەنلا قەد كۆتۈرەلەيمىز، بىزگە مەكتەپ كېرەك، بىلىم كېرەك. شۇڭلاشقا مەكتەپلىرىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇشىمىز، ھەممەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، شۇ توغرۇلۇق تەرغىباتچىلىق قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ھازىر قىز ـ چوكانلار سىنىپلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمىز. بۇ ئىشتا سىلەردەك ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ياردىمىغا موھتاجمىز...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ يىغىننى ئېچىشىدا سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى بىر قىسىم يېزا ـ كەنتلەردىكى ئاز سانلىق مۇتەئەسسىپ كىشىلەر قىزلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى چىقىپ، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغانىدى.

بۇيامەت كەنتىدە ئېچىلغان «قىزلار سىنىپى» غا ئەر مۇئەللىملەرنىڭ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئىمام «ئەر مۇئەللىملەرنىڭ قىزلارغا دەرس بېرىشى جايىز ئەمەس. بۇ تاپتىن چىققانلىق» دەپ ئىغۋا تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن بەزى مۇتىھەم كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلارغا تەھدىت سالغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەمتىلى ئەپەندى دەرھال ئېتىغا مىنىپ، مەھمۇت شىجاڭ تەيىنلەپ بەرگەن ئىككى ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ بۇيامەتكە كېلىپ، ھېلىقى ئىغۋاگەر ئىمامنى تېپىپ، ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان ۋە «بىزنىڭ خانىملىرىمىز يېتىشمەيۋاتقان شارائىتتا، ئەر

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈپ تۇرۇشى يوللۇق. بۇنداق قىلىشنى ئۇيۇشمىمىز كېڭىشىپ بېكىتكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭ، ئەگەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا بىرەرسى چېقىلىپ قالسا، قەشقەرگە ھەپسىگە يوللاتقۇزۇۋېتىمەن» دېگەن. ھېلىقى ئىمام شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جىم يۇرۇيدىغان بولغان.

يەنە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر ئوقۇغۇچىلار ئېيتىپ يۇرگەن «نۇرلاندۇردى يۇرتىمىزنى قۇمۇلدىن كۇن تۇغۇپ» دەپ باشلىنىدىغان غەزەلدىكى «ئەسىرى مەكتەپتە ئوقۇيمىز قىز - ئوغۇللار بىر بولۇپ» دېگەن مىسرانى «قىز - ئوغۇللار بىر بولۇپ دېگۇچە، چوڭ - كىچىكلەر بىر بولۇپ دەپ ئوقۇسا بولمامدۇ؟» دېيىشكەن. بۇنى ئاڭلىغان تېجەنلىك مەرىپەتپەرۋەر زات قۇناجىم بۇ كىشىلەرنىڭ بىمەنە تەكلىپلىرىگە قارىتا رەددىيە بېرىپ، بۇنى توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى، بۇ غەزەلنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوقلۇقىنى ئېيتىسىمۇ، ئۇلار ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. قۇناجىم ئاخىرىدا: «بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ئايالLAR ئەرلەر بىلەن بىر جايدا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش جايىز بولغان يەردە، ئوغۇل - قىزلىرىمىزنىڭ بىر مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى نېمە ئۇچۇن جايىز بولمايدىكەن؟ ئىنساپ قىلىڭلار، پىتنە - پاسات تۇغدۇرماڭلار!» دېگەن ھەم مەمتىلى ئەپەندىنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۇرگەن. مەمتىلى ئەپەندى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئەخمىقانە تەلىپىنى ئاڭلاپ كۇلۇپ كەتكەن ھەم قۇناجىمغا: «قۇناجىكا، بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، ئۇلار مەكتەپنى ئۆزگەرتەيلى، دەپ چۇقان سالمىغاندىكىن، بىر مىسرا شېئىرنى ئۆزگەرتەيلى دېسە، بوپتۇ دەيلى. مەن مەكتەپلەرگە «چوڭ - كىچىكلەر بىر بولۇپ» دەپ ئوقۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلاي دېگەن. مەمتىلى ئەپەندىنى بەك ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر زات ھېلىقى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرگە

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزگەندە، ئۇلار «مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقەتەن ھىدايەت ئىگىسى، كەرەملىك يىگىت ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بولدۇق» دېيىشكەن.

مەمتىلى ئەپەندى تەشكىللەش جەھەتتە ئاجايىپ تالانتقا ئىگە بولغاچقا، كۆرۈنگەن مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە، چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابروي - ئىناۋىتى تېخىمۇ ئاشقان، ئاممىۋى ئاساسى چوڭقۇرلاشقان. كىشىلەر ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، گەپ - سۆزىگە تولۇق ئېتىبار بېرىدىغان، ئىش - ئىزلىرىنى، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىشىدىغان بولغان. بۇنداق ئەۋزەل ئاممىۋى ئاساس ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىنى پايدىلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەن.

مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ، كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ماڭغاندا، دائىم تۇركىيىدىن ئېلىپ كەلگەن كرېست بەلگىلىك خومىرەڭ دورا سومكىسىنى ئىگەرنىڭ قوش بېشىدىن ئايرىمىغان. ئۇ بېشىنى جاراھەت قاپلىغان تاز باللارنى ئۇچراتقاندا، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، «كەل بىچارە ئوغلۇم، قېشىمغا كەل!» دەپ چاقىرىپ، قولىدىن يېتىلەپ مېڭىپ، ئاتا - ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا پىكىر بېرىپ ۋە تەربىيە قىلىپ، ئارقىدىن سومكىسىدىن كىرەكلىك دورا ۋە ئەترە سوپۇنلارنى چىقىرىپ «باللىنىڭ بېشىنى پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، ماۋۇ دورىدا مايلاپ قويۇڭلار» دەپ تاپىلىغان. نېمە دېيىشنى، قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئاتا - ئانىلار چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە قورۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن ئېتىغا مىنىپ كېتىۋاتقان مەمتىلى

ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشقان.

بىر كۈنى، مەمتىلى ئەپەندى مەشھەدنىڭ كونا بازىرى ئورۇنلاشقان چوڭ كوچا بىلەن مېڭىپ، تېجەندىكى بىر مەكتەپنى تەكشۈرۈشكە ماڭغان. سايئېرىق دېگەن مەھەللىنىڭ ئېرىقىنى بويلاپ بازار بېشىغا چىقىۋاتقان «ئاشىق راخمان[1] » ئىسىملىك بىر كىشى توساتتىن مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ مەمتىلى ئەپەندىگە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەربىيلەرچە سالام بېرىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، راخمان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان باشقا كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىگە ھەيران قېلىشىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئاشىق راخمان بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تېجەننىڭ سېپىغا قاراپ كېتىۋاتسا، يول بويىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئاياللار بۇلارنى كۆرۈپ: «قاراڭلار، مەمتىلى ئەپەندى راخمان بىلەن چاقچاقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ كۈلۈشكەن. بۇ ئاياللارنىڭ پارىڭى قۇلىقىغا چۈشۈپ قالغان مەمتىلى ئەپەندى ئاياللارغا بۇرۇلۇپ، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا:

سۆيسە سۆيىمەن يەر بىلەن يەكسان بولسا،

---

[1] «ئاشىق راخمان» — مىجەزى غەلىتە ئادەم بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقاتتى. لېكىن، خەيرىخاھلىق قىلىپ بەرگەنلەرنىڭكىنى ئالاتتى، ئەمما يالۋۇرۇپ تىلىمەيتتى، جىق نەرسە بەرسىمۇ قوبۇل قىلمايتتى. ئاتۇشنىڭ كوچىلىرىدا، دۈشەنبە بازىرىدا دائىم قىزىقچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ، مەمتىلى ئەپەندىگە بەك ئامراقلىق قىلاتتى. دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئىزچىلىرىغا ئەگىشىۋالاتتى ۋە ئىزچىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ تۇراتتى.

سۆيمىسە سۆيمەيمەن مىسىرغا سۇلتان بولسا،

دەپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇغان. بۇ شېئىرنى ئاڭلىغان ئاياللار قىلغان سۆزىدىن ۋە ئورۇنسىز كۈلكىسىدىن خىجالەت بولۇشۇپ كەتكەن. كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئاشىق راخمانغىمۇ ئىزچىلار كىيىمىدىن بىر قۇر تىكتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىنى قەيەرگە ئېلىپ بارسا، راخماننىمۇ شۇ يەرگە ئېلىۋالغان. ھەتتا ئۇلار قەشقەر شەھىرىگە بارغاندىمۇ، ئاشىق راخمان ئىزچىلارغا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارغان. ئۇ ئىزچىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە ئاگاھ بولغان.

مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يەنە بىر چوڭ ھەرىكەت زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىشنى چەكلەش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈزەش جەھەتتە كۆرۈلگەن.

ئەينى يىللىرى، ئۇزۇن يىللار تەربىيىسىز قالغان خەلقنىڭ نۇرغۇن پەرزەنتلىرى نەشە چېكىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرۇش، بىمەنە گەپ - سۆز قىلىشتەك ناچار ئادەتلەرنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغان. مەمتىلى ئەپەندى خەلقنى ئاقارتىش تەشۋىقاتى پەقەت خەلقنى زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك دەپ قاراپ، ئەڭ مۇھىمى، يۇقىرىقىدەك ناچار ئادەتلەرنى تۈزەش مەقسىتىدە بىر قاتار ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتە قوزغىغان ھەرىكىتىنى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارلا ئەمەس، بەلكى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرمۇ بار كۈچى بىلەن قوللىغان.

مەمتىلى ئەپەندى ھەرقايسى كەنتلەردىكى ئاتىلار ھەيئەتلىرى، مۇئەللىملەر، تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىققا مايىل

دىنىي زاتلاردىن تەركىب تاپقان تەشۋىقى - تەربىيە قوشۇنى تەشكىللەپ، مەسچىت - جامەلەردە، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم مەرىكىلىرىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويغان. ئۆزى بىۋاستە تەربىيىلىگەن قىرىق نەپەر ئىزچىنى بازار ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامىنى ۋە ئامانلىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلغان. ئوغرى، قىمارۋاز، نەشىكەشلەرنى تۇتقانلا يەردە تېگىشلىك جازالاپ، قايتا ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. جازانىخورلارنى ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ جازاغا تارتقان. مۇشۇ خىلدىكى ناچار ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، قاتلاممۇ قاتلام تەربىيە ئېلىپ بارغان. ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا جەلپ قىلىنغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەر - ئاياللارغا ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسىنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان.

مەمتىلى ئەپەندى تەشۋىقات ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزى تەنقىدىي ئېيتىشىش ۋە ئېتوتلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىزچىلارغا ئۆگىتىپ سەھنىلەشتۈرگەن ھەمدە جامائەت سورۇنلىرىدا ئورۇنداتقان:

سىلەردە بار ئەجەب بىر خىل ئەيىبلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇندەك كەيپلەر.

ئوينايسىلەر قەغەز قىمار دېگەننى،
ئىت يېمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى.

تەنقىد قىلدۇق ئەخلاقىڭىز تۈزۈلۈر،
تۈزۈلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزۈلۈر.

نەشە چېكىپ رەڭگىڭىزدە ھېچ قان يوق،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق.

ئاممىۋى تەشۋىقى ـ تەربىيە شەكىللىرى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىزچىل ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئىجتىمائىي كەيپىياتتا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىرىق نەپەر ئىزچىسى «ئىزچىلار ئەترىتى» نىڭ باشلىقى يارمۇھەممەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر بازار كۈنى كوچا ـ دوقمۇشلارغا بۆلۈنۈپ بازارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشتىن باشقا، ھەرقايسى مەكتەپلەردىن رۇخسەتسىز ھالدا بازارغا قېچىپ كەلگەن ئوقۇغۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلارنى نازارەت قىلاتتى. قولىدا رۇخسەت سوراش قەغىزى يوق بولسىلا، تۇتۇپ مائارىپ بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بېرەتتى. مائارىپ بۆلۈمىدىكى مەكتەپ ئىشلىرى مەسئۇلى ئۇنداقلارنى تىزىمغا ئېلىۋېلىپ، تەربىيە بېرىپ قايتۇرۇۋېتەتتى ياكى قايسى مەكتەپتىن كەلگەن بولسا شۇ مەكتەپكە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، تەنقىدىي تۈزىتىش بېرەتتى. بۇ خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇشنىڭ سەۋەبى مەكتەپلەرنىڭ ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئارام ئالىدىغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، مەكتەپلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، تەلەپ يۇقىرى، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. شۇڭا، ئاشۇنداق چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش زۆرۈر ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يەنە بىر مۇھىم ھەرىكەت نازاپەت (تازىلىق) ھەرىكىتى بولغان.

نازاپەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر تەربىيە بولغاچقا، شۇنداقلا مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندى بۇ جەھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئەڭ ئالدى بىلەن نازاپەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت دەرسىنى باشقا دەرسلەر قاتارىدا دەرسلىك پروگراممىسىغا كىرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكىتى بارلىق ئوقۇتقۇچى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. ھەر قېتىم نازاپەت تەكشۈرگەندە، مۇھىت تازىلىقى، سىنىپ تازىلىقى، ئىشخانا تازىلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ پاكىز ھەم رەتلىكلىكى، ئوقۇتۇش قوراللىرىنىڭ رەتلىك، پاكىزە تۇتۇلۇشى، بەدەن تازىلىقى قاتارلىقلار ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈلۈپ باھالىنىپ نومۇر بېرىلگەن.

مەمتىلى ئەپەندى ھەرقانداق ۋاقىتتا دەرسكە كىرسە، ئالدى بىلەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈست - باشلىرىنىڭ پاكىز ياكى مەينەت، رەتلىك ياكى رەتسىزلىكىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ بۇ جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچى بولۇشقا، خەلققە باشلامچى بولۇشقا دەۋەت قىلغان.

ئەخلاق باھالاش جەھەتتىمۇ، مۇكەممەل قائىدە - تۈزۈملەر يولغا قويۇلغان. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ ئىچى ۋە ئائىلىدىكى ئىنتىزامچانلىقى، ئامما ئارىسىدىكى ئىنتىزامچانلىقى، سىنىپىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى. تاماكا ۋە ھاراققا ئوخشاش زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ياكى قىلماسلىق ئەھۋالى، مەكتەپنىڭ ۋە جامائەتنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سالغان قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقى، ئۇستازلىرىغا، ئاتا - ئانىسىغا ۋە چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە سالام بېرىش جەھەتتە ئەستايىدىل بولغان ياكى بولمىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار

بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ باھالانغان. باھالاش نەتىجىسى مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ھېسابلانغان.

نازاپەت ۋە ئەخلاق باھالاش ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن ساغلام تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلىش، خەلقنى رازى قىلىش، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، جەمئىيەتكە ياخشى تەسىر كۆرسىتىش بىلەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈزەش، مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى — ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پاكىز - رەتلىكلىكى، قائىدە - يوسۇنلۇقلىقى جەمئىيەتتىكى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوبرازىمۇ كىشىلەر قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن.

بىر كۈنى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ۋە شاگىرتى مىرئەھمەتنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپكە ئىشقا كېتىۋېتىپ، دىققىتى توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاللىقانداق بىر ئويۇننى ئويناۋاتقان ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىغا چۈشىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى دەرھال توختاپ، ئېڭىشىپ بالىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىباشلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇپ:

— ئوغلۇم، كىيىمىڭنى مۇشۇنداق پاسكىنا قىلىۋەتسەڭ، ئاناڭ خاپا بولمامدۇ؟ توپىدا ئوينىما، ئاغرىپ قالىسەن! — دەپ، يانچۇقىدىن ياغلىقىنى چىقىرىپ، بالىنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا داچەن پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ قالىدۇ. ئۇ

چوكان مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ ھەم خىجىل بولغان، ھەم جىددىيلەشكەن ھالدا ئاران ئەھۋال سورايدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى، سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئاندىن تەبىئىي قىياپەتتە:

— بالىڭىزغا ئوبدان قاراڭ، ساغلام، پاكىز چوڭ بولسۇن، پاكىز يۇرۇشنى ئۆگەنسۇن، بىزدە «كۆيۈك يامانمۇ كۆنۈكمۇ؟ دېسە، كۆنۈك يامان» دېگەن گەپ بار. ھازىردىن باشلاپ قانداق كۆندۇرسىڭىز، كېيىن شۇنداق چوڭ بولىدۇ، — دەيدۇ.

ھېلىقى چوكان خىجىل بولۇپ، مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىدۇ ۋە:

— ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بەك ئۇيالدىم ئەپەندىم، كەچۈرسىلە! — دەيدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مىر ئەھمەت مەكتەپكە قاراپ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى چوكان مەمتىلى ئەپەندىگە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراپ قالىدۇ.

بىر كۈنى مەمتىلى ئەپەندى مەشھەد بازىرىدىكى بىر ئاشخانىغا بىر نەچچەيلەن بىلەن مانتا يېگىلى كىرىدۇ. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئاشخانىنىڭ تازىلىقىنىڭ ناچارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى قوپۇپ چىقىپ كېتىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئىلاجىسىز ئولتۇرىدۇ. لېكىن، تاماق چىققۇچە، يېنىدىكى پېچىقنى چىقىرىپ، پىيالە - چەينەكلەردىكى داغلارنى قىرىپ ئولتۇرىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاشخانا خوجايىنى ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن:

— ئەپەندىم، بۈگۈن ئۆزلىرى ئاشخانىمىزغا تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇپ كىرگەندە، يەرگە قاراپ قالدىم. شاگىرتلار ياش بولغاچقا، تازىلىققا دىققەت قىلىپ كېتەلمەپتۇ، مېھمانلارغا تاماقنى ئۆز قولۇم بىلەن راسلاپ

بىرەي، — دەيدۇ. مەمتىلى ئەپەندى:

— كىرەك يوق، بۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنى تۈزەتمەي بولمايدۇ. بۇ خەلقنىڭ سالامەتلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇڭا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، — دەيدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ قوزغىغان بىر قاتار ھەرىكىتى ئاتۇش خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئاجايىپ يېڭىلىنىشلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دەل شۇنىڭ تۈرتكىسىدە، قاراخانىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان كەڭلىكلىرىنى يورۇتقان «بۇغرا روھى» بىلەن «ياغما روھى» نىڭ كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە سۇسلىشىپ كەتكەن يالقۇنى ئاتۇشلۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن يېلىنجاشقا باشلايدۇ. ئەينى چاغدىكى ئاتۇش ھەققىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتى ئابدۇغوپۇر قۇناجى مۇنداق دەپ يازغان:

شۇكرى لىللا بىزگە ئەمدى نەۋ باھار ئولدى،
ئېچىلىپ ئاتۇش باغلىرى لالەزار ئولدى.
مەكتەپ ئۇچۇن ئاتۇش جاننى پىدا ئەيلىدى،
ھەممە يۇرتتا نۇرلى مەكتەپ بىنا ئەيلىدى.
مەنبەئىل - ئىرپان بولىدۇ ئاتۇش - ئاتۇش،
قەلبىمىزدە بىزلەرنىڭ بۇ قانائەتىمىز.[①]

---

① بۇ شېئىر، ئابدۇكېرىم ماخمۇتوۋ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1993 - يىلىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ئاتۇشتىن ھالقىپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى قاپلىغان. قەشقەر ۋە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان پەننىي مەكتەپلەردە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغان ۋە مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان ناخشا - مارشلار ئوقۇلغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئاچقان «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مېيى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىنغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى 1935 - يىلى يازدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپچى مەمتىمىن سوپىزادىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئاقسۇغا ئەۋەتكەن.

ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ئون نەچچە ياش ئوقۇتقۇچىنى ئاقسۇنىڭ ئىگەرچى يېزىسىدىكى مېھرى خېنىمنىڭ بېغىدا، ئەينى چاغدىكى ئاقسۇ مائارىپىنىڭ مەسئۇلى موللا مۇھەممەت ھاجى، مەھمۇت ئەپەندى، سوپىزادە قاتارلىق كىشىلەر قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئابدۇراخمان شائىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاقسۇدا قىسقا مۇددەت تۇرۇپ، «مەرىپەت مارشى»، «ئىزچىلار مارشى»، «تۇر ئەمدى ئاداش» قاتارلىق قوزغىتىش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە باي مارش - ناخشىلارنى توۋلاپ، پۈتۈن ئاقسۇنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئۇلار يېڭى مائارىپنى كۈچلۈك يۇسۇندا تەرغىپ قىلغان، ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق يولغا قويۇلغانلىقىنى، قانداق نەتىجە قازانغانلىقىنى تونۇشتۇرغان. مەمتىمىن سوپىزادە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى»غا بەك قىزىققان ھەم شۇ يىلىلا

ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇرۇپ، بۇ مەكتەپكە ئۆزى مەسئۇل بولغان.

ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەرغىباتى ۋە ئاقسۇ جامائەتچىلىكىنىڭ بولۇپمۇ خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋالىي نىياز شېرىپنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە «تۆمۈر غازى ئاتا» مەكتىپى، ئۇچتۇرپاندا «ساتۇق بۇغراخان» مەكتىپى[1] ۋە «ئاباسىيە مەكتىپى»، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي، كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدە «تۇران سادىقىيە»، «ۋەتەن يۇنۇسىيە»، «مەكتىپى ئوغۇزخان»، «مەكتىپى يېڭى يول»، «ساباھ»، «ھەمىدىيە»، «گۈلشەن» قاتارلىق مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان.

«ئاقسۇ شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى — مائارىپ مەجمۇئەسى» (5 ـ قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «تارىختىكى مەكتەپ شېئىرلىرى (ناخشا) دىن تاللانما» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئېلان قىلىنغان. «بىز ئوقۇغۇچىمىز»، «ئوقۇ ياشلار»، «تىلىكىم ئوقۇش»، «ئەي ئەزىزىم، تۇر ئەمدى»، «خەلقىم يۇر ئەمدى» دېگەن بەش ناخشا مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان ناخشىلار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتابتا ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار يازغان ناخشىلاردا ئۇلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بىلمىگەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ناخشىلارنىڭ بەدىئىيلىكىگە ۋە

---

① بۇ ئىككى مەكتەپنى ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ دادىسى ئاتۇش مەشھەدلىك ھاشىم ئاقساقال دېگەن كىشى سالدۇرغان.

مەزمۇنىغا ئىغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكەن. مەسىلەن، بىز مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «ئىزچىلار مارشى» نىڭ قانداق بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

## بىز ئوقۇغۇچىمىز

1. بىز ئوقۇغۇچى بىز، پۈت - قوللارىمىز،
كۆز دىماغىمىز ھەر يېرىمىز ساغلام.
ۋەتەن، خەلقىنىڭ — ئەلىنىڭ قۇلى بىز،
دۈشمەنگە قەلبىمىز ساقلار ئىنتىقام.

قايتارمىسى:

يۇرۇڭ ئوقۇيلى ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىجدانلار.

2. ئۆزۈن يىللار بىز زۇلمەت قوينىدا،
ئوقۇيالمىدۇق ۋەتەن يولىدا.
ئەمدى قۇتۇلساق بۇ نادانلىقتىن،
ئارمان يوق يۇرتىمىزغا ئىشلەش يولىدا.

قايتارمىسى:

يۇرۇڭ ئوقۇيلى ياش ئوقۇغۇچىلار،
ۋەتەن، خەلق يولىدا قاينار ۋىجدانلار.

مەزكۇر كىتابتا بۇ ناخشىغا «بۇ ناخشا 1948 - يىلى

نەنجىڭدا چىقىدىغان «تىيانشان رەسىملىك ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان. 1950 ـ يىلى شىئەندە نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى»، دىمۇ نوتىسى بىلەن كۆچۈرۈپ بېسىلغان» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. تۆۋەندە بىز «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، «ئۆمۈر داستانى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا، «سامان يولى» ناملىق كىتابىنىڭ 147 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغان «ئىزچىلار مارشى» نى كۆرۈپ باقايلى:

بىز ئىزچىلار بىز، قوللىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غىمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز تاغلىق، شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش!

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن، مىللەت غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئاقسۇدا 1935 ـ يىلى «ئىزچىلار ئەترىتى» قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ تەشكىل قىلىنىشتىكى مەقسىتى، جابدۇلۇشى ۋە ئېيتىدىغان ناخشىسى پۇتۇنلەي مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچىلار ئەترىتى»نى ئۈلگە قىلغان. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (24) غا كىرگۈزۈلگەن ئابدۇراخمان ماموت دېيار يازغان «ئاقسۇ كونىشەھىرىنىڭ مائارىپ تەزكىرىسى» دېگەن ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان:

«〈ئىزچىلار ئەترىتى〉 ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، خەنزۇچە 〈توڭ زىجۈن〉 دېيىلەتتى. بۇلار ئاساسەن تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇلار يىغىن، بايراملارنىڭ تەرتىپىنى ۋە كوچىلارنىڭ تەرتىپ ـ ئامانلىقىنى ساقلايتتى. ھۆكۈمەتتىن قارا كۆك تېرىكىدىن كۆسار، ھاۋارەڭ كۆڭلەك، ئالتە شوئار قادالغان قالپاق تارقىتىلاتتى. ۋەزىپە بەلگىسى كۆڭلەكنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈرۈلگەنىدى. قولىدا ئالا كالتەك بولاتتى. بۇ تەشكىلات 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باشلىقى نەزىم قاسىمى ئىدى.

〈ئىزچىلار ئەترىتى〉 1940 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاقسۇ كونىشەھەردىكى 〈ئىزچىلار ئەترىتى〉 خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ھۆكۈمەت ساقچىلىرىدىن تەپ تارتمىغان كىشىلەر 〈ئىزچىلار ئەترىتى〉دىن ئەيمىنەتتى. ئەمەلدارلارمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان 〈ئىزچىلار مارشى〉 بار ئىدى. بۇ مارشقا ئىلىم ـ پەننىڭ، مەرىپەتنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن:

بىز ئىزچىلارمىز، پۇت - قوللارىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا،
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇرۇپ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۆگەن، تىرىش، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

‹ئىزچىلار مارشى› نىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە ‹ئىزچىلار ئەترىتى› نى تەشكىل قىلغۇچى — مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق) ئەپەندى ئىدى» .[1]

بىز روزى ئىبراھىم يازغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 20 - قىسىمىدا ئېلان قىلىنغان «شايار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىدىكى بۇ باياناتلارنى ئوقۇپ باقايلى:

«مەدەنىيەت - مائارىپ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1935 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغىچە ناھىيىنىڭ گۈلباغ، تويبولدى، يېڭى مەھەللە، مازارغوجام، يۇلتۇز باغ،

---

[1] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (24) نىڭ 110 - ۋە 111 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

نۇرباغ قاتارلىق ئون ئالتە يېزىسىدا خەلق ئۆز كۈچىگە يۆلىنىپ يېڭىدىن مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لاياقەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللىۋېلىپ ئۇيۇشما بىناسى ئىچىدە بىر سىنىپلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى. يەنە ئۈرۈمچىگە ئۈچ نەپەر، ئاقسۇغا ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى، كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئەخمەتجان ياقۇبى باشلىق ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىشى نەتىجىسىدە، 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇ يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇتقۇچىلارنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى ئورۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىدى. ئوقۇتقۇچىلار تەقسىم قىلىنغان جايلارغا بارغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىجاندىل ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان:

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
ئىلىم ـ بىلىم نۇرلىرىنى خەلققە چاچىمىز.
ھارماي ـ تالماي ئىشلەش بۇ ئىرادىمىز،
ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىزنىڭ سادىق ئوغلى بىز،
ياشا ۋەتەن، ياشا خەلق،
يوقالسۇن، تۈگىسۇن خورلۇق ـ نادانلىق!

دېگەن ئوقۇتقۇچىلار مارشىنى جاراڭلىق ئوقۇپ، يېزا ـ

قىشلاقلاردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېڭىچە پەن ـ مائارىپ بىلەن تەربىيىلەشكە باشلىدى.»[1]

بۇ بایاندىن بىز، مەمتىلى ئەپەندى يولغا قويغان ئالتە ئايلىق «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى» نىڭ شەكلى ۋە بۇ كۇرسنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن كۈنلىرى ئاتۇش كوچىلىرىدا ئوقۇپ ماڭغان «مەرىپەت مارشى» نىڭ شايارىدا ئىزچىللاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 32 ـ قىسمىدا ئېلان قىلىنغان ئابدۇساتتار ھامىدىن يازغان «ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ شېئىرلىرى» دېگەن ماقالىدىمۇ «مەرىپەت مارشى» ئۆزگەرتىلىپ، «ئوقۇش پۈتتۈرۈش شېئىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. بۇ نۇسخىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «مەرىپەت مارشى» قىسقارتىۋېتىلگەن ۋە بەزى مىسرالار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. مەسىلەن:

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچۇرمىز،
مىللەتنىڭ باشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭى ئېچىلغان قىپقىزىل گۈلى،
ئىنشائاللا بۇز ۋلماس ياشار، مىڭ ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغان گۈلى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۆز ماقالىسىگە پەقەت كەلپىن

[1] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (20) نىڭ 144 ـ ۋە 145 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

ناھىيىسىدىكى يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇلغان مەكتەپ شېئىرلىرىنىلا كىرگۈزگەن. بۇ توغرىدا ئاپتور مۇنداق يازغان: «يېڭى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جەيلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلپىندىكى مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان بولدى.» شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئابدۇساتتار ھامىدىن ئۆز ماقالىسىگە كىرگۈزگەن ئون سەككىز پارچە مەكتەپ شېئىرىنىڭ ئىچىدىكى «ئويغان ئاداش»، «ئىلىم ئوقۇيلى»، «قوپ قان قېرىنداش»، «قۇتۇلۇش»، «ئىزچىلار شېئىرى»، «تىلىكىم ئوقۇش»، «ئوقۇش پۈتتۈرۈش شېئىرى» دېگەن ماۋزۇلاردا ئېلان قىلىنغان يەتتە پارچە شېئىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى.

قىسقىسى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ناخشا - مارشلىرى ۋە ئۇ يولغا قويغان، مۇئەييەن بىلىم ئاساسى بار ياشلارنى تەشكىللەپ، ئالتە ئايلىق تۈزۈم بىلەن «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئېچىش ئۇسۇلى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا ئەمەس، قەشقەر تەۋەسىدىمۇ ئومۇملاشقان ۋە يولغا قويۇلغان. بىز بۇنى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ئوسمان قاسىم بىلەن غەيرەتجان ئوسمان يازغان «قازىرىق سەنئەت كۇرۇژوكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدىكى مۇنۇ بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

«پەنني ئوقۇتۇش مۇئەللىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى مۇنداق باشلانغان: 1935 - يىل 8 -، 9 - ئايلاردا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئويغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەشكېرەم شۆبىسى بەشكېرەم بەگلىكى تەۋەسىدىكى پەنني، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يېشى چوڭ، دەرستە ياخشى،

ساغلام بالىلاردىن يۈزدىن ئارتۇقراقنى قازىرىق مەكتەپكە يىغىپ، ياتاقلاشتۇرۇپ، كۇرسقا تەشكىللەيدۇ. كۇرسنىڭ ۋاقتى ئىككى ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن. كۇرسنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك ئىشلىرىنى بەشكېرەم شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى غۇلام قادىر ھاجى بېجىرىدۇ. ئۇ كۇرسقا ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى قوزغاپ، قەشقەر ئەتراپىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) مۇئەللىم مۇھەممەتئىمىن خەلپىتىم ۋە تەنتەربىيە، غەزەل ماھىرى ئابدۇناسىر قاتارلىق ئىككىيلەننى ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن».[1]

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۇ قېتىم، بەشكېرەم مائارىپىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، بەشكېرەمگە بېرىش سەپىرىدە يازغان ھەم قىزىقارلىق، ھەم مەزمۇنلۇق ئىككى مىسرا شېئىرى ھازىرغىچە ئاتۇشتا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە.

1935 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرى بەشكېرەم خەلقى ئاتۇش مائارىپ بۆلۈمىگە ۋەكىل چىقىرىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بەشكېرەم قازىرىقتا «مۇئەللىم تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىشقا ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بەشكېرەمدىمۇ يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇپ كېڭەيتىشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇ بەشكېرەمگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. شۇ چاغدا، ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىدا ئابدۇكېرىم دېگەن كىشىنىڭ داڭدار ھەم ياسىداق بىر ئېشىكى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئېشەكنىڭ مېڭىشى بار ئېشەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر مىنىپ سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئادەتتە مىنىپ يۈرۈدىغان ئېتى بولسىمۇ،

---

① «شىنجاڭ سەنئىتى» 1995 - يىللىق 3 - سان 30 - بەت.

بۇ قېتىم بەشكېرەمگە ئاشۇ داڭدار ئېشەك بىلەن بېرىپ، ئېشەكنىڭ مېڭىشىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئابدۇكېرىمگە كىشى ئەۋەتىپ ئېشەكىنى ئۈچ كۈنلۈك بېرىپ تۇرۇشنى سورايدۇ. ئابدۇكېرىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بەشكېرەم مائارىپىغا ياردەم بېرىشكە تەيىنلەنگەن ئىككى ئوقۇتقۇچىنى ۋە ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ بەشكېرەمگە يولغا چىقىدۇ. ئاتۇش بىلەن بەشكېرەمنى ئايرىپ تۇرىدىغان قومال تاغدىن ئۆتۈپ بىر جايغا بارغاندا، ئۇلار كىچىك بىر ئېرىققا دۇچ كېلىدۇ. ھېلىقى داڭدار ئېشەك ئېرىقتىن ئۆتكىلى ئۇنىماي مەمتىلى ئەپەندىنى بەك جىلى قىلىدۇ. ھەمراھلىرىنىڭ ئاتلىرى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى شۇ يەردىلا بۇ داڭدار ئېشەككە مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر توقۇيدۇ:

نە بىلۇر ئىرپاننى كىشىكىم كۆرمەمىش مەكتەپ،
ئالتۇندا كۇلا كىيسە ئېشەك، يەنە مەركەب، يەنە مەركەب.

قىززىق، ھېكمەتلىك مەزمۇنغا باي بۇ شېئىرنى ئاڭلىغان ھەمراھلىرى كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەھمۇت شىجاڭ ئەۋەتكەن مەڭلىك ئىسىملىك مۇھاپىزەتچىسى:
— ئەپەندىم، ئات بەربىر ئات، ئېشەك بەربىر ئېشەك ئىكەن، — دەيدۇ. ھەممەيلەن ھەمدەملىشىپ بۇ ئېشەكنى ئىتتىرىپ يۆرۈپ مىڭ تەستە ئېرىقتىن ئۆتكۈزىدۇ.
مەمتىلى ئەپەندى ھەمراھلىرى بىلەن قازىرىققا يېتىپ كەلگەندە، قازىرىقلىق نۇرغۇن ئامما ئۇلارنى زور داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى ۋە يېڭى مائارىپنىڭ

ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ قەشقەرگە بىرنەچچە قېتىم ئىزچىلىرىنى ئاپىرىپ، شەھەر كوچىلىرىدا ناخشا - مارشلارنى ئوقۇتۇپ، قەشقەر خەلقىدە زور تەسىر قالدۇرغان، قەشقەردىكى پەننىي مەكتەپلەردە مۇسابىقىلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. شۇڭا، ئاتۇشتا ئېلىپ بېرىلغان مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ داڭقى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرى توغرىسىدا قەشقەر خەلقى ھەۋەس بىلەن سۆزلىشىدىغان بولغان.

تەخمىنەن 1935 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، مەمتىلى ئەپەندى مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپىغا مەسئۇل رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرىق نەپەر ئىزچىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىگە «مىللەت باغچىسى» غا ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغان. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى ئالدىغا چىقىپ قىزغىن ھېسسىيات ۋە زور تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن، قىرىق نەپەر ئىزچى نەي، بارابانلارنى ياڭرىتىپ، جەڭگىۋار مارشلارنى ئوقۇپ، يەرنى تىترەتكۈدەك مەش دەسسەپ، شەھەرنىڭ ئاساسلىق رەستىلىرىنى ئايلىنىپ، ھېيتكار جامەسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، مىڭلىغان خەلق ئۇلارغا قاراپ ئىچى - ئىچىدىن ھەۋەسى كېلىپ، ئاپىرىن ئوقۇشقان. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىنى توختاشقا كوماندا بېرىپ، توپلىشىپ تۇرغان خەلقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، بىر مارش ئوقۇشقا بۇيرۇق بەرگەن. ئۆزى بويىنىغا ئېسىۋالغان بارابانى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چېلىپ، پۈتۈن ئىزچىلارغا يېتەكچىلىك

قىلغان. ئىزچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بارابانچىلار بىلەن نەيچىلەر (بۇ قىرىق نەپەر ئىزچىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ماھىر نەيچى قۇربان ئىبراھىم، ئەڭ ماھىر بارابانچى مىرئەھمەت سىيىت ئىدى) مەمتىلى ئەپەندىگە ئەگىشىپ مارش مۇزىكىسىغا چالغان، قىرىق نەپەر ئىزچى بىردەك ماسلىشىپ مارش ئوقۇغان. توپلىشىپ تۇرغان خەلق بۇلار ئوقۇغان مارشنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلانغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارنى نوبېشى مەكتەپكە قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا كەينىچىلەپ مېڭىپ، بارابان چالغان پېتى، ئىزچىلارنى ناخشا توۋلىتىپ، ھېيتكاردىن يۈرۈپ كەتكەن. خەلق ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇلار نوبېشى مەكتىپىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كەتكەن.

نوبېشى مەكتىپى قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپنى 1933 ـ يىلى مەشھۇر تارىخىي شەخس تۆمۈر ئېلى قەشقەرنى ئىگىلىگەندە قۇرغان. ئۇ، نوبېشى كوچىسىدىكى بۇتخانىنى چاقتۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىنى مەكتەپكە ئۆزگەرتكەن. نوبېشى مەكتىپىنى تەسىس قىلىش خىزمىتىگە مەشھۇر تارىخىي شەخس ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يېتەكچىلىك قىلغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ پەننىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى جەلپ قىلىش ئۈچۈن شۇنداقلا قەشقەر خەلقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئەپەندىدىن ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كىرىپ، يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەرغىپ قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان.

تۇرسۇن ئەپەندى «ئىكساق ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ

تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1886 ـ يىلى ئېكساقتا تۇغۇلغان. 1894 ـ يىلى «هۇسەينىيە مەكتىپى» گە كىرىپ ئوقۇغان. 1902 ـ يىلى باھاۋۇدۇنباي تەرىپىدىن تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1905 ـ يىلى ئىستانبولدىكى قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىدا، «سۇلتانەم» نامىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا بەش يىل ئوقۇغان. ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەمدە شۇ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسىغا قاتنىشىپ ماھىر پۇتبولچى بولۇپ قالغان.

تۇرسۇن ئەپەندى 1909 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، «هۇسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۆزىنى ئۆتمەي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ «هۇسەينىيە مەكتىپى» گە مۇدىرلىق قىلغان يىللاردا، مەكتەپنىڭ سىنىپ ۋە ئوقۇغۇچى سانى كۆپەيگەن، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆسكەن. بولۇپمۇ، ئۇ، ئومۇملاشتۇرغان پۇتبول ھەرىكىتى مىسلىسىز جانلانغان. بۇ مەكتەپ شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يېڭىچە، مۇكەممەل مەكتەپ بولۇپ قالغان.

1927 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، قىرىق بىر ياشلىق تۇرسۇن ئەپەندى ئېكساق پۇتبول كوماندىسىنى باشلاپ، قەشقەر سەمەندىكى ھوشۇر ھاجىمنىڭ بېدىلىكىدە، ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى ئىنگلىز ۋە شۋېتلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم مۇسابىقىگە چۈشكەن. بۇ ئاجايىپ مۇسابىقىنى ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاممە كۆرگەن. ئېكساق پۇتبول كوماندىسى مۇنەۋۋەر يېتەكچى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناپ، ئىنگلىزلارنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شۋېتلارنى نولگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يەڭگەن. مۇسابىقىنى كۆرۈپ تۇرغان ئون مىڭلىغان

خەلق ئېكساق پۇتبول كوماندىسىغا ئۇزاققىچە ئالقىش ياغدۇرغان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ داڭقى پۇتكۇل تارىم ۋادىسىغا پۇر كەتكەن.

ئېكساق «ھۇسەينىيە مەكتىپى»نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى يىگىرمە ئىككى يىل ئۆتەپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىغا جۇملىدىن «ھۇسەينىيە مەكتىپى»نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۇ مۇنەۋۋەر مائارىپچى 1933 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئېكساق «ھۇسەينىيە مەكتىپى»نىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر تەشۋىقات - تەرغىبات قوشۇنى تەشكىللەپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچا - رەستىلىرىدە بىرنەچچە كۈن مەش دەسسىتىپ، ناخشا ئېيتقۇزۇپ، گىمناستىكا ئوينىتىپ، يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى تەشۋىق قىلغان. كىيىم - كېچىكى رەتلىك، يۇرۇش - تۇرۇشى تەرتىپلىك بۇ ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەن قەشقەر خەلقى يېڭىچە پەننىي مەكتەپكە ھەۋەس قىلىشقان. بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى نوبېشى مەكتىپىگە كېلىپ ئوقۇشقا تىزىملاتقان. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يەتتە سىنىپقا بۆلگەن. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەچكە، ئېكساق مەكتەپتىن تۇرسۇن ئەپەندى، پەخرىدىن خەلپەت، غوپۇر ئەپەندى قاتارلىق ئونغا يېقىن ئوقۇتقۇچى ياردەمگە كەلگەن. تۇرسۇن ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئەنۋەر ئەپەندىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۇسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سودا ساھەسىدە باش كۆتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭ چىقارغان ئىنىسى ئوبۇلھەسەن ھاجىنى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلغان، ئۆزى مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

تۇرسۇن ئەپەندى 1934 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قوناق بازىرى قاتارلىق مەھەللىلىرىدە ئېچىلىشقا باشلىغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرگە ئېكساقتىن يىگىرمە ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ياردەمگە ئەكەلگەن.

1935 ـ يىلى، قەشقەر كونىشەھەر ئوردا ئىشىكىدە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن (ئادەتتىكى سىفەن مەكتىپى) قۇرۇلغان. تۇركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھېسامىدىن ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى بولغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەپەندى ئاكتىپلىق بىلەن ئابدۇزايىر داموللام، ئىسلام ئاخۇن داموللام، مەمتىلى ئىمىنوپ قاتارلىق تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى باشلاپ، بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

بارلىقىنى مىللىي مائارىپنى گۇللەندۇرۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ يارامىلىق مائارىپچى 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر تۇرمىسىدە ئۆلتۇرۇلگەن.

قەشقەر نوبېشى مەكتىپىگە 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرغۇنجان بايۋەتچە بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇركىيىدىن بىللە كەلگەن دوستى مەجىددىن ئەپەندىلەر يېتەكچىلىك قىلغان. تۇرغۇنجان بايۋەتچە مەكتەپ مۇدىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، نوبېشى مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىغا ھۆسن خەت بىلەن چىرايلىق قىلىپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويغان:

كەلسىڭىز مەكتەپنى كۆرمەككە ئېزىز مېھمانلار،
بى ئىجازەت كىرمىڭىز، ئەي ساھىبى ۋىجدانلار.
چۇنكى ئىستىقبالىڭىزدىن بىخەۋەر قالساق ئەگەر،
قالغۇسىدۇر سىنەمىزدە نەچچە خىل ئارمانلار.

قەشقەر نوبېشى مەكتىپى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ مۇنتىزىملاشقان ۋە راۋاجلانغان يېڭى مەكتەپكە ئايلانغان. شۇڭا، مەمتىلى ئەپەندىمۇ «مىللەت باغچىسى» نىڭ ئۇل قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن قىرىق نەپەر ئىزچىنى نوبېشى مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلار شۇ كۈنى نوبېشى مەكتىپىدە قونۇپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، قەشقەر شەھەر يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى بىر هاۋالىق، كۆركەم باغچا ئىچىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ) باشلىق رەھبەرلەر، قەشقەر مائارىپىنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، مەجىددىن ئەپەندى، ماھمۇد نەدىم، ئەھمەد پەرد ئابباس ۋە قەشقەرنىڭ سانايىنەپىسە مۇدىرى نامان ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر شۇنداقلا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرى ھەيۋەتلىك مارش سادالىرى بىلەن باغچىغا كىرىپ كەلگەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالغان.

قارشى ئېلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن. زىياپەتتىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى قاتار تىزىلىپ تۇرغان. «مىللەت باغچىسى» غا ئۇل بېسىش ئالدىدا، مەھمۇت مۇھىتى هاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن ئۇل قويۇپ بەرگەن. ئارقىدىن باشقا رەھبەرلەر، ئۇستازلار، ئىزچىلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇل بېسىشقا قاتناشقان. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تەرتىپنى ساقلىغان.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ باش بولۇشى بىلەن ئۇل قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى سەھنىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ نۇتۇق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىنتايىن ئۆتكۈر

پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق چوڭ ـ كىچىكلەرنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەن. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «سىز ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ۋەتەن بالىسى، كەم ئۇچرايدىغان ۋىجدان ئىگىسى، ئوت يۈرەك يىگىت، ئۆتكۈر پىكىرلىك ناتىق، بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئىشلەڭ!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندىدىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سۆزگە چىقىپ، ئىتتىپاقلىششىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆز قىلغان. كېيىن ئەھمەد پەرد ئاباس ئەپەندى سۆزگە چىققان. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈنكى «مىللەت باغچىسى»غا ئۇل بېسىش مۇراسىمى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا، قەشقەر سانايى نەپىسەنىڭ مۇدىرى نامان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى سەنئەتچىلەر ئويۇن نومۇرلىرىنى كۆرسەتكەن.

بارلىق پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىنى باشلاپ نوبېشى مەكتىپىگە قايتىشقا جۇنەۋاتقاندا، خالايىق ئاتۇش ئىزچىلىرىنىڭ بىر ناخشا ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى دەرھال سەپراس بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان بىر ناخشىنى ھەيۋەت بىلەن ئوقۇغان. مەمتىلى ئەپەندى ئالدىغا چىقىپ دىرىژورلۇق قىلغان:

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،

قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.

يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۇچۇن،
شانۇ شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

قۇربان جاپپار ئىسىملىك ئىزچى يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى بولغانلىقى ئۈچۈن «چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان» دېگەن مىسرانى ئەۋجىگە چىقىرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتقاندىن كېيىن، مىرئەھمەت سېيىت، ئابدۇلۋارىس، سەلەي مەھمۇدى قاتارلىق ئىزچىلار ئاخىرقى مىسرانى ئوقۇپ تاماملىغان. ئىزچىلارنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېيتقان بۇ ناخشىسى پۈتۈن باغچىنى بىر ئالغان. باغچا ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر توپلىشىپ كېلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان.

ناخشىنى ئاڭلىغان بارلىق كىشىلەر ئۇلارغا چىن يۈرىكىدىن ئالقىش ياغدۇرغان.

«مىللەت باغچىسى»غا ئۇل بېسىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كەچلىك ئويۇندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى نەي - بارابانلىرىنى ياڭرىتىپ، مەمتىلى ئەپەندى

ئىجاد قىلغان «ئىرپان كۈنلىرى» ناملىق ناخشىنى جاراڭلىق ئوقۇپ، چۈشكەن جايى — نوبېشى مەكتىپىگە قاراپ يول ئالغان. ئۇلارنىڭ ناخشىسى قەشقەر ئاسمىنىنى لەرزىگە سالغان:

تۇغدى بۇ يۇرتتا ئىرپان كۈنلىرى،
يۈتتى نادانلىق، زۇلمەت تۈنلىرى.
سايرا ۋەتەننىڭ شوخ بۇلبۇللىرى،
ئېچىلدى ساڭا ئىلىم يوللىرى.

يېمىرىلمەكتە دەۋرى ئىستىبدات،
خۇراپاتلىقتىن بولغىن سەن ئازاد.
بىلگىن غەنىيمەت ئالتۇن چاغلارنى،
قىل ئىرپان بىلەن يۇرتۇڭنى ئاۋات.

ئەتىسى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى شەھەر ئىچىدە ئېچىلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارغا ئاستىن ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار غەلىبە بىلەن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

مەمتىلى ئەپەندى 1936 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئاتۇشتىن يەنە بىر قېتىم ئىزچىلارنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ بارغان.

مەمتىلى ئەپەندى نامدا «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىنى خاتىرىلەش، ئەمەلىيەتتە يېڭى مائارىپنىڭ تەنتەنىسىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرامغا ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەردىن

تاللانغان سەككىز يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنى بىر مەزگىل قاتتىق تەربىيىلىگەن.

مەمتىلى ئەپەندى 11 - ئاپرېل كۈنى بۇ سەككىز يۈزنەپەر ئۆسمۈرنى باشلاپ قەشقەرگە قاراپ ماڭغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىنچىلىرى بۇ سەككىز يۈز كىشىلىك قوشۇننىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا ۋە ئۇلارنى قوغداپ مېڭىشقا بەلگىلەنگەن.

بىر خىل پاسوندا بايراملىق كىيىم كىيگەن بۇ سەككىز يۈز نەپەر ئوقۇغۇچى يول بويى ھۆرلۈك - ئازادلىقنى، ئىلىم - مەرىپەتنى، ۋەتەن ۋە خەلقنى كۈيلەيدىغان ناخشا - مارشلارنى ئوقۇپ، زور داغدۇغا بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن.

مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى يۈزدەك جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتۇشتىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالغىلى چىققان. بىر قىسىم رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىنچىلىرىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان بولۇپ، ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى باشلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن.

قەشقەر ئىنچىلىرى ئاتۇشتىن كەلگەن ئىنچىلار شەرىپىگە بېغىشلاپ ئىشلىگەن «خۇش كېلىپسىز» دېگەن قارشى ئېلىش ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، قارشى ئېلىش پائالىيىتىنى ئەۋجىگە چىقارغان:

ئىنچى، ئىنچى ئەي، مېھمانلارىمىز،
خۇش كېلىپسىز شەھرىمىزگە.
بىرگەلىشىپ ئىشلىشۇرمىز،
خەلقىمىزگە، ئەھلىمىزگە.
بىز يېتىشتۇق، يېتىشتۇق ھۆرىيەتكە،
ئىتتىپاقا، ئىقبالغا، سائادەتكە.

ئىرپان بىلەن گۈللەپ بۇ دىيارنى،
يېتىشەرمىز پاراغەتكە، ھالاۋەتكە.[1]

ئاتۇشتىن كەلگەن ئىزچىلار مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن، ئۇزاق يول مېڭىپ ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماستىن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن جاراڭلىق مارش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، كوچا - رەستىلەرنى لەرزىگە سېلىپ، «بايرام تەييارلىق ھەيئىتى» بەلگىلىگەن ئورۇنلارغا بېرىپ ياتاقلاشقان. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئىنتىزامنى قاتتىق ساقلاپ، ياخشى ئارام ئېلىپ، ئەتىسى بولىدىغان «12 - ئاپرېل» بايرىمىنى يۇكسەك مىللىي كەيپىيات بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلغان.

12 - ئاپرېل كۈنى تاڭ سەھەردە، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئادىتى بويىچە گىمناستىكا ئويۇنىغاندىن كېيىن، غىزالىنىپ، بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان مەيدانغا مېڭىشنى كۈتۈپ تۇرغان. بىرلا پۇشتەك چېلىنىشى بىلەن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار سەپكە تىزىلغان. يەنە بىرلا كوماندا بىلەن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار نەي - بارابانلىرىنى ياڭرىتىپ، قىزىل مەيدانغا قاراپ ئاتلانغان. «12 - ئاپرېل» بايرىمى قەشقەر شەھىرىدىن يېڭىشەھەرگە چىقىدىغان يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، رەستە - رەستىلەردە دولقۇنلاپ ئېقىپ،

---

[1] بۇ شېئىر ئەسلى بەش - ئالتە كۇپلېتچە بار ئىدى. ئېسىمدە يوقىرىقى شۇ ئىككى كۇپلېتىلا ساقلىنىپ قاپتۇ — مىرئەھمەت سېيىت.

گويا ئەزىم دەريادەك قىزىل مەيدانغا قاراپ ئاققان. ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش ۋە قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردىن كەلگەن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار بەس ـ بەس بىلەن ناخشا ئوقۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە پەيدا قىلغان. مەمتىلى ئەپەندى ھەر يۈز ئوقۇغۇچى ئارىلىقىغا ئىككىدىن بارابانچــــى ئورۇنلاشتۇرغان. ئوقۇغۇچىلار بارابان ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ تەكشى قەدەم تاشلاپ، خۇددى مۇنتىزىم ھەربىيلەردەك ماڭغان. ئۇچىسىغا بەقىــسەم تون، بېشىغا قەشقەرنىڭ بادام دوپپىسىنى كىيگەن، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، پەرىشتىدەك پاكىز مويسىپىتلەر، ئۇچىسىغا خاڭدەن ئاۋاردا ئۆزۈن ۋە كالتە نىمچە كىيگەن، يۈزىگە چۈمبەل تارتــــىپ، ئاق پەرەنجــــگە ئورۇنۇۋالغان ئاياللار ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئېلىشىپ، كۆركەم زىننەتلەنگەن مەپە ـ ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، رەت ـ رەت سەپ بولۇپ، جاراڭلىق ناخشا ـ مارشلارنــى ئوقۇپ، نەي ـ بارابانلارنــى ياڭرىتىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىــلارغا قاراپ زوقلانغــان، مەھمــۇت مۇھىتىنىــــڭ «ئاچىل ـ ئاچىل گۈل ئاچىل» دېگەن جەڭ ناخشىسىنى ئوقۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ـ پىيادە مىللىي قىسىم جەڭچىلىرىگە قاراپ، چەكسىز ئىپتىخارلانغان. تارىخنىڭ تۈگىمەس قىسمەتلىرىدە تالاي قېتىم تاسقىلىپ خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەن، كۆرمىگەن كۈنلىرى قالمىغان بۇ خەلق كۆز ئالدىدىكى جانلانغان بۇ مەنزىرىگە قاراپ، «خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرســـــى بولمايدۇ» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

ھەممەيلەن جاي ـ جايىغــا بېرىــپ، ئــولتــۇرىــدىغــانلار ئولتۇرۇشۇپ، ئۆرە تۇرىدىغانلار ئۆرە تۇرۇشــۇپ، رەڭگــارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ تۇرغان بايرام مۇنبىرىگە قاراپ تۇرۇشقان. يىغىن باشقۇرغۇچى كاناي بىلەن بايرام مۇنبىــــرىدىن ئورۇن

ئالدىغانلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى، مائارىپ رەھبەرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى ئون مىڭلىغان ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە بايرام مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان.

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپىنى ئېلان قىلغان. مەھمۇت مۇھىتى ئاممىنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە سۆزگە چىققان. ئۇنىڭ سۆزى ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقارغان.

«ياشىسۇن قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ شانلىق غەلىبىسى!»، «ياشىسۇن باتۇر، كۈرەشچان خەلقىمىز!»، «ياشىسۇن ۋە پارلانسۇن يېڭىچە مائارىپ ـ مەكتەپلىرىمىز!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار پۈتۈن مەيداننى قاپلىغان.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىنىنىڭ كۈن ـ تەرتىپى بويىچە، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى سۆزگە چىققان. ئاتۇش ئىزچى — ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىلى ئابدۇلۋارىس بايرام مۇنبىرىگە چىقىپ، مەمتىلى ئەپەندى يېزىپ ئۆگەتكەن مۇنۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغان:

ئۆزۈم كىچىك، سۆزۈم چۈچۈك،
مەن بىر ئېچىلغان نازۇك چېچەك.
ئوقۇمىغانلار پۈچەك ـ پۈچەك،
ئۇنىڭ ئوتى دائىم ئۆچەك.
مەن بىر كىچىك ئۇيغۇر ئوغلىمەن،

بەك توغرا مەن، بەك توغرا مەن.
مەكتەپلىكمەن يۈزۈم پارلاق،
ئەخلاقسىزلىق مەندىن يىراق.

باللار تىلى بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرنى ئابدۇلۋارىس ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇغان. نەتىجىدە پۈتكۈل ئاممە ھاياجانغا چۆمگەن. مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇلۋارىسنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بارىكاللا ئوغلۇم! بارىكاللا ئوغلۇم!» دەپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغان.

ۋەكىللەرنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىننىڭ كۈن تەرتىپى بويىچە، تۇنجى قېتىم مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە مىللىي قىسمى ھەيۋەت بىلەن بايرام مۇنبىرىدىكى رەھبەرلەرگە ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، باتۇرانە قەدەم تاشلاپ پاراتتىن ئۆتكەندە، پۈتۈن مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن قاينام ـ تاشقىنلىق ۋە ئىپتىخارلىققا چۆمگەن. ئارقىدىن قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى ۋە نوبېشى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پاراتتىن ئۆتۈپ، ئايلىنىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، «ياشىسۇن ئۇلۇغ دوستلۇق، ياشىسۇن يېڭىچە مائارىپ» دېگەن شوئارنى ئاجايىپ كۆركەم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. يەنە ھەر خىل گىمناستىكا شەكىللىرىنى ئورۇندىغاندا، پۈتۈن جامائەت ئۆزلۈكسىز ئالقىش ياغدۇرغان. نۆۋەت ئاتۇش ئىزچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا كەلگەندە، بۇلارمۇ «ياشىسۇن ئىنقىلاب»، «ياشىسۇن ئەركىنلىك» دېگەن شوئارلارنى شەكىل ئارقىلىق چاقماق تېزلىكىدە ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلغان. گىمناستىكا ماھارىتىنى كۆرسەتكەندە، ئۇلار يېڭىچە، ئىجادىي گىمناستىكىلارنى ئورۇندىغان. مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى

ۋە سەككىز يۈز نەپەر ئوقۇغۇچى مەمتىلى ئەپەندى ئۆگەتكەن «مۇبارەك ۋەتەن» ناملىق مارشنى تەكشى ۋە جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇغاندا، ئالقىش سادالىرى پەلەكنى قاپلىغان. خەلق زور تەنتەنە بىلەن بۇ يېڭى ئۆسمۈر ئەزىمەتلەرگە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئاخىرىدا، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىن كەلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەت بويىچە ئۆزلىرى تەييارلىغان نومۇرلارنى كۆرسەتكەن. پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بايرام ئىشتىراكچىلىرى رەتلىك ۋە تەرتىپلىك ھالدا بارابانلىرىنى چېلىشىپ، ئىنقىلابىي مارشلارنى ئوقۇشۇپ، كەلگەن جايلىرىغا قايتىشقان. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمكى «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى ئىنتايىن جانلىق كەيپىيات بىلەن مول مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈلگەن. بايرام جەريانىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى ۋە تاللاپ تەشكىللەنگەن سەككىز يۈز ئۆسمۈر ئۆزلىرىنىڭ كارامىتىنى تولۇق نامايان قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۆھرىتى ۋە ئۇ قوزغىغان مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى ئاشقان ۋە كېڭەيگەن. 1936 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى مەجىددىن ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا ئاستىن ئاتۇشقا زىيارەتكە، ئۆگىنىشكە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا كەلگەن. ئۇلار، قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ، پىيادە يول يۈرۈپ، ئاتۇشنىڭ مېيى يېزىسىغا كېلىپ چۈشكەن. بۇ ئېزىز مېھمانلارنى مېيى خەلقى، مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار، تەرەققىيپەرۋەر يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالاھىدە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان. مېھمانلار شەرىپىگە مەخسۇس سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇلار ئابدۇراخمان

شائىر باشقۇرۇۋاتقان مېيى باشلانغۇچ مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىرداشقان. قەشقەر ئىنچىلىرىنىڭ ئۇستازى مەجىددىن ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەپ، ئابدۇراخمان شائىر باشقۇرۇۋاتقان مېيى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئالاھىدە تەرىپلەپ ماختىغان. ئابدۇراخمان شائىرغا، مۇئەللىملەرگە، مەكتەپلەرنى قوللىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا ۋە ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىغا ئاپىرىن ئوقۇغان. ئابدۇراخمان شائىر شۇ يەردىلا مەجىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىنچىلىرىغا: «بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستازىمىز مەمتىلى ئەپەندىگە تەئەللۇق، بىز ئۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز» دەپ، مەمتىلى ئەپەندىگە ئاتاپ يازغان مۇنۇ غەزىلىنى ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

بۈگۈن يۇرتقا يېتىپ خوشلۇق يېڭىچە يول بىلەن ماڭدۇق،
كېلىپ ھۆرلۈك بۇ مىللەتكە گويا چولپان كەبى ياندۇق.

مۇبارەكلەپ ئانا خەلقىم ئاپىرىن ئېيتتى بۇ دەۋرانغا،
مائارىپ، ئەل ئاقارتىش يولىدا كۆلگەن شۇ ئارمانغا.

ساۋاتسىزلىق بالاسىدىن قۇتۇلماق بىزگە قەرز بولدى،
جىمىكى ئەر - ئايالغا ئۆگىنىش ھەر جايدا پەرز بولدى.

ئاجايىپ بىر ماھارەت ساھىبى — تەۋپىق چىقىپ شۇدەم.
قىلىپ تەشۋىقى تەرغىبات خەلققە بولدىلەر ھەمدەم.

يىگىرمە تۆت ئورۇنغا سالدى يېڭى پەننىي مەكتەپلەر،

ئايا، چاقماق كەبى تېز بولدى ھەرىكەت، تاپتى بەرىكەتلەر.

«مۇئەللىم، بىز[1] » دېگەن مارشنى ئوقۇشتۇق ھەممىمىز ياڭراق،
بولۇپ خۇرسەن جېمى خەلق ئالدى قوينىغا بولۇپ ئامراق.

مۇئەللىم بوپ تارالدۇق بەلگىلەنگەن كەنتلىنى بويلاپ،
قىلىپ مەسئۇل بېكىتتى ھەر ئورۇنغا ياخشىدىن تاللاپ.

كى مەنمۇ بەلگىلەندىم مېيى مەكتەپكە بولۇپ مەسئۇل،
سۆيۈندى ئابدۇراخمانمۇ بۇ تەقسىمنى كۆرۈپ مەقبۇل.

مەجىددىن ئەپەندى باشلىق قەشقەر ئىزچىلىرى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ بۇ غەزىلىنى ئاڭلاپ، قىزغىن ئالقىش ياغدۇرغان. مەجىددىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۆركىيىدىكى تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، «مەمتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئوغلى، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق تەۋپىق» دەپ، مەمتىلى ئەپەندىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ماختىغان.

ئەتىسى ئەتىگەندە، قەشقەر ئىزچىلىرى مەشھەدگە قاراپ يولغا چىققان. مەمتىلى ئەپەندى قىرىق نەپەر ئىزچىسىنى تەشكىللەپ، مەجىددىن ئەپەندىنى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بەش - ئون كىلومېتىردەك يەرگە ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان. ئاتۇش ئىزچىلىرى نەي - بارابانلارنى ياڭرىتىپ، ناخشا - مارشلارنى ئوقۇپ، قەشقەر ئىزچىلىرىنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغان. مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مەجىددىن

[1] «مۇئەللىم، بىز» — مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «مەرىپەت مارشى» نىڭ يەنە بىر خىل ماۋزۇسى.

ئەپەندى يانمۇ يان مېڭىپ، ئۆز ئىزچىلىرىنى باشلاپ، مەشھەد بازىرىغا كىرىپ كەلگەندە، نەچچە مىڭلىغان ئامما يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا ئەڭ سەمىمىي قىرىنداشلىق ھېسسىياتى بىلەن ئالقىش ياغدۇرغان. ئاتۇش خەلقىنىڭ بۇنچە زور قىزغىنلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن مەجىددىن ئەپەندى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئاممىغا ئېھتىرام بىلدۇرۇپ ماڭغان. ئاتۇش خەلقى زىلۋا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا قاشلىق، قاڭشالىق كەلگەن، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇ خۇشچىراي ئەپەندىگە قاراپ توختىماي چاۋاك چالغان. ئاتۇش ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەر ئىزچىلىرى قول تۇتۇشۇپ، روھلۇق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، بۇ تارىخىي مەنزىرىنى ئۇنتۇلماس مەزمۇنغا ئىگە قىلغان. تەسىرلەنگەن مەجىددىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ قىزغىنلىقى، ئىزچىلىرىمىزنىڭ بۇ دوستلۇقى دەل بىزنىڭ غايىمىز ۋە نىشانىمىز. بۇ بىز ئۈچۈن شەرەپ ۋە غەلىبە!» دېگەن.

ئاتۇش ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەر ئىزچىلىرى شۇ ماڭغان پېتى مەشھەد بازىرىنىڭ چوڭ كوچىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاتۇش مائارىپ بۆلۈمى ئورۇنلاشقان جايغا يېتىپ كەلگەن. ھاردۇق يەتكەن قەشقەر ئىزچىلىرى مائارىپ بۆلۈمى جايلاشقان ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈپسۈزۈك سۇغا پۇتلىرىنى چىلىشىپ ئولتۇرۇپ ھاردۇق چىقىرىشقان. كۇتۇۋالغۇچىلار بازاردىن يېڭى پىشقان ئۆرۈكلەرنى ئېلىپ كېلىشكەن، ئارقىدىن ئاتۇشنىڭ قاتلىما نېنىدا چاي تارتىشقان. مەمتىلى ئەپەندى: «مېھمانلار ئۇزاق يولنى بېسىپ ھېرىپ - چارچىدى، شۇڭا، بىر - ئىككى سائەت ئۇخلاپ ئارام ئالسۇن» دەپ تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ئىزچىلىرى ناماز ئەسىر بولغىچە ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقان. ئۇلار ئويقۇدىن

ئويغىنىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ ھويلا سىرتىغا چىقىشىپ، توپ - توپ بولۇپ تۇرغاچ، بازاردىن يانغان كىشىلەرنى تاماشا قىلىشقان. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر «ئاشىق راخمان» پەيدا بولۇپ، ئىزچىلارغا چاس بېرىپ، بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن. قەشقەر ئىزچىلىرى بۇ ئادەمگە قاراپ ھەيران قېلىشقان. شەپكە كىيگەن، سېرىق ساقال بۇ ئاشىققا كۆزى چۈشكەن مەجىددىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىدىن: «بۇ كىم؟» دەپ سورىغان. مەمتىلى ئەپەندى راخماننىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ كىشى مۇشۇ بىز تۇرغان مەھەللىدىن بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئادەمنى ئاشىق راخمان دېيىشىدۇ. ئۆزى ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھەييارلىق قىلىشقا ئامراق ئادەم. مەن ئاتۇشقا كەلگەندىن بۇيان ماڭا ھەمراھ بولۇپ، قەيەرگە بارسام بىللە بارىدۇ. ئىزچىلاردىن ئايرىلمايدۇ. بىز بۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە بېرىپ، ھەرگىزمۇ قوپال مۇئامىلە قىلمىدۇق، بىز نېمە يېسەك، ئۇمۇ شۇنى يەيدۇ، ئىزچىلار كىيىمىدىن بىر قۇر بەردۇق. ئۇ بىزنى سۆيگەنلىكتىن بىزمۇ ئۇنى سۆيدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن. مەجىددىن ئەپەندى «ئاشىق راخمان»غا قاراپ، ئۇنى بىردەم گەپكە سالغان. ئاڭغىچە كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغان. مېھمانلار زىياپەت سورۇنىغا كىرىپ، تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇشۇپ، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئاتۇش چۆپى بىلەن غىزالانغان.

ئەتىسى، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرىنى كۇتۇۋېلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاتۇشتىكى پارلاق نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش دوكلاتى بەرگەن. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى قۇمۇل

دېھقانلىرى ھەرىكىتىنىڭ شانلىق غەلىبىسىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى نەتىجە، بىز مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى جانابلىرى ۋە كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، بۇنداق ئۆلكە خاراكتېرلىك چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتالىدۇق. بىزنىڭ زامانىۋى يېڭى مائارىپىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە كۈرەشچان مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇڭا، بىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغىچە كېڭەيتىپ، پۈتۈن ئۆلكە خاراكتېرلىك، داغدۇغىلىق خەلقنى ئويغىتىش ۋە قوزغىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ — مۇقەددەس ۋەزىپە، شۇنداقلا مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرەپلىك بۇرچى...» دەپ سۆزىنى تۈگەتكەن. ئارقىدىنلا مەجىددىن ئەپەندى سۆزگە چىقىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھاياجان بىلەن تەۋسىيە نۇتقى سۆزلىگەن. ئۇ سۆزىدە ئاتۇش مائارىپىغا يۈكسەك باھا بەرگەن. ئاندىن يېڭى مائارىپنى ئاتۇش، قەشقەردىلا يولغا قويۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭەيتىش ئۈچۈن، داغدۇغىلىق تەشۋىقات ۋە تەرغىبات خىزمىتىنى قوزغاپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ توغرۇلۇق چوڭقۇر قايغۇرۇشىمىز، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، خەلقىمىزنى زامانىۋى پەننىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، نادانلىق، جاھىللىق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مىللەتنى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇشقا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم، دەپ سۆزىنى

ئاخىرلاشتۇرغان.

شۇ كۈندىن باشلاپ، مەشھەدتىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى قەشقەر ئىزچىلىرىنى ئېزىز مېھمان قاتارىدا ئايرىم - ئايرىم تەكلىپ قىلىشىپ قوندۇرۇشقان. قەشقەر ئىزچىلىرى مەشھەد، تۆكۆل، تېجەن، سۇنتاغ، تەختىيۇن، بۇيامەت قاتارلىق يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقان. ئالتىنچى كۈنى، مەمتىلى ئەپەندى مەجىددىن ئەپەندى باشلىق قەشقەر ئىزچىلىرىنى ئاتۇش ئىزچىلىرى بىلەن بىللە ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان مەشھۇر سەيلىگاھ — جاي پەچچىمگە ۋە تەڭگەتارغا ساياھەتكە ئېلىپ چىققان.

جاي پەچچىم بىلەن تەڭگەتار ئاغۇ تاغلىرىغا جايلاشقان مەنزىرىلىك، ھاۋالىق جاي. تەڭگەتارنىڭ ئېقىنى ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئېقىن تاغنىڭ ئىچىدىن تىك قىيانىڭ قاپ بېلىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئالاھىدە مەنزىرىسى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. جاي پەچچىم بولسا ئاجايىپ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى، گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ ماكانى ۋە ئەقىدە - ئېتىقادنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى بار سەيلىگاھ بولۇپ قالغان.

«جاي پەچچىم» ئاتۇشنىڭ مەركىزىي بازىرى مەشھەدتىن ھېسابلىغاندا، قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئاتۇشلۇقلار بۇ مۇقەددەس جاينى «جاي پەچچىم»، [1] «جاي پاشايىم»، «جاي ئاتام»، «جاي پاشا» دەپ ھەرخىل ئاتىشىدۇ. بۇ جاينىڭ «جاي پاشايىم»، «جاي پاشا»

---

[1] پەچچىم دېگەن سۆز پارس تىلىدا «ئاتام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دەپ ئاتىلىشى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ بۈيۈك سۇلتانى — سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشتەك قانۇنىي ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، تاغىسى ئوغۇلچاق بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە، قاراخانىلارغا قوشنا بولغان سامانىلار دۆلىتىنىڭ تەخت ۋارىسى ئەبۇ ناسىر سامانى ئۇردا كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ، قاراخانىلاردىن پاناھلىق تىلەپ كېلىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خاقانى ئوغۇلچاق ئۇنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئەبۇناسىر سامانى بىلەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى «تەقدىرداش» تەخت ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ. ئەبۇ ناسىر سامانى دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك، بىلىمى مول، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىرگە، يىراقنى كۆرەر، ئالىم سۈپەت كىشى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇن ئالتە ياشلىق سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ. ساتۇق بۇغراخان ئۇنى «ئۇستاز» ئورنىدا كۆرىدۇ. نەتىجىدە، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەبۇ ناسىر ساماننىڭ دەۋىتى بىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى، شۇنداقلا بۇ دىننى كەلگۈسىدە قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىنى قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ.

مىلادى 932 - يىلى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان جەڭگىۋار يىگىتلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۇستازى ئەبۇناسىر ساماننى ئېلىپ، ئوۋ قىلىش باھانىسىدا، ئاغۇ تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، كېيىن «جاي پەچچىم» دەپ ئاتالغان بۇ جىلغىغا چىقىدۇ. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بۇ يەردە جەڭگىۋار ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇستازى ئەبۇناسىر ساماننىڭ

يېتەكلىشى بىلەن ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى ئەزان ئاۋازى مانا مۇشۇ جىلغىدا ياڭرايدۇ.

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەل مۇشۇ يەردە مەخپىي مەشق ئېلىپ بېرىپ، سەلتەنەت تەختىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. «جاي پەچچىم»نى ھەربىي بازا قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان پۇختا تەييارلىق ئارقىلىق، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مەلۇم بىر كېچىسى جەڭگىۋار دوستلىرى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەختىدە سۇلتان بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلاملىشىش دەۋرى باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر تارىخىدىكى مانا مۇشۇنداق زور تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىدى بولغان جاي پەچچىم «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ، مۇسۇلمانلار يىراقلاردىن بۇ يەرگە تاۋاپقا كېلىپ تۇرىدىغان»① مۇقەددەس سەيلىگاھقا ئايلىنىدۇ.

جاي پەچچىمدە يەنە تەبىئەتنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ جاي پەچچىمنىڭ داڭقىنى ھەممە يەرگە تارقاتقان.

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەرنىڭ ئىزچىلىرىنى ۋە ئۆز ئىزچىلىرىنى مانا مۇشۇ مەشھۇر سەيلىگاھقا ئېلىپ چىققانىدى. جاي پەچچىم ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغان قىرغىزلار بىلەن جاي پەچچىمنىڭ شەيخلىرى بۇ ئېزىز مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى سەيلە ئىزچىلارنى قالتىس خۇشال

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 4 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

قىلىدىغان بولدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىسى، زامانىمىزدىكى مۇزىكا پېشۋاسى كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، جاي پەچچىمنى سەيلە قىلىش جەريانىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر ئىزچىسى شوخلۇق قىلىپ، جىلغىنى ئۇراپ تۇرغان تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ چۇشەلمەي تۇرۇپ قالغان. ئۇ ئىزچى كۈننىڭ پاتاي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشەلىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، يېنىدىكى بايراق بىلەن بەلگە بېرىپ، بايراق تىلى ئارقىلىق «مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ساق - سالامەت پەسكە چۈشۈرۈۋالغان.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى باشلاپ ماڭغان بۇ ئىزچىلار قايتىش سەپىرىدە ئاغۇ يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ، ئاغۇدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئاغۇ خەلقىگە يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىدۇ، بۇ ئىزچىلار ئاغۇنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كومېدىيىلەرنى ئورۇنداپ، كىشىلەرگە جانلىق تەشۋىقى تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئاغۇ يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇۋاتقان ئابلىز قارى (1910 - 1987) بىلەن ئەيسا ياسىنغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ.

ئابلىز قارى ئەپەندى بىلەن ئەيسا ياسىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندى ئوڭئېرىقتا ئاچقان «مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتى ئاغۇدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەمتىلى ئەپەندى ياققان مەرىپەت مەشئىلىنىڭ نۇرانە يالقۇنى تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بۇ تارىخىي يۇرتنى يورۇتۇشقا باشلىغان. بۇ نۇرانە يالقۇننى

ئۆچۈرۈپ قويماي، ئەكسىنچە ئۇزلۇكسىز ئۇلغايتىشتا ئابلىز قارى ئەپەندى بىلەن ئەيسا ياسىن ئەپەندى ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى ئىزچىلىرىنى باشلاپ ئاغۇدىن ئايرىلىپ، جەڭگىۋار ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئاتۇشقا كىرگەندىن كېيىن، سۇنتاغلىق يۇسۇپ ئاخۇن بايۋەتچە، مەشھەدلىك مامۇت ئاخۇنباي، ئىسمائىل ھاجى، بۇيامەتلىك ئابدۇراخمان ھاجى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر بايلار بىلەن ئاتۇشنىڭ بېگى ئابباس چوڭ[1] قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، قەشقەر ئىزچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشقان.

مەجىددىن ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنىڭ قايتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئاتۇش ئىزچىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىشقان. بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئىككى تەرەپ ئىزچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان.

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىزچىلىرىغا: «بىز پات ئارىدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ناھىيىلەر ۋە بەگلىكلەرگە بېرىپ، يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەرغىب قىلىش سەپىرىنى باشلايمىز. بۇنداق سەپەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن بارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ، يېڭى مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل ئۆلكە مىقياسىدا ئاقارتىش دولقۇنىنى قوزغايمىز. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشنى، دالىدا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى

---

① ئابباس چوڭ 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ سىدىق بەگنىڭ ئورنىغا ئاتۇشقا بەگ بولغان.

نېخىمۇ كۆپ مەشق قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر بۇگۈندىن باشلاپ، پات ئارىدا قىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىمىزگە ئىدىيە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە تولۇق تەييارلىق قىلىڭلار. ۋاقتى كەلگەندە يولغا چىقىمىز...» دەپ ئۇقتۇرغان. بۇنى ئاڭلىغان ئىزچىلار خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىشىپ كەتكەن.

1936 - يىلى باش كۈزدە، مەمتىلى ئەپەندى باشتىن - ئاياغ بىر خىل كىيىنگەن، بىر خىل قوراللانغان، يەنى دۇمبىسىگە پالتا قىستۇرۇلغان خۇرۇم چامادان ئاسقان، ئىككى دولىسىغا قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك ئىككى بايراق قادىۋالغان، قولىغا ئىزچىلار كالتىكى تۇتۇۋالغان قىرىق نەپەر ئىزچىسىنى باشلاپ، ئۇلارغا نەي - بارابانلارنى چالدۇرۇپ، ناخشا - مارشلارنى ئېيتقۇزۇپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇلار مەشھەدتىن قوزغالغان پېتى ئاتۇشنىڭ ئايىقىغا جايلاشقان قۇم سېغىر كەنتىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى روزى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. چىرايىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، يۈزلىرى ئاپئاق، بەستىلىك بۇ مېھماندوست كىشى مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنى بەكمۇ قىزغىن قارشى ئالغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم، سىزنى ئۆيىمىزگە خۇدا يەتكۈزدى، بۇ گۈل - غۇنچىلارنىمۇ خۇدا يەتكۈزدى. سىز، ئىشىڭىز ئالدىراش ئادەم، بۇگۈنكى بۇ پۇرسەت مەن ئۈچۈن غەنىيمەت، قېنى ئىزچىلىرىڭىزنى باشلاڭ، ئايۋان، سارايلىرىمنىڭ ئىشىكى ئېزىز مېھمانلىرىمغا ئوچۇق...» دەپ، مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ، قېتىق، مېۋە - چېۋىلەرنى مول كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان. ئارقىدىن قوي سويۇپ، ئاتۇش چۆپى ئېتىپ بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئادىتى بويىچە شورپىغا قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكەن. ئىزچىلار روزى

شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە غىزالانغاندىن كېيىن، يولغا چىقىشقا تەييارلانغان. روزى شەيخ ئاخۇنۇم مەمتىلى ئەپەندىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ: «سىلەردەك ئېزىز مېھمانلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋالالمىدىم، رازى بولۇشسىلا» دەپ، ئۇلارنى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىنى باشلاپ، ئاتۇش تەۋەسىدىن چىقىپ، پەيزاۋاتقا تەۋە ئاقئاش يېزىسىغا قاراپ يول ئالغان. شۇ كۈنى كۆز غۇۋالاشقاندا ئاقئاشقا يېتىپ بېرىپ، مامۇت ھاجىم دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. مامۇت ھاجىم مېھمانلارنى تولىمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالغان. مامۇت ھاجىمنىڭ قورۇسى ئالاھىدە كەڭ بولغاچقا، ئىزچىلار ئازادە ئارام ئالغان. ئىزچىلار ئاقئاشتا ئىككى ئاخشام قونغان. ئۇلار بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادىتى بويىچە گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ ناشتا قىلغان. ناشتىدىن كېيىن، ئەتراپنى ئايلانغان. ئىزچىلار رەتلىك تىزىلىپ، تەكشى قەدەم تاشلاپ، نەي ـ بارابانلىرىنى چېلىشىپ، پەن ـ مائارىپنى تەشۋىق قىلىدىغان، مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، خەلقنى ئويغىتىشقا دالالەت قىلىدىغان ناخشىلارنى ئوقۇپ ماڭغاندا، تەرەپ ـ تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلىشقا باشلىغان. مەمتىلى ئەپەندى توپلانغان جامائەتنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە، مەكتەپ ئېچىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا، جاھالەتتىن، نادانلىقتىن، بىلىمسىزلىكتىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ نۇتۇق سۆزلىگەن. ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلىگەن. كىشىلەر ئىزچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ، قايتا ـ قايتا ئاڭلاشقان. مامۇت ھاجىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، ئاقئاشتا

پەنىي مەكتەپ ئېچىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئىزچىلارنىڭ ئۇستۇاشلىرىنى، يۇرۇش - تۇرۇشىنى، ئىنتىزامچانلىقىنى كۆرۈپ، جاراڭلىق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان ئاققاش ياشلىرى مامۇت ھاجىمغا مەكتەپنى تېزرەك ئېچىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار ئاققاش خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، شاپتۇل يېزىسىغا قاراپ يول ئالغان. شۇ كۈنى دەل شاپتۇل يېزىسىنىڭ بازار كۈنى بولغاچقا، ئىزچىلار جەڭگىۋار مارشلارنى ئوقۇپ، ئۇدۇل شاپتۇل بازىرىغا كىرگەن. بازارغا كەلگەن مىڭلىغان ئامما ئىزچىلارنى كۆرۈپ، ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئورۇۋېلىشقان. مەمتىلى ئەپەندى سېھرىي كۈچكە باي ئاۋازى بىلەن، كىشىنى ئويغا سالىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ ئىزچىلارنى ئورىۋالغان ئاممىنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «بىز پەيزاۋاتقا بارغاندىن كېيىن، خەلقپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا مەكتەپ ئېچىش تەكلىپىنى بېرىمىز. خۇدا بۇيرۇسا، سىلەرنىڭ يېزاڭلاردىمۇ پات - ئارىدا يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلىپ، سىلەرنىڭ جانجىگەر پەرزەنتلىرىڭلار مانا مۇشۇ ئىزچىلاردەك مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ، زامانىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، كۆڭۈل كۆزى يورۇيدۇ. . .» دېگەن.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار بازار يېنىدىكى مۇۋاپىق بىر بوستانلىقنى تېپىپ ئارام ئالغاچ، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يولغا چىقىپ، شاپتۇل بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، «ئەي، ۋەتەن خەلقى، ئويغان غەپلەتتىن!» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ، پەيزاۋاتقا قاراپ يول ئالغان. ئۇلار شاپتۇل بازىرىدىن چىقىپ بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆز ئىزچىلىرىنى

باشلاپ پەيزاۋاتقا كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بىر قىسىم ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان. قارشى ئېلىشقا چىققان بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پەيزاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەل ئارىسىدا ئابرويى بار تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن مۇھەممەت داموللا، سەيپىدىن مەخسۇم، شىرىۋاخۇن، يۇسۇپ ئېزىمى، ئابدۇغوپۇر مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەر بار بولۇپ، بۇلار مەپە ۋە ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، ئىزچىلارنىڭ ئالدىغا چىققان. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن، ئاندىن ئىزچىلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە مەستلىكى كېلىپ ئۇلارنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ قويغان. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ: «مەرھابا ئەپەندىم، پىيادە يول يۈرۈپ كۆپ جاپا چەكتىڭىز، شاگىرتلىرىڭىز بىلەن مەپە - ھارۋىلارغا ئولتۇرۇۋېلىڭ!» دەپ تەكلىپ قىلغان. مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار مەپە - ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى مىڭلىغان كىشىلەر داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغان. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارغا كوماندا بېرىپ «ئىزچىلار مارشى»، «ئىرپان كۈنلىرى» دېگەن تېمىدىكى جاراڭلىق ناخشىلارنى ئوقۇپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەرگەن. روھلۇق قەدەم، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن مەردانە قەدەم تاشلاپ، تەرتىپ بىلەن كېلىۋاتقان بۇ ئىزچىلارنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان مىڭلىغان پەيزاۋات خەلقى، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۇ مەنزىرىگە قاراپ ھەيران قېلىشقان. ئىزچىلارنىڭ ئۈستىبېشى ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغان. مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىزچىلار ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئاخىرى شەھەر

ئىچىدىكى ماموت ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ سارىيىغا چۈشكەن. بۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئىزچىلار بىلەن بىرگە ساراي ئىچىگە كىرىپ، ئىزچىلاردىن قىزغىن ئەھۋال سوراشقان. سەيپىدىن مەخسۇم دېگەن كىشى: «مەرھابا ئەپەندىم، مەرھابا ئىزچى بالىلار، ھېرىشىمىغايلا، شانلىق قەدىمىڭلار مۇبارەك بولسۇن! مەن پەيزاۋات خەلقىگە ۋەكالىتەن سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن. . . » دېگەن. مەمتىلى ئەپەندى تەشەككۈر بىلدۈرگەن. ئەھۋاللىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ساھىبخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىزچىلار ياتاقلارغا جايلاشقان.

ئەتىسى ئۇلار گىمناستىكا ئويناپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى زىيارەت قىلغىلى بارغان. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى ھەمدۇللا مەمتىلى ئەپەندىنى ۋە ئىزچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئالاھىدە زىياپەت ئۆتكۈزگەن. مائارىپ مەسئۇللىرىدىن مۇھەممەت داموللا، سەيپىدىن مەخسۇملارمۇ بۇ كۈتۈۋېلىشقا قاتناشقان. ساھىبخانلار ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش نۇتقى سۆزلەپ، مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئاتۇشتىن كەلگەن ئىزچى قېرىنداشلارنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھەمدۇللا ھاكىم سۆز قىلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «مەن پەيزاۋات خەلقىگە ۋەكالىتەن مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىزچىلارنىڭ ناھىيىمىزنىڭ يېڭىچە مائارىپ قۇرۇلۇشىغا ياردەمدە بولۇشلىرىنى، ئاتۇش يېڭى مائارىپىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن بىزنى بەھرىمەن قىلىشلىرىنى سورايمەن! » دېگەن. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل كىشىلىرىدىن مۇھەممەت داموللامۇ سۆز قىلىپ: «ھەرقايسىلىرىنىڭ شانلىق ساياھەت

سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!» دېگەن.

مەمتىلى ئەپەندى ساھىبخانلاردىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەپ، زىياپەت ئەھلىنى ئۆزىنىڭ چاقىرىق كۈچىگە باي سۆزلىرى بىلەن چوڭقۇر ھاياجانغا سالغان.

كەچتە، ئىزچىلار ئالاھىدە تەييارلاپ كەلگەن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بەرگەن. بۇ سەنئەت نومۇرلىرى مەزمۇن جەھەتتە يېڭى مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى، قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسىنى، ئىتتىپاقلىقنى تۈپ مەزمۇن قىلغاندىن باشقا، خۇراپاتلىقنى تەنقىد قىلىدىغان، قىمارۋازلىقنى، نەشىكەشلىكنى، ھاراقكەشلىكنى ئەيىبلەيدىغان، يېڭى مائارىپ قۇرۇلۇشىغا ھېسداشلىق قىلغان، ئەمەلىي ياردەم بەرگەن تەرەققىيپەرۋەر، مائارىپپەرۋەر كىشىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى ئىدى. ئىزچىلارنىڭ بۇ قىزىقارلىق شەكىلگە، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرى كىشىلەرگە يېقىپ قالغاچقا، ئەتىسى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنى يەنە ئورۇنداتقان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار پەيزاۋاتتا نەچچە كۈن تۇرۇپ، زىيارەت قىلىش ۋە يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، نامەت بەگ، مۇھەممەتخان بەگ قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى ئۆيلىرىدە ئايرىم - ئايرىم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالغان ۋە قوندۇرغان. ئىزچىلار مەكتەپنى ۋە مائارىپ ئىدارىسىنى زىيارەت قىلغاندا، تەلەپ بويىچە، بىر قىسىم ناخشا - مارشلارنى ئۆگىتىپ قويغان. ئىزچىلارنىڭ پەيزاۋاتتىكى پائالىيىتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. ئۇلار پەيزاۋاتتىن خوشلىشىپ، يېڭىسار ناھىيىسىگە

قاراپ يولغا چىققاندا، ھەمدۇللا ھاكىم، سەيپىدىن مەخسۇم، مۇھەممەت بەگ، نامەت بەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى ۋە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا مىڭلىغان ئامما يول ئۈستىگە چىقىپ، ئۇلارنى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويغان. ياش - ئۆسمۈرلەر خېلى يەرگىچە ئىزچىلارغا ئەگىشىپ بېرىپ، سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ، قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشقان.

مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىزچىلار پەيزاۋات تەۋەسىدىن چىققىچە، قايسى يېزا - كەنتتىن ئۆتسە، شۇ يەردىكى خەلق ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. خەلقنىڭ بۇنداق قىزغىن مۇئامىلىسى ئىزچىلارغا يولنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنىمۇ ھېس قىلدۇرمىغان. ئۇلار ماڭغانچە روھلىنىپ، ناخشا - مارشلىرىنى توختىماي ئېيتىشىپ ئىلگىرىلىگەن.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار قەشقەر يېڭىشەھەر ئارقىلىق بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ يېڭىسار ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا، يېڭىساردىكى ھەربىي قىسىمنىڭ قوماندانى، ئاتۇش تېجەنلىك كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ بىرقانچە يۈز ئەسكەرنى ئېلىپ، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ باشلىق ئەسكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئىزچىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتكەن. شاپ بۇرۇت، ئوتتۇرا بوي، بەستلىك، پالۋان سۈپەت كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ئىزچىلارغا ھەربىيچە سالام بەرگەن، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ يەنە ھەربىر ئىزچى بىلەنمۇ ئايرىم - ئايرىم قول بېرىپ كۆرۈشكەن. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ئوغلى ئابلەتمۇ ئىزچىلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ بالىسىغا

قاراپ كۈلۈپ كەتكەن. ئاندىن مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ: «ئەپەندىم، بۇ ئىزچىلارنى قالتىس تەربىيىلەپسىز، سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ» دېگەن. ئاندىن ئىزچىلارغا قاراپ: «قېنى ئىزچى باتۇرلار، مەرھەمەت!» دېگەن.

يېڭىسارغا كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ بىلەن بىرگە چىققان ئابلىز، ئابدۇكېرىم باشلىق مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ئەسكەرلەر ئىزچىلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ مېڭىشقان. ئۇلار قىرىق مىنۇتتەك يول مېڭىپ، يېڭىسار بازىرىغا يېقىنلاشقاندا، مەمتىلى ئەپەندى «ئىزچىلار مارشى»نى ئوقۇپ، مۇنتىزىم قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەرگەن. ئىزچىلار نەي - بارابانلىرىنى چېلىشىپ، «ئىزچىلار مارشى»نى ئوقۇپ، بازار ئىچىگە كىرگەندە، نەچچە يۈزلىگەن ئامما يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان. ئىزچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېتىۋاتقان كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىزچىلارنىڭ ناخشا - مارشلىرىنى ئاڭلاپ زوقلانغىنىدىن تەنتەنە قىلىشىپ كەتكەن. ئىزچىلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى يېڭىسارنىڭ مۆتىۋىرى مۇھەممەتخان بەگ دېگەن كىشى ئىزچىلارغا باشتىن - ئاخىر يېقىنلىشىپ ماڭغان. بۇ كىشى مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ پات - پات تەبەسسۇم قىلىپ ماڭغان. ئەسلىدە، بۇ كىشى كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىزچىلارنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ ھاردۇق ئالدۇرماقچى بولغانىكەن. شۇڭا، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار ئۇدۇل مۇھەممەتخان بەگ دېگەن بۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغان. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئىزچىلارغا قوشۇلۇپ ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن. ئىزچىلار بىلەن بىرگە يەنە يېڭىسارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە دىنىي زاتلاردىن بىرنەچچەيلەن بىرگە كىرگەن. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بىرنەچچە كىشىلەر مەخسۇس

بىر ئۆيگە كىرىپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشكەن. ئىزچىلار ئۈستىدىكى چامادان ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلىرىنى يېشىپ، ئۈستىباشلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئۆيلەرگە كىرىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ، ئارام ئېلىشقان. بىردەمدىن كېيىن، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ھاپىز تۇەنجاڭ بىلەن ئىزچىلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئالاھىدە ئەھۋال سورىغان. ئۇ «ئىزچى باتۇرلار، يولدا ھاردىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىزچىلار: «ھارمىدۇق!» دەپ بىردەك جاۋاب بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى: «بىزدە بىر ئات بار تۇەنجاڭ، كىم ھېرىپ قالسا شۇ مىنىدۇ. شۇڭا بەك ھېرىپ كەتمەيمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. «بۇ بالىلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن قارىغاندا، ھېرىپ - چارچىغاندەك ئەمەس، مەمتىلى ئەپەندى بۇ كىچىك ئەزىمەتلەرنى قالتىس چېنىقتۇرۇپتۇ» دەپ سۆز قىستۇرغان ساھىبخان مۇھەممەتخان بەگ. مۇھەممەتخان بەگ بوي بەستى كېلىشكەن، قاشلىرى قارا، قابىل ئادەم ئىدى. بۇ كىشىنىڭ قورۇسى ئازادە، شىپاڭلىق، ئۆيلىرى كەڭ، ھويلىسىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، تولىمۇ ھاۋالىق ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلار بىلەن ئاتۇشتىن يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئۇلارغا بىردىن خاتىرە دەپتەر تۇتۇپ سەپەر جەريانىدا ماڭغان يول، بارغان جاي، ئۇچراشقان ئادەم، كۆرگەن يېڭىلىق ۋە تەسىر قىلغان نەرسىلەرنى يېزىپ مېڭىشنى تاپىلىغان. ئىزچىلار شۇ بويىچە يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەن ئاخشىمىمۇ خاتىرە يېزىشىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇخلاشقان.

ئەتىسىدىن باشلاپ، يېڭى مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەرغىب قىلىش، تەجرىبە تونۇشتۇرۇش، ساياھەت، زىياپەت قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەر باشلىنىپ كەتكەن. ئۇچۇق - يورۇق، مېھماندوست يېڭىسار خەلقى

مەمتىلى ئەپەندىنى ۋە ئىزچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقان. يۇرت چوڭلىرى ۋە بىر قىسىم مۆتىۋەر زاتلار ئۆيلىرىدە ئايرىم - ئايرىم زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەلنەغمە قىلىپ بەرگەن. تەرەققىيپەرۋەر زات ھاپىز تۆەنجاڭ مەمتىلى ئەپەندىنى ۋە ئىزچىلارنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ سالدۇرغان يېڭى مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان. ئىزچىلار بۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشقان. ئۇلارغا ئوقۇتۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بىر قىسىم ناخشا - مارشلارنى ئۆگىتىپ قويغان.

كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ بارلىق ئىزچىلارنى ھەربىر قىسىم ئورۇنلاشقان جايغا ئېلىپ بېرىپ، ئالاھىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالغان. ئىزچىلار تەلەپ بويىچە جەڭچىلەرگە بىر قىسىم جەڭگىۋار ناخشا - مارشلارنى ئۆگىتىپ قويغان. كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ ئىزچىلارغا قاراپ: «سىلەر جاسارەتلىك، كۈرەش ئەنئەنىسىگە باي مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى. ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئۈمىدى سىلەرگە باغلىق. سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلار، روھىڭلار، ئېيتقان ناخشا - مارشلىرىڭلار يېڭىسار خەلقىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئىلھاملاندۇردى. بىلىشىڭلار كېرەككى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنىڭ شاراپىتى. ئىنقىلاب بولمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك ھۆرلۈك ۋە كەڭتاشا ئۇچرىشىش نەدە بولسۇن؟ قوماندانىمىز مەھمۇت شىجاڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بەكمۇ كۆڭۈل بولىدىغان كىشى بولغانلىقتىن، بىزگە داۋاملىق يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئەمەلىي ياردەم بېرىشنى تاپىلاپ تۇرىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بىزگە سىلەرنىڭ پىيادە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، جاي - جايلاردا كىشىلەرنى ئويغىتىپ، خەلقنى تەسىرلەندۈرگەن.

لىكىڭلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. بىز سىلەرنىڭ ھىممىتىڭلارغا باركاللا ئېيتىمىز. سىلەردەك باتۇر ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلىگەن ئۇستازىڭلار مەمتىلى ئەپەندىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز» دەپ سۆز قىلغان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار يېڭىساردىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە قاراپ يولغا چىققىلىۋاتقاندا، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ باشلىق بىر قىسىم يېڭىسار ۋەكىللىرى مەمتىلى ئەپەندىدىن ئىزچىلارنىڭ يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ مېڭىشىنى ئۆتۈنگەن. مەمتىلى ئەپەندى رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ئالاھىدە ئۇزىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنىڭغا يېڭىساردىكى تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر زاتلار، يۇرت كاتتىلىرى، مۆتىۋەرلەر، مائارىپچىلار قاتناشقان. زىياپەت ئاخىرىدا، مەمتىلى ئەپەندى كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭغا ۋە يېڭىسار خەلقىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سۆز قىلغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزى سورۇندىكىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغان. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، مەمتىلى ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، ھاياجىنىنى باسالماي قالغان كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ مەمتىلى ئەپەندىگە ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا - قايتا قۇچاقلىشىپ خوشلاشقان.[1]

---

[1] مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە باي ناتىق ئىكەنلىكىنى، سۆز قىلسا، ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلىپ، ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىننىڭ نەۋرىسى شەمسىئىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىر قېتىم سەيپىدىن ئەزىزى پاراڭ ئارىلىقىدا: «مەن ھاياتىمدا كۆرگەن ئىككى كىشىنىڭ ناتىقلىقىغا ھەقىقى قايىلمەن. بىرى مەمتىلى ئەپەندى، يەنە بىرى ئەخمەتجان قاسىمى» دېگەنىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىزچىلار ئەتىسى شەنبە كۈنى مىڭلىغان ئەسكەرلەر ۋە ئاممىنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشى بىلەن، ئوپال، تاشمىلىققا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار «ئەي ۋەتەن، مىللەت ئويغان غەپلەتتىن» دېگەن مارشنى ياڭرىتىپ يېڭىسار بازىرىدىن ئۆتكەندە، يۈزلىگەن ياشلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغان ۋە ئۇلار بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا خوشلاشقان. كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ ئون نەچچە ئەسكىرىنى ئېلىپ، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنى خېلى ئۇزۇن يەرگىچە ئۇزىتىپ قويغان. ئىزچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ يول ئۇستىگە چىقىشقان دېهقان يىگىتلەر ئۇلارغا مېۋە - چېۋىلەرنى يوللۇق تۇتقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىنى باشلاپ نەچچە ئون كىلومېتىر يول بېسىپ، تاغ باغرىنى بويلاپ يۈرۈپ، تاشمىلىققا يېتىپ بارغان. تاشمىلىق خەلقى تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ «قوشۇن»نى كۆرۈپ هەيران قېلىشقان. ئۇزۇن بويلۇق، كەكە ساقاللىق بىر كىشى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىغان. بۇ ئادەم بەكمۇ مېهماندوستلۇق قىلىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاي - پېتەك بولۇپ، قوي سويۇپ، تاماق ئېتىپ، ئۇلارغا بەكمۇ ئىززەت كۆرسەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى پۇل تەڭلىگەندە، بۇ كىشى كايىغاندەك قىلىپ پۇلنى هەرگىز قوبۇل قىلمىغان. ئىزچىلار شۇ كۈنى بۇ كەكە ساقال كىشىنىڭ ئۆيىدە قونۇشقان. ئەتىسى، ئىزچىلار تاشمىلىق خەلقىغە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئىلىم - پەن ئۆگىنىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ناخشا - مارشلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ سەپەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا دالالەت قىلغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىلەر تاشمىلىق خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، ئوپالغا يۈرۈپ كەتكەن.

ئىزچىلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوپالنىڭ كونا

بازىرىغا كىرگەندە، «ئىزچىلار مارشى»، «ئىرپان كۆنلىرى»، «ئەي، ئانا يەر» قاتارلىق ناخشا - مارشلارنى ئۆزمەي ئوقۇپ، پۈتۈن جامائەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ئاياللار، ياشلار، بالىلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشقان. يوللۇق پاڭچۇدا يەكتەك كىيگەن قامەتلىك بىر كىشى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قېشىغا كېلىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان. بۇ كىشى ئوپالدا تەسىرى بار ئابرويلۇق، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات سۇلايمان قازى ئاخۇنۇم ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن سۇلايمان قازاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىش ئالدىدا، توپلىشىۋالغان جامائەتكە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە نۇتۇق سۆزلىگەن. توپلىشىۋالغان ئامما بۇ ئىزچىلارنىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشقان، ئىزچىلارنىڭ قەيسەرلىكىگە، چىداملىقلىقىغا ئىچى - ئىچىدىن قايىل بولۇشقان. سۇلايمان قازى ئاخۇنۇم تەمكىنلىك بىلەن: «سىلەرنىڭ بۇ سەپىرىڭلار ئىنتايىن ئۇلۇغ، تولىمۇ قۇتلۇق سەپەر ئىكەن. ئوپالغا كەلگەنلىكىڭلاردىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇق. ئوپال خەلقى سىلەردەك ئېزىز مېھمانلارنى چىن يۈرىكىدىن قارشى ئالىدۇ. سىلەرنىڭ روھىڭلار بىزنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. شەخسەن مەن بۈنىڭدىن كېيىن يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا جېنىم بىلەن ياردەم قىلىمەن. كىممۇ پەرزەنتلىرىنى سىلەردەك ئاڭلىق چوڭ قىلىشنى خالىمىسۇن؟ بىز سىلەرنىڭ توغرا تەشەببۇسىڭلارنى قوللايمىز، ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئارام ئېلىڭلار، لايىقىدا بولمىسىمۇ سىلەرنى رازى قىلىشقا تىرىشىمىز، قېنى، مېھمانلار مەرھەمەت!» دەپ، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىغان. مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار سۇلايمان قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگىچە ناخشا ئېيتىپ

كەلگەن. سۇلايمان قازى ئاخۇنۇمنىڭ قورۇسى مەنزىرىلىك ئىدى، كەڭتاشا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىزچىلار بىمالال سىغىپ كەتكەن. ئىزچىلار نەرسە - كېرەكلىرىنى جىمىقتۇرۇشۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان. بىر ئازدىن كېيىن، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىر - بىرلەپ كىرىپ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن. داستىخانغا كۈزنىڭ سەرخىل مېۋە - چېۋىلىرى قويۇلۇپ، ئارقىدىن قويلار سويۇلۇپ، مېھمانلار تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنغان.

ئوپالغا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار گىمناستىكا ئويناپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھەزرىتى موللام مازارىنى زىيارەت قىلىشقا ماڭغان. ئۇلار قاتار تىزىلىپ، چەبدەس قەدەملەر بىلەن نەي - بارابانلىرىنى چېلىشىپ، ناخشا - مارشلىرىنى ياڭرىتىپ ماڭغاندا، كىشلەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇشقان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، دەل - دەرەخلىرى بۈك - باراقسان، مەنزىرىسى گۈزەل، تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان ھەزرىتى موللام مازارىغا[1] كېلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن

---

(1) بۇ چاغدا تېخى ھەزرىتى موللام مازارىنىڭ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازارى ئىكەنلىكى كىشىلەرگە ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. مەھمۇت قەشقىرى دېگەن ئىسىمmu تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ئەدەبىياتشۇناس ۋە يازغۇچى ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىننىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، قۇتلۇق شەۋقى بىلەن مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ چىقىشقا كىرىشكەنىكەن. بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكنىڭ نېمە ئۈچۈن نەتىجىلەنمىگەنلىكى بىزگە ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالغاندۇر.

كېيىن، بۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان، ئاندىن چۈشلۈك غىزانى يەپ بولۇپ، توققۇزاققا قاراپ يولغا چىققان. يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خېلى ئۇزۇن يەرگىچە ئىنىچىلار بىلەن بىرگە مېڭىشقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىنىچىلىرىنى باشلاپ توققۇزاققا مېڭىشتىن ئىلگىرى، توققۇزاققا خەۋەر بېرىۋەتكەن. شۇڭا، ئۇلار توققۇزاققا يېقىنلاشقاندا، توققۇزاق مائارىپىنىڭ مەسئۇلى ئابلا رازى[1] خېلى ئۇزاق يەرگىچە بىرنەچچە يۈز كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان. مەمتىلى ئەپەندى قارشى ئالغىلى چىققانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە، ئىنىچىلارغا مۇنتىزىم قەدەم بىلەن، نەي ـ بارابانلارنى چېلىپ، ھەيۋەتلىك مارشلارنى ئېيتىپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەرگەن. گويا ھەربىي ئوركىستىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئىنىچىلار ئەترىتى يېتىپ كەلگەندە، ئابلا رازى باشلىق قارشى ئېلىشقا چىققانلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان. ئابلا رازى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ كەلگىنىچە مەمتىلى ئەپەندى بىلەن

---

① ئابلا رازى — ئابدۇللا رازى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1885 ـ يىلى توققۇزاقنىڭ ئوغۇساق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1907 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە ئېكساقتا ئېچىلغان «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» سىنىپىدا ئوقۇغان. 1934 ـ يىلى توققۇزاقتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ھېلاكو، ئويباغ، سېيتلا، مۇسۇما، چېغمان، مەنگەن، شوغۇز، قولچى قاتارلىق يېزا ـ كەنتلەردە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۈرەشلەرنى قىلغان. شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1937 ـ يىلى، «مەھمۇت شىجاڭ ۋەقەسى» دىن كېيىن، ئۇ مەجىددىن ئەپەندىنى قاغىلىق ئارقىلىق قاچۇرۇۋېتىشكە ياردەم قىلغان. شۇ يىلى، يەنى 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، مىڭلىغان مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار قاتارىدا قەتلى قىلىنغان.

قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىغا توختاش بۇيرۇقى بەرگەن. قارشى ئالغىلى چىققان ئامما ئىزچىلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن. ئابلا رازى «مەرھابا ئەپەندىم، مەرھابا ئىزچىلار، مۇبارەك قەدىمىڭلار قۇتلۇق بولسۇن. بىرقانچە كۈندىن بۇيان يولۇڭلارغا قاراپ، بەك تەلمۈردۇق. ساق - سالامەت يېتىپ كېلىشكەنلىرىدىن بەك خۇرسەن بولدۇق» دېگەن. شۇ چاغدا دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتىن قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مېھمانلارنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان. ئىزچىلار سەپنى بۇزماي ئىنتىزام بىلەن تۇرغان. مەمتىلى ئەپەندى بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار تارقىلىپ قوللىرىنى يۇيۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان. ئىزچىلار شۇنچە ئۇسساپ كەلگەن بولسىمۇ، مېۋە - چېۋىلەرنى ئاۋاز چىقارماي يېيىشكەن. ئابلا رازى بۇنى بايقاپ: «توۋا ئەپەندىم، نېمىدېگەن ئەدەبلىك بالىلار بۇ! ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك تەربىيىلەپسىز. سىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئۇستاز بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىز ئۈچۈن بىر دەرس بولدى، ناھايىتى جانلىق تەربىيە بولدى» دېگەن.

ئابلا رازى باشلىق نەچچە يۈز كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىزچىلار توققۇزاقنىڭ كونا بازىرىغا يېتىپ كەلگەن، ئۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ئامما ئۇلارنى قارشى ئالغان. ئىزچىلار ئادىتى بويىچە، نەي - بارابانلىرىنى چېلىپ، ناخشا - مارشلىرىنى ياڭرىتىپ ئۆتكەندە، توپلانغان جامائەت ماشرەڭ چەكمەندىن ئىشتان - چاپان كىيگەن، بېشىغا ئوخشاش رەختتە سالپاڭ قۇلاق شەپكە كىيگەن، دۇمبىسىگە كىچىك تاسمىلىق خۇرۇم چامادان ۋە سېرىق تانا ئاسقان، پۇتىغا خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن، دۇمبىسىدىكى چامادانغا ئىككى خىل رەڭلىك كىچىك بايراق

قادىغان بۇ ئىزچىلارغا ئىچى - ئىچىدىن زوقلىنىپ قاراشقان. ئۇلارنىڭ ناخشا - مارشلىرىنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار توققۇزاقتا بىر ھەپتىگە يېقىن تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇلار توققۇزاقتىكى بارلىق كونا - يېڭى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلغان، چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتكەن، توققۇزاق ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇرغۇن ناخشىلارنى ئۆگىتىپ قويغان. قانچىلىغان يۇرت كاتتىلىرى ئۆيلىرىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ ئىزچىلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقان. ئىزچىلارغا ئابلا رازى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن زىياپەت ئالاھىدە يېقىملىق تۈيۈلغان. ئابلا رازى مېھمانلار ئۈچۈن ئىككى دانە قوي سويۇپ، يۇمران، پىشۋاتقان قاپاقتا جەركوپ تەييارلاتقان. جەركوپ شۇنداق تەملىك ۋە مەززىلىك تەييارلانغانكى، ئىزچىلار ئۆمرىدە قاپاقتا ئەتكەن جەركوپنى يەپ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قېلىشقان ۋە ئابلا رازىغا رەھمەت ئېيتىشقان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مەكتەپلەرنى كۆرگەن. مەلۇم بىر يېزىدا ئابلا رازى يىغىلغان جامائەتكە سۆز قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنىڭ توققۇزاققا كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ، ئۆز سۆزىدە يەنە: «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ توققۇزاقتا يېڭى مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كۆرسەتكەن ۋاستىلىك تەسىرى ناھايىتى چوڭ، مەمتىلى ئەپەندى 1934 - يىلى ‹مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى› نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى قەشقەرگە باشلاپ كەلگەندە، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مارش سادالىرى، ئۇلار چاقناتقان ئىلىم - پەن

مەشئىلىنىڭ بىزگە بولغان ئىلھامى زور بولغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بىز تەشۋىقات ـ تەرغىبات خىزمىتىگە كىرىشكەنىدۇق» دەپ مەمتىلى ئەپەندىگە توققۇزاق خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتقان. ئابلا رازىدىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ سۆزىدە ئاساسلىقى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى كۆپرەك تونۇشتۇرغان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنىڭ توققۇزاق خەلقىگە قالدۇرغان تەسىرى ئالاھىدە جانلىق بولغان. بىر ھەپتىلىك زىيارەت جەريانىدا، ئۇلار توققۇزاق خەلقى بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇلار بىلەن خوشلىشىش مىنۇتلىرى بەكمۇ تەسىرلىك بولغان.

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە توققۇزاقتىن ئايرىلغان ئىزچىلار توختىماي مېڭىپ قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. قەشقەر شەھىرىنىڭ مائارىپ رەھبەرلىرى ۋە مۇئەللىملەردىن بولۇپ نەچچە ئون كىشى نۇرغۇن ئىزچىنى باشلاپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققان بولۇپ، ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، ئىزچىلار بىلەن ئىزچىلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرىغا شەھەر ئىچىگە كىرگەندە بۇرۇنقى پەدىدە مېڭىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئىزچىلار «ئىرپان كۈنلىرى»، «نۇرلاندۇردى يۇرتىمىزنى قۇمۇلدىن كۈن تۇغۇپ» دېگەن ناخشىلارنى جاراڭلىق ئوقۇپ، نەي ـ بارابانلارنى ياڭرىتىپ، ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ، رەستىلەرنى چاڭ كەلتۈرۈپ مېڭىپ، ھېيتكار جامەسىنىڭ ئالدىنى ئايلىنىپ، نوبېشى مەكتەپكە كېلىپ توختىغان. شۇ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى باشلىق رەھبەرلەر ئالاھىدە كېلىپ ئىزچىلاردىن ئەھۋال سورىغان. مەجىددىن ئەپەندى، يۈسۈپ ئەپەندى قاتارلىق مائارىپ رەھبەرلىرى ئاتۇش ئىزچىلىرىنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشقان.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىنى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. قارشى ئېلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىزچىلار ياتاقلارغا بۆلۈنۈپ ئارام ئالغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغان. بۇ جەرياندا شەھەر ئىچىدىكى بىرقانچە مەكتەپنى زىيارەت قىلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرغان. مائارىپ ئىدارىسى ۋە بىرقىسىم مەكتەپلەر ئۆلارنى زىياپەت ـ يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالغان. مەھمۇت مۇھىتىمۇ مەخسۇس زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مەمتىلى ئەپەندى يېتەكلىگەن ئىزچىلارغا قەشقەرنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى زاتلارنى قوشۇپ بىللە كۈتۈۋالغان. بۇ زىياپەتكە شۇ كۈنلىرى ئاتۇشتىن بىر ئىش بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئابدۇراخمان شائىرمۇ قاتناشقان.

زىياپەتتە، مەھمۇت مۇھىتى سۆز قىلىپ، ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوينىغان رولىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. مەمتىلى ئەپەندىمۇ سۆز قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشتا زور ئەمەلىي ياردەم قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان. زىياپەتتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يىگىرمە تۆت ياشلىق ئابدۇراخمان شائىر مەھمۇت مۇھىتىغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئاجايىپ جاراڭلىق ۋە مەغرۇر ھېسسىيات بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن:

سانا[①] خالىقا بولسۇنكى ئەدەمدىن [②] ئەيلىدى مەۋجۇت،

---

① سانا — ھەمدۇسانا، مەدھىيە.
② ئەدەم — يوقلۇق.

بەنی ئادەم ياراتىپ ھەم شىپى قىلدى ئەنى مەھمۇد[1] ،
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[2] ،
بىرسى ئۆزگە ئەردى مۇھەممەت مۇستاپا مەقسۇت[3] ،
مۇھەممەت ئىممەتىدىن چىقتى تۇرپاندىن ئۇشۇل مەھمۇد.

نەچچە يىلدىن بېرى زۇلمەتتە ئەردى ھەم بولۇپ ۋەيران،
بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلماققا تۈمەنمىڭ جان بېرىپ قۇربان،
يېتىپ خارلىق، جاھالەت زەنجىرىدە ھەم بولۇپ سەرسان،
تاپالماستىن شىپا دەرتكە بۇ مىللەت بولدى كۆپ ۋەيران،
چىقىپ ئەل بەختىگە شۇدەم پاناھ بولدى بۈگۈن مەھمۇد.

ئايا ئەي، شاھى ئادىل جۇملىمىز[4] نى ئەل ئامان قىلدىڭ.
مائارىپ ـ مەكتىپىنى تەربىيە ئەيلەپ راۋان قىلدىڭ،
بۇ مىللەت يولىدا دەريايى نىلدەك قان راۋان قىلدىڭ،
نەتىجىسىگە بۇ قانىنىڭ ئىلمۇ ھىكمەتنى ئايان قىلدىڭ،
ئېچىپ قويدۇڭ بۈگۈن دارىلفۇنۇندىن بىزگە يول مەھمۇد.

سېنىڭ ۋەسپىڭنى ئېيتتى بۇ كىشى بۇلبۇل سۇخەنداندۇر،
ئاتاسىدۇر چوڭخۇن، شائىر ئىسمى ئابدۇراخماندۇر.
قەسەمكى بۇ مائارىپ يولىدا گوياكى پەرۋاندۇر،
سىپاتىڭنى قىلىپ تەرىپ ئۇشۇل نەزمىنى يازغاندۇر،
ئۇمىددۇركى ھۇزۇرۇڭدا قوبۇل بولغاي سۆزۈم مەھمۇد.

ئابدۇراخمان شائىر شېئىرىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەھمۇت

---

① مەھمۇد — ماختاش، مەدھىيىلەش.
② مەردۇد — قوغلانغان.
③ مەقسۇت — كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن، ئارزۇ قىلغان.
④ جۇملىمىز — بارچىمىزنى دېگەن مەنىدە.

مۇھىتى باشلىق ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر ئاپىرىن ئوقۇپ ئالقىش ياغدۇرغان. مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇراخمان شائىرىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، يىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ: «ساڭا تەشەككۇر ئوغلۇم! خۇدا رەھمەت قىلسۇن، ھىممىتىڭگە، غەيرىتىڭگە ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرىڭگە باركاللا، مەن بۇ قەدەر مەدھىيىلەشكە لايىق ئەمەس. ئەمما سىنىڭ بۇ شىئىرىڭ بىلەن روھىمغا روھ قوشۇلدى، ناھايىتى جانلاندىم» دىگەن.

مەھمۇت مۇھىتى ئورۇنلاشتۇرغان بۇ زىياپەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشقان. مەھمۇت مۇھىتىدىن ئىككى كۈن ئاۋۋال ئاكىسى موسۇل ھاجىم مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالغان بولۇپ، بۇ زىياپەتتە قەشقەر ۋەزىيىتى، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا كۆپ گەپ بولۇپ، مىھمانلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جىددىي بولغان.

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلار قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئۇستازلىرىنىڭ ئۇزىتىپ قويۇشى بىلەن، غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمۈپ، بەشكىرەم ئارقىلىق ئاتۇشقا قاراپ يول ئالغان. ئۇلارنى مەشھەد بازىرىدا نۇرغۇن ئامما ۋە ئىزچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولۇپ بىرنەچچە يۈز كىشى قارشى ئالغان. ئىزچىلار مەشھەد بازىرىغا كىرگەندە، مەمتىلى ئەپەندى سەپەر جەريانىدا ئىجاد قىلىپ ئۆگەتكەن «كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ» دىگەن ناخشىنى ئوقۇپ، ھەيۋەتلىك قەدەملەر بىلەن بازار كوچىسىدىن ئۆتكەن:

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېڭىلىقتىن نۇرلار چاچتۇق.
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق.
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغىتىپ،
كونىلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بۇ قېتىمقى سەپەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر شانلىق سەھىپە بولۇپ قالغان.

1937 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 - ئاپرېل» بايرىمىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، مەمتىلى ئەپەندى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىنمۇ ئەستايىدىل تەييارلىق قىلغان. تەييارلىق مەزمۇنى ئومۇمەن ھەرخىل گىمناستىكا شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىلغار، جۇشقۇن، باي مەزمۇنلۇق ئىجادىي نەرسىلەرنى ھازىرلاش بولغان.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 - ئاپرېل» بايرىمىغا بىرنەچچە كۈن قالغاندا، شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان «مەھمۇت شىجاڭ ۋەقەسى» دېگەن مەشھۇر ۋەقە يۈز بەرگەن. «مەھمۇت شىجاڭ ۋەقەسى» دېگىنى دەل مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى ئىدى.

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر توغرىسىدا «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، «ئۆمۈر داستانى» ۋە «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق كىتابلاردا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، لىۋ

زىشياۋنىڭ 1996 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدىمۇ مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇت شىجاڭنى ئۇجۇقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پىلانلىق ھەرىكەت 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىلا باشلانغان. شۇ ۋاقىتتا، قىرغىز ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قەشقەر تەۋەسىگە «قېچىپ كىرىۋالغان». مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللىغان. شېڭ شىسەي جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ يوليورۇق بەرگەن:

«مەھمۇت شىجاڭغا:

قاچاق قىرغىز ئەسكەرلىرى قىممەتلىك قىسمىڭىزغا تەسلىم بولدى. بۇنىڭدىن شىجاڭ جانابلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نوپۇزىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسھاقبېك بىلەن مەۋلانوپنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى قوراللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىڭ. ئەسكەرلىرىنى ھەرقايسى تۈەنلەرگە تەقسىم قىلىۋېتىڭ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

شېڭ شىسەي، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى»[①]

---

① بۇ تېلېگرامما جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق يەتمىش يىلى» دېگەن كىتابىغا «مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دوبەن ئىشخانىسى شتاب ئوفىتسېرىنىڭ مەھمۇت شىجاڭغا قىرغىز قاچاق ئەسكەرلىرىنى قوراللىرى بىلەن تاپشۇرۇۋېلىش توغرىسىدا يوللىغان تېلېگرامما توپلىمى» دىن نەقىل قىلىپ ئېلىنغان. لىيۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىغا بۇ كىتابتىن نەقىل قىلىپ ئالغان.

شېڭ شىسەيىنىڭ بۇ تېلېگراممىسىنىڭ ئەپتىدىن مەھمۇت شىجاڭغا كۆيۈنۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئىشىنىۋاتقاندەك مەنا چىقسىمۇ، لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتە ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەيىنىڭ مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش مەقسىتىدە ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىغان بىر سۇيىقەستى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىلا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن شۈبھىلىنىپ: «بۇلار شېڭ شىسەيىنىڭ مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان بىرىنچى تۇركۇمدىكى ئىشپىيونلىرى» دېيىشكەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ قىرغىز قاچاق ئەسكەرلىرى ھەرگىزمۇ قېچىپ كەلگەن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئۇلۇغچاتلىق ئىسھاقبېك بىلەن قىرغىزىستانلىق قىرغىز مەۋلانوپ ئىدى.

ئىسھاقبېك 1902 ـ يىلى ئۇلۇغچاتنىڭ شىنجاڭ بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىغا جايلاشقان سىمخانا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئون بەش ـ ئون ئالتە يېشىدا بەگ بولۇپ سايلانغان. 1920 ـ يىللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان باسمىچىلار ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جانىبېك، سېتىۋالدىجان، يۇسۇپجان قۇربېشى قاتارلىق قىرغىز، ئۆزبېك باسمىچىلىرى قەشقەر تەۋەسىگە قېچىپ كېلىۋالغان. ستالىن ھۆكۈمىتى مانا مۇشۇ باسمىچىلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىپ، 1928 ـ يىلى ئۇلۇغچاتتىكى قىرغىز ياشلىرىدىن ئىسھاقبېك ۋە ماتې شاپتا قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇلارغا ئىككى يىل مەخپىي ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن قايتۇرۇۋەتكەن. باسمىچىلارنىڭ ئۇلۇغچاتتا پائالىيەت قىلىۋاتقان كاتتىبېشى جانىبېك قازى ئىسھاقبېكنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كەتمىنىنى

چېپىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى جايلىۋېتىش كېرەك دېگەن نىيەتكە كەلگەن. ئىسھاقبېك دەرھال ئۇلۇغچاتتىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ، قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭ بويىدىكى قادىر ھاجى، قاۋۇل ئاخۇن، روزاخۇن دېگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئۇ، 1932 ـ يىلى ئوسمان ئېلىگە ئەسكەر بولغان، 1933 ـ يىلى ئورازبېككە ئەسكەر بولغان. ئۇ، ئورازبېكنىڭ قول ئاستىدا پەيجاڭ بولۇپ تۇرغان چاغدا، چېگرا ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىسەم دەپ، ئەسكەرلىرى بىلەن چېگرىدىكى سىمخانا قورولىغا چىقىپ، شۇ يەردە جايلىشىۋالغان. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئايرىم پولك تەشكىل قىلىۋالغان. ئۇ، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، سوۋېت تەرەپنىڭ خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىگە ئاكتىپ ياردەم قىلغان، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، ما جۇڭيىڭنى سىمخانا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ قويغان. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى قەشقەر تەۋەسىگە قېچىپ كىرىۋالغان باسمىچىلارنىڭ كۆچلىرىنى ۋە شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆچلەرنى يوقىتىش مەقسىتىدە كىرگۈزگەن «تۆتىنچىلەر» بىلەن بىرلىشىپ، نۇرغۇن باسمىچىلارنى يوقاتقان. دەل شۇ چاغدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى قىرغىزىستانلىق قىرغىز مەۋلانوپقا ئىسھاقبېككە مەسلىھەتچى بولۇش، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپ ئىسھاقبېككە قوشۇلۇپ كېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئاتالمىش «قاچاق ئەسكەرلەر» دېگىنى مەۋلانوپنىڭ مانا شۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئىدى. بۇ قوشۇن شېڭ شىسەينىڭ يولىيورۇقى بويىچە، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. ئىسھاقبېكنىڭ 500 قىرغىز ئەسكىرى ساقچى قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. مەۋلانوپ

قەشقەردە يېڭى قۇرۇلغان قورالللىق ساقچى قىسمىغا باشلىق بولىدۇ، باسمىچىلارنى يوقىتىشتا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن ئىسھاقبېك شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇلۇغچاتقا ھاكىملىققا تەيىنلىنىدۇ. ئىسھاقبېك 1934 ـ، 1935 ـ، 1936 ـ يىللىرى ئۈچ تۇركۇمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا نۇرغۇن قىرغىز ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ.

«قاچاق قىرغىز ئەسكەرلىرى» تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ستالىن بىلەن شىڭ شىسەي ئىككىنچى قەدەمنى باسىدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى[1] بولۇپ تەيىنلىنىپ بىرەر ئايمۇ ئۆتمەي تۇرۇپ، يەنى

---

[1] شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا ليۇ بىڭ دېگەن خەنزۇنى تەيىنلىگەن. ئۇ، شىڭ شىسەينىڭ دوستى، شۇنداقلا جاڭ پېييۈەننى يوقىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. ليۇ بىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە، شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى»گە ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى مەنىۋى جەھەتتە قوللىغان. چۈنكى، شىڭ شىسەيمۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىغا مەھلىيا قىلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل تەرەققىيپەرۋەرلىك تونىنى كىيىۋالغانىدى. مەسىلەن، ئۇ 1936 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى نىياز شېرىپنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا مائارىپ بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا مەدەت بېرىپ، مەخسۇس تېلېگرامما ئەۋەتكەن. مۇشۇنداق سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ليۇ بىڭ بىر قېتىم مەتبەلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىغا قوڭغۇراقنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن يەڭ بەلگىسى تاقاپ قويغان. بۇ ئارقىلىق مەتبەلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە خەلقنى ئويغىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. 1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا جاڭ يۈفېننى قويغان. ليۇ بىڭ شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان.

1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى رىبالكىن دېگەن بىر ساقاللىق رۇسنى قەشقەرگە مەھمۇت شىجاڭنىڭ دىۋىزىيىسىدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن مەشقاۋۇللۇققا ئەۋەتىدۇ. بۇمۇ مەھمۇت شىجاڭنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە قىلىنغان بىر ئىش ئىدى.

رىبالكىن چەۋەندازلىق، قىلىچۋازلىق ۋە ھۇجۇم قىلىش سەنئىتىگە ناھايىتى پىششىق بولغاچقا، ھەركۈنى مەھمۇت شىجاڭغا قاراشلىق 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى تۈمەن دەرياسى بويىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارغا چەۋەندازلىق ۋە قىلىچۋازلىقنى مەشق قىلدۇرغان. ئۇ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن مەھمۇت شىجاڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ مەھمۇت شىجاڭغا قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرىدىن بىر قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەتكەن. مەھمۇت شىجاڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، قۇربان سەئىد، قۇربان نىياز، ئابلا قاتارلىق ئۈچ ئوفىتسېرنى بىر يىللىق مۇددەت بىلەن تاشكەنتكە ئەۋەتكەن. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەربىي ئىلىم بىلەن قوراللانماي، بەلكى باشقا بىر شۇملۇقلار بىلەن قوراللىنىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئاللىقاچان قۇربان سەئىدنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، قۇربان نىيازنى 2 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىقىغا، ئابلانى 4 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىقىغا بەلگىلەپ بولغانىدى.

1935 ـ يىلى، شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەم خوجىنىياز ھاجىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىش ئۈچۈن، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئاپرېسوۋنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، مەھمۇت شىجاڭغا 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ سەمەت ھاجى

قاتارلىق ئون نەچچە ئوفىتسېرنى ئۈرۈمچىدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن سۆيۈنگەن خوجىنىياز ھاجى 1935 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبر كۈنى «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنىڭ 25 ـ سانىدا خىتابنامە ئېلان قىلغان. «شىنجاڭدىكى بارلىق دوتەي، شيەنجاڭلارغا، دوپ بېگى، شاڭيۇ، مەدەنىي ـ مائارىپ خادىملىرى ۋە بارلىق يۇرت چوڭلىرىغا، بۇلار ئارقىلىق ھەممە ئۇيغۇر خەلقىگە خىتابنامە» دەپ سەرلەۋھە قويۇلغان بۇ خىتابنامىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«... مەن خەلقنى جەبر ـ زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، زالىملار بىلەن رەھىمسىز ئۇرۇشتۇم، ئادالەتپەرۋەر، ھەقىقەتچى بۈيۈك داھىيمىز شېڭ دوبەن جانابلىرىمۇ زالىم خۇنخورلارغا قارشى چىقىپ، مېنىڭ بىلەن دوستلاشتى. نەتىجىدە، زالىملارنىڭ توپىسى كۆككە سورۇلدى... ھازىر خەلقىمىز تىنچلاندى، تەپرىقلەر بېسىلدى. خەلق ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، باي بولۇشقا جان ـ دىلى بىلەن كىرىشتى. شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇقلۇق بولدى. مانا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگۈسى كەلمىگەن، ھەقىقەتتىن كۆز يۇمغان بەزى ئادەملەر، ئۆزىنى داھىي ھېسابلاپ يۈرگەن بەزى كىشىلەر چەتلەردە ۋە بەلكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئىچىمىزدە تۈرلۈك پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقاتماقتا. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بەزىبىر ئېلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يۇرت ئىچىدە تۈرلۈك ئالدى ـ قاچتى،

نىرى ـ بىرى سۆزلەر تارقالغانغا ئوخشايدۇ. ‹خوجىنىياز ھاجى خىتايلارغا سېتىلدى، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە مۇستەقىل بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇرالار ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى، ئىنقىلاب نەتىجىسىز بولدى، بىزنى خىتايلار ئەزمەكتە› دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەت ـ ئىغۋالارنى تارقاتقۇچىلارمۇ بارغا ئوخشايدۇ.

بۇ خىيالپەرەس، پىتنىخور، خائىنلار ئويلىمامدۇ؟ شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت ئون ئۈچ بۆلەك بولۇپ تۇرسا، نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ بۆلەك ـ بۆلەك بولۇش دېگەن سۆز بىر ياقتىن ئۆز ئىچىدە دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى ياقتىن جاھانگىرلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈش دېگەن سۆز ئەمەسمۇ؟ بۇ خائىنلار كۆرمەمدۇ؟ خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇڭلار دەپ، ياپونىيە مانجورىيىنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. مۇنداق دەللاللەر جىق.»

«ھەممىڭلار ۋە ھەممە خەلقىمىز ياخشى بىلسۇنلەركىم، مەن سوقۇشقان ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە ھۆكۈمەت قىلاي، ئۆزۈم ئۇلارغا پادىشاھ بولاي، باشقا مىللەتلەرگە تامام قارشى تۇراي دەپ سوقۇشقان ئەمەس. مەن خەلقنىڭ ھايۋان ئورنىدا دەسسىلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، زالىملارنى يوقىتىپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ھەممە مىللەت ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادالەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلسۇن دەپ سوقۇشقان. مەن ھازىر شۇ مەقسىتىمگە يەتتىم».

بۇ خىتابنامە مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشقان:

«ئەي ئەزىز ئۇيغۇر مىللىتىم، كېلىڭلار، شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت بىرلىكتە، بىر سەپكە تىزىلىپ، ھەممىمىز بىر كىشىدەك جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ، خاقان مەملىكىتىنىڭ بىرلىكى ۋە بۆلۈنمەسلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭنى بۈيۈك خاقان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۆلۈنمەس بىر ئۆلكىسى قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى. خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئالغا چامدىتايلى، خەلقىمىزنى ئىلىم - بىلىملىك، ھۈنەرلىك، ھەر ئىشقا ماھىر قىلىپ، مەدەنىي مىللەتلەرنى قوغلاپ يېتەيلى. دوستلىرىمىزنى كۈلدۈرۈپ، دۈشمەنلىرىمىزنى زار - زار يىغلىتايلى.»

سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، شېڭ شىسەي ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن. بۇ جەرياندا سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ مۇرتلىرىغا ئايلانغان.

مەھمۇت شىجاڭ ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن سەمەت ھاجى تۇەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

مەھمۇت مۇھىتى ھەرقانچە قىلسىمۇ شېڭ شىسەيگە ئىشەنچ قىلالمىغان. شۇڭا ئۇ شېڭ شىسەي بىرنەچچە قېتىم ئۈرۈمچىگە چاقىرتسىمۇ، سەۋەب كۆرسىتىپ بارغىلى ئۇنىمىغان. شېڭ شىسەي قەشقەردە مەھمۇت شىجاڭنىڭ، قۇمۇلدا يولۋاسنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئاپرېسوۋغا مەسلىھەت سېلىپ: «مەھمۇت بىلەن يولۋاسنى ئۈرۈمچىگە نەچچە

قېتىم چاقىرتساممۇ، ھېلىغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بۇ ئىككىسى خوجىنىيازنىڭ ئىككى قانىتى، خوجىنىياز بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەتلەر بولسىمۇ، بەزى ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ يارىشىپ قېلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ ساقلىنىپ تۇرىدىكەن، خوجىنىيازدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ» دېگەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئاپرېسوۋ شېڭ شىسەيگە: «دەرۋەقە، خوجىنىيازنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شۇ ئىككى قانىتىنى قايرىۋېتىش كېرەك. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇش لازىم. بىز بۇنىڭ چارىسىنى ئويلىشىپ قويغانمىز» دەپ، سومكىسىدىن ئۈچ ئادەمنىڭ يېرىم گەۋدىلىك چۈشكەن ئۈچ پارچە سۈرىتىنى چىقىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا قويغان.

ئاپرېسوۋ بىرىنچى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ سۈرەتتىكى قويۇق بۇرۇت قويۇۋالغان، گۆش يۈزلۈك، يالاڭباش، پولتايغان كۆزلۈك قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئادەمنى سىيت ھاجى دەپ تونۇشتۇرغان؛ ئىككىنچى سۈرەتتىكى كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان، تاز چىراي، بادام دوپپىسىنى چۆكتۈرۈپ كىيىۋالغان، سەل مۈكچىيىپ تۇرغان ئادەمنى ھاشىم ھاجى دەپ تونۇشتۇرغان؛ ئۈچىنچى سۈرەتتىكى ئوتتۇز بەش ـ ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى بۇدۇر چاچلىق، سۆرۈن تەلەت، كۆزلىرىدىن كىبىر ۋە غۇرۇر تەلۋىلىكى چىقىپ تۇرغان ئادەمنى قادىر ھاجى دەپ تونۇشتۇرغان ۋە:

— بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن. ئەمەلىي كۈرەش تەجرىبىلىرىگە باي، قابىل خادىملار. ئۇلارغا قەتئىي ئىشىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسى شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلار، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، دېگەن.

ئاخىرىدا، سېيىت ھاجىنى ئۆرۈمچىدىكى، ھاشىم ھاجىنى قۇمۇلدىكى، قادىر ھاجىنى قەشقەردىكى ساقچى ئورگانلىرىدا ئىشلەتسىگىز مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ قوشۇپ قويغان. شىڭ شىسەي:

— بۇ ئەپەندىلەر قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟ — دەپ سورىغان. ئاپرېسوۋ:

— دوبەن جانابلىرى رازىلىق بىلدۈرسە، پات ئارىدا چېگرىدىن ئۆتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

قادىر ھاجى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورىنى پۈتۈن قەشقەرگە يايغان. مەھمۇت شىجاڭ قادىر ھاجىنىڭ ئاخبارات تورىنى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىگە ئاللىبۇرۇن يېيىپ بولغانلىقىنى، ئاتالمىش قىرغىز قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ قادىر ھاجىنىڭ ئاخبارات خادىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان. شۇڭا، ئۇ ھوشيارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، مىللەتپەرۋەر زاتلار ۋە زىيالىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىۋى ئاساسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە «قان ئىچەر ئۈچ ھاجى» دەپ نام ئالغان ئۈچ ھاجىنىڭ ئىچىدىكى قادىر ھاجى تەخمىنەن 1900 - يىلى قەشقەر بەشكېرەمنىڭ قازىرىق كەنتىدە (ھازىر قوغان يېزىسىغا تەۋە) دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قادىر ھاجىنىڭ دادىسى ھاشىم ئاخۇن تەخمىنەن 1918 - يىللىرى ئىككى ئوغلى — زاھىر بىلەن قادىرنى ئېلىپ ھەجگە بارغان. قايتىشىدا، زاھىرنى تۈركىيىدە، قادىرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان. قادىر شۇنىڭدىن كېيىن «قادىر ھاجى» دەپ ئاتالغان. ئۇ تاشكەنتكە ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، 1921 - يىلىدىن 1925 -

يىلىغىچە موسكۋا داشۆسىدە ئوقۇپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ساۋاقدىشى نەمەنگانلىق زەينەپ بابايېۋا (1904 — 1983) بىلەن توي قىلىپ، ھاشىموۋ ئارسلان (1922 — 1982) ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. قادىر ھاجى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە خىزمەت قىلغان ھەم سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭغا كىرىپ، قەشقەر تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تەييارلىق قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشپىيونى بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى مىش - مىش گەپ ئاللىبۇرۇنلا قەشقەرگە تاراپ كەتكەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، دادىسى ئۇنىڭغا ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. قادىر ھاجى قەشقەر ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىچە پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، 1929 - يىلى مەخپىي ھالدا ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، ئۇ يەردە، بىرنەچچە يىل يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇچتۇرپاندىن بىر قىسىم ئادەم يېتىشتۈرگەن. كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. 1935 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 5 - ئايدا، قادىر ھاجى چېگرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىپ، مەزكۇر ئىدارىگە «مەسلىھەتچى» سالاھىيىتى بىلەن ئىشقا چۈشكەن. 1936 - يىلى بۇ ئىدارە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. كېيىن، قادىر ھاجى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن.

قادىر ھاجى قەشقەرگە كەلگەن 1935 - يىلى ئۆزىنىڭ خەلق

ئارىسىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يۇرتى قازىرىقتا مەكتەپ ئېچىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك خىش - كېسەكلەرنى بەشكېرەم تەۋەسىدىكى «قاراخان پادىشاھىم مازىرى»، «ئوسمان بۇغراخان مازىرى» قاتارلىق قەدىمىي قۇرۇلۇشلاردىن ئېلىپ ئىشلەتكەن. 1935 - يىلى تەسىس قىلىنغان قەشقەر سىفەن مەكتىپىگە[1] پات - پات كېلىپ، سىياسىي - قانۇندىن لېكسىيە سۆزلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا قادىر ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان ئادىمى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بولغانىكەن.

بىر قىسىم تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭمۇ قادىر ھاجىغا ئوخشاش ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىرى بولغانلىقى مەلۇم.

1937 - يىلى، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قانخور قىياپىتىنى رەسمىي ئاشكارىلىغان. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغان. چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ كىچىك ئىشلىرىغا قەدەر ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدا بولغان شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا ئەينى ۋاقىتتا قوزغالغان سولچىل باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئۈلگە قىلغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئالمۇتالىق ئۇيغۇر يازغۇچى رابىك ئىسمائىلوۋ ئۆزىنىڭ «شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ قۇربانلىرى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «1937 -، 1938 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم تەبىئىتىگە، لېنىن قۇرغان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ

---

① بۇ مەكتەپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوردا ئىشىكى دېگەن جايىدا قۇرۇلغان، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ھېسامىدىن ئەپەندى مۇدىر بولغان.

سىياسىتىگە خىلاپ ھەرىكەت قوزغىلىپ. . . بىرىنچى تۈركۈمدە، ئەڭ ياخشى كادىرلار، ھەقىقىي لېنىنىزمچىلار، پارتىيە رەھبەرلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ قۇربان بولدى. قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ئېتىپ تاشلانغانلار، لاگىردا ئازاپ چېكىپ ئۆلگەنلەر سانسىز. بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك سوۋېت مەملىكىتىدىكى بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر زەربە، ئاز سانلىق خەلقلەر ئۈچۈن ھالاكەتلىك تارىخ بولدى. شۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلاردۇر. . .»[1]

شېڭ شىسەيمۇ 1937 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر زىيالىيلارنى، خەلقپەرۋەر ئەمەلدارلارنى، كۆزگە كۆرۈنگەن بايلارنى ۋە سودىگەرلەرنى قارا - قۇيۇق قولغا ئالغان، مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. پەقەت قەشقەرنىڭ ئۆزىدىنلا بەش مىڭ كىشى قولغا ئېلىنغان. ئەمما، شېڭ شىسەي مۇشۇ جەرياندا ئىككى كىشىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، قانلىق قىلىچىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا تەڭلىمىگەن. ئۇنىڭ بىرى ئۇلۇغچاتلىق ئىسھاقبېك، يەنە بىرى قەشقەرلىق ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - قىسىم 240 - بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، «1937 - يىلى 10 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەي دائىرىلىرى گېنېرال مايور ئىسھاقبېككە ئىككى ئالتۇن ئوردېن بەرگەن.» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 12 - قىسىم 133 - بېتىدە

① رابىك ئىسمائىلوۋنىڭ بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى سانىدا كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىنغان.

كۆرسىتىلىشىچە، شىڭ شىسەي يەنە ئىسھاقبېككە نۇرغۇن پۇل ياردەم قىلغان. ئىسھاقبېك بۇ پۇلغا تۆت مىڭ دانە قوي، ئىككى يۈز قوش ھۆكۈز ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، قويلارنى كەمبەغەل قىرغىزلارغا تارقىتىپ بەرگەن، يەتىمسىز ئائىلىلىك نامرات قىرغىزنى ئۇلۇغچاتقا قاراشلىق قىزىلتۇيغا يۆتكەپ ئەكىلىپ، يەر، قوش، چارۋا بېرىپ، ئۇلارنى شۇ جايغا ماكانلاشتۇرغان.»

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بولسا، مىڭلىغان كىشىلەر خانىۋەيران قىلىنىۋاتقان چاغدا، يەنى 1937 - يىلى كۈزدە قەشقەرگە ۋەن شەنتىڭنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن.

«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 - قىسىم 243 - بېتىدە: «1938 - يىلى، قەشقەردىكى داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر زات، مۇۋەققەت ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى» دەپ يېزىلغان. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1955 - يىلى سەكسەن بەش يېشىدا قەشقەردە ئۆلگەن.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن قادىر ھاجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى قويۇق بولغان.

ئەمما، بۇ ئىككى «ئالاھىدە شەخس» ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى كۈنلەردە سۈركىلىش يۈز بەرگەن. ئەسلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1923 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1925 - يىلى ما شاۋۋۇ ئۇنى «سوۋېت تەرەپنىڭ ئادىمى» دەپ قولغا ئېلىپ ئاقسۇغا پالىغان. 1933 - يىلى تۆمۈر ئېلى كۈچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاقسۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزىنىڭ تۈرمىگە

ئېلىنىشىدا ئۆمەر باينىڭ قولى بار دەپ بىلگەچكە، ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجىغا ئۆمەر باينى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. قادىر ھاجى ئۆمەر باي بىلەن بەك يېقىن بولغاچقا، باھانە كۆرسىتىپ ئۇنى قولغا ئالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتتىق غەزەپلىنىپ، قادىر ھاجىنى يوقاتمىغۇچە ئۆمەر باينى يوقاتقىلى بولمايدىكەن دەپ سۆزلەپ يۈرگەن. ھەقىقەتەنمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قادىر ھاجىنى قولغا ئالدۇرۇۋەتكەن. قادىر ھاجى 1937 - يىلى كۈزدە قولغا ئېلىنغان، ئاۋۋال ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نورۋىگىيىگە تۇتىشىدىغان يېرىدىكى تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلگەن. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئالمۇتاغا قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە ئۆلگەن.

1937 - يىلى، قادىر ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە مۇۋەققەت ۋالىي بولغان. قادىر ھاجى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. قادىر ھاجىنىڭ قويۇق مۇناسىۋەت قىلىدىغان ئادەملىرى ئىچىدە يەنە، قەشقەرگە 1936 - يىلىدىن باشلاپ ۋالىي بولغان سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ باۋچەن[1] ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەشقەر گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن لىيۇ بىڭ ۋە

---

① ۋاڭ باۋچەندىن ئىلگىرى قەشقەرگە خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان ما شاۋۋۇ ۋالىي ئىدى. 1935 - يىلى ئۇنىڭغا مەخپىي ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالانغىلى كەتكەن.

«قىرغىز قاچاق ئەسكەرلەر» نىڭ باشلىقى مەۋلانوپ قاتارلىقلار بار ئىدى.

مانا مۇشۇنداق كۈچلەرنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى بىلەن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان 6 ـ دىۋىزىيىدىكى تەسىر كۈچى شۇنداقلا قەشقەر جەمئىيىتىدىكى نوپۇزى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاشقان ۋە زىيانغا ئۇچرىغان.

1935 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە كەلگەن. بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە مەنسۇر ئەپەندى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىم بولغاچقا، ئۈرۈمچىدە تۇراتتى، قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ، سىياسىي سېنزورىغا مەسئۇل ئىدى. مەنسۇر ئەپەندى قەشقەرگە كەلگەندە، مەلۇم بىر يىغىندا سۆز قىلىپ، قەشقەردە چىقىۋاتقان «يېڭى ھايات» گېزىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. «يېڭى ھايات» گېزىتى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى بىلەن، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت ئىدى. مەنسۇرنىڭ تەشەببۇسى مەھمۇت مۇھىتىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەن ھەم ئۇنىڭ شېڭ شىسەيگە نىسبەتەن بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ قوزغىغان.

1936 ـ يىلى، قەشقەردە تەسىر كۈچى زور دىنىي زات ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن.

ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان «شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئاۋام كونفىرېنسىيىسى» غا قاتناشقاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ

كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلغان. ھەتتا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن كېيىن دۇنياغا يەنە پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دېگەن، ئەگەر كېلىدۇ دېگەن بولسا، مانا مۇشۇ شېڭ دوبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى»[1] دەپ سۆزلەپ يۈرگەن.

1936 - يىلى 5 - ئايدا، شېڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ۋاڭ باۋچەنگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، سودا - سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل دامولىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەھمۇت شىجاڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل دامولىنى چايغا چاقىرىپ ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئىككى ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شېڭ شىسەي قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى ليۇ بىڭغا نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ليۇ بىڭ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئابدۇراخمان ھاجى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن سەپدىشى ئەمەتقۇل ھاجىنى «يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشىنى پىلانلىغان» دەپ قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ۋەقەلەر مەھمۇت شىجاڭنى شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەر، يەكەن، پەيزاۋات، مەكىت ۋە

---

① بۇ نەقىل ليۇ زىشاۋنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 669 - بېتىدىن ئېلىندى.

يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا مەھمۇت شىجاڭنى قوللايدىغان ئۇيغۇر قىسىملىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ كونكرېت ھەرىكەت قوللىنىش مەقسىتىدە، 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يېقىن ھەربىي ئەمەلدارلىرىغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت سالىدۇ. مەسلىھەتتە بەزىلەر «پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئىشنى بولدى قىلىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن سەمەت تۆەنجاڭ بۇ ئەھۋالنى لىيۇ بىڭغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا مەخپىي دوكلات قىلىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ سەمەت تۆەنجاڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى دەرھال قولغا ئالىدۇ. 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنى ئۈرۈمچىگە يەنە چاقىرتىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ 1937 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شېڭ شىسەيگە قارشى ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىش توغرىسىدا ئىككىنچى قېتىم مەخپىي يىغىن ئاچىدۇ. دىۋىزىيە شتاب باشلىقى قۇربان سەئىد قارشى تۇرغاچقا، بۇ ئىشمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى لىيۇ بىڭغا چېقىپ قويىدۇ. 3 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنى ئۈرۈمچىگە يەنە چاقىرتىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ، بىر تەرەپتىن قېچىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر كاتتىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە بارماسلىقىنى تەلەپ قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى نامايىش قىلدۇرىدۇ.

1937 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مەھمۇت شىجاڭ ئوۋ قىلىش باھانىسى بىلەن ئاقتۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىن يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىقلارغا ئۆتۈپ، لاداق يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا

ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، پۈتكۈل شىنجاڭ ۋەزىيىتى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

ئابدۇكېرىم مەخمۇتوپ ئەپەندىنىڭ «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە ئەمەلىي تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يېزىلغان:

«1937 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ‹12 ـ ئاپرېل› تەنھەرىكەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، ‹ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن› دەپ، ياراملىق ئوقۇغۇچىدىن ئىككى يۈزنى تاللاپ مەشىق قىلدۇرىدۇ. ئەسلىدە، 1937 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە يولغا چىقماقچى ئىدۇق، لېكىن شۇ كۈنى قەشقەر شەھىرىگە بېرىش توغرۇلۇق ھېچبىر شەپە بولمىدى. ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازلىقى بىلەن دائىم كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان ئۇستازىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك ۋە غەم ـ ئەندىشە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇنى كۆرۈپ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ‹ئەپەندىم، نېمە بولدى؟ شەھەرگە قاچان ماڭىمىز؟› دەپ سوراشقا باشلىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەشۋىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دەرھال ئۇلارنى سىنىپقا يىغىپ: ‹خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەخمۇت شىجاڭ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە، دىۋىزىيىدىكى ئۆزىگە ئەگەشكەن ئەسكەرلەرنى باشلاپ، يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە كېتىپتۇ. ھازىر قەشقەر شەھىرىدە ۋەزىيەت ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. بۇ نۆۋەت بايرامغا بارساق، ئەھۋال بىزگە پايدىسىز بولىدۇ، بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئەگەر بارمىساق، ھۆكۈمەت تەرەپ ئاتۇشلۇقلار مەھمۇت شىجاڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كەلمىدى دەپ

قاراپ، بىزگە تېخىمۇ ئېغىر مالامەت كەلتۈرىدۇ، قورقماي بارايلى!»، دېدى. شۇنداق قىلىپ، بىز 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە پىيادە يولغا چىقىپ، كەچ سائەت ئۈچكە قالماي قىزىلدۆۋە كەنتىدە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان جايغا يېتىپ باردۇق. شەھەر خەلقىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەنىكەن، چاپلانغان ئېلانلاردا، قۇربان سەئىد دېگەن ئادەمنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭ بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. بىز «12 ـ ئاپرېل» تەنھەرىكەت بايرىمىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئۆزۈڭلۇق قىلىدىغانغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىزنى ئوغرىغا بەرگەندىن باشقا، خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىمىدۇق.[1] بىز ھەممىمىز كېيىن ئاتۇشقا سالامەت قايتىپ كەلدۇق.»

مىرئەھمەد سىيت ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇت شىجاڭنىڭ قاچماقچى بولغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەردار ئىكەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى بۇ قېتىمقى بايرامدا سەھنىگە چىقىپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى مەيدانىنى ئىپادىلىگەن:

قارا ـ قارا قاغىلارنىڭ قاناتى بولساق،

---

[1] بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان: ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇش ئىزچىلىرى تاماققا ئىشلىتىش ئۈچۈن توققۇز بورداق قوي ئېلىپ بارغان. بارغان كۈنى توختاجى دېگەن كىشىنىڭ سارىيىدا قونغان. ئەتىسى قويدىن ئۈچى ئوغرىلانغانلىقى مەلۇم بولغان. توختاجى دېگەن كىشى خىجىل بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندىدىن ئەپۇ سورىغان. مەمتىلى ئەپەندى سەزگۈر ئىزچىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئىز قوغلىتىپ، بۇ قويلارنى پاختەكلىدىكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدىن تاپقان. بۇ ئوغرى ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ ئۆزىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتقان.

ئېگىز ـ ئېگىز دەرەخلەرنىڭ شاخىغا قونساق.
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ شاگىرتى بولساق،
بىزگە قەست قىلغان دۇشمەنلەرنىڭ جېنىنى ئالساق.

قايتارمىسى:

ئۆرگۈلدى پەلەك، چۆرگۈلدى پەلەك،
ماڭغان يولىمىز كونىسىدىن بۆلەك.[1]
. . . . . . . . . . . . . . . .

ئاتۇش ئىزچىلىرى بۇ ناخشىنى ئوقۇغاندا، مەيداندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىغان.

بۇ قېتىمقى بايرام ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ھەم مەنىسىز ئۆتكۈزۈلگەن. ئاتۇش ئىزچىلىرى قايتىدىغان چاغدا، قەشقەر ئىزچىلىرى ئۆز يېتەكچىسى مەجىددىن ئەپەندىنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغانلىقىنى ئېيتىشىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقان. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم قول ئېلىشىپ خوشلاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن قەشقەردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرغان، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىزچىلىرى بىلەن شۇنداقلا مەسلەكداشلىرى بىلەن پات ـ پات پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرغان.

بىر كۈنى مەمتىلى ئەپەندى ناھايىتى غەلىتە بىر چۈش

---

[1] خەلق ناخشىسى ئاساسىدا رەتلىنىپ ئېيتىلغان بۇ ناخشىنىڭ داۋامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ بۇ چۈشىنى «توپلانتى»غا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ:

— مەن ئاخشام ئىنتايىن غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم، سۆزلەپ بېرەي، سىلەر تەبىر بېرىپ بېقىڭلار، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بولغان بولسا، شۇنىڭغىلا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم، چۈنكى، ئاللا ئۆز پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە پەقەت يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغىلا ھەرقانداق چۈشكە توغرا تەبىر بېرىش خىسلىتىنى بەرگەن ئىمىش، شۇنداق بولسىمۇ، سىلەر بىر ئاڭلاپ بېقىڭلار... چۈشۈمدە بىر تۆگە مېنى ئالدىغا سېلىپ مەكتەپ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، سەن سىنىپتىكى قىزلاردىن بىرسىنى ئېلىپ چىقىپ بېرىسەن دېدى، مەن ئەلپازى يامان بۇ تۆگىدىن قورقۇپ، دەرھال بىر قىزنى ئېلىپ چىقىپ بەردىم. شۇ ھامان ئويغىنىپ كەتتىم...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغان مۇئەللىملەر بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالىدۇ. بىر مۇئەللىم: «ئەپەندىم، مېنىڭچە بۇ ھېچقانچە قورقۇنچلۇق چۈش ئەمەس، ھېچقانچە مەنىسى يوق» دەيدۇ. مەمتىلى ئەپەندى بۇ مۇئەللىمنىڭ كۆڭۈل تىندۇرىدىغان سۆزلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ: «مېنىڭچە بۇ چۈشتە بىر گەپ بار. كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىۋاتىدۇ، سىلەر كۆڭۈل ياسىماي، ئوچۇق-يورۇق تەبىر بېرىپ بېقىڭلار» دەيدۇ. ئاندىن ئابدۇراخمان شائىرغا قاراپ: «سەن بىر تەبىر بېرىپ باقە!» دەيدۇ.

ئابدۇراخمان شائىر مىڭ تەستە سۆز باشلاپ: «ئۆزلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغان تۆگە ئەزرائىل، ئۆزلىرى ئېلىپ چىقىپ بەرگەن قىزنى ئادەمنىڭ جېنىمىكىن دەپ ئويلايمەن» دەيدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىم دەرھال: «تەبىــــرىڭگە قانائەتلەندىم، چۈشىنىڭ ئوڭغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن مەن بۇ چۈش ئۈچۈن ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيمەن. بىزنىڭ جېنىمىز ئاللانىڭ ئىلكىدە. ھاياتلىق بولىدىكەن، تۇرمۇش بولىدىكەن، غەم ـ ئەندىشىلەردىن، ئۇنداق يا مۇنداق تەشۋىشلەردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بۇرۇن بىــر پادىشاھ ئۆتكەنىــــكەن، ئۇ ۋەزىرلىرىنى بىر يەرگە چاقىرىپ، ئۆزى شۇنچە قۇدرەتلىــك پادىشاھ بولسىمۇ، غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ، مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇغانىكەن:

جىمى ئالەم مېنىڭ بولسا،
غەمىم يۈتمەس، نەدىندۇر بۇ؟

ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئارىسىدىكى پاراسەتلىك، دانىشمەن بىر ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

ئەزەلدە غەم تۇرابىدىن،
بىنا بولغان بەدەندۇر بۇ!

دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. شۇڭا، غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، مەندىكى غەم، بىرلا سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ۋەتەن غېمى، مىللەت غېمى. بۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك غېمىم يوق. ھازىر ۋەزىيەت داۋالغۇپ قالدى. بۇنداق شارائىتتا، ۋەتەنننىڭ غېمىنى، مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلغانلارنىڭ ھاياتى خەۋپتىن خالىي بولالمايدۇ. باشقا غەمنى يېيىش بىھاجەت.

بۇ نە غەم؟ بۇدە كېتەر،
ئويلىما ھېچ، بۇدە كېتەر.
تازا بول، قورقما، چېلىش،
زادىي ھايات بۇدە كېتەر.
ئۆلمەيىن ھايات قالسام،
بۇمۇ ھەم تۈگەپ كېتەر.

مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى بۇ شېئىرنى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، ئىنتايىن جۇشقۇن ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرغان. يىغىننىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن سۈرلۈك تۈس ئالغان. يۈزلەر ھاياجاندىن قىزىرىپ، جۇپ كۆزلەردە ئوت چاقناپ كەتكەن. سورۇننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ قەلەم تەۋرىتىپ ئولتۇرغان ئابدۇراخمان شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەمنى لەرزىگە سالىدىغان جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇنۇ غەزەلنى دېكلاماتسىيە قىلغان:

كۆيۈمچان ئوت يۈرەك باغۋەن ئۇلۇغ ئۇستازىمىز بىزنىڭ،
يۈرەكتە مەڭگۈ پارلايدۇ ئەقىدە ـ مېھرىڭىز سىزنىڭ.

كى غەمدىن تېز خالاس بولدۇق، كۆڭۈلدە قالمىدى غەشلىك،
ۋەتەن، مىللەت باھارىغا سوقار پاك قەلبىمىز بىزنىڭ.

ئۆگەتكەن سىز «ۋەتەن ـ ئەلنى سۆيۈش ھەركىمگە بۇرچتۇر»،
شۇڭا سىزنى قىلىپ ئۈلگە داۋاملاش ئەھدىمىز بىزنىڭ.

كۆرەشكە بەلنى چىڭ باغلاپ، توساقلارنى بۆسۈپ تاشلاپ،

ئىلىم ـ ئىرپان يولىنى بويلاپ مېڭىش چىن قەرزىمىز بىزنىڭ.

مەگەر شۇم قاغا ـ قۇزغۇنلار باھارىمنى خازان قىلسا،
پىدا ئەيلەپ بۇ جانلارنى يوقاتماق شەرتىمىز بىزنىڭ.

قەسەم بەر، ئابدۇراخمان سەن چىۋەر ئۇستاز ھۇزۇرىدا،
ۋەتەن، مىللەت ئۇمىدىنى ئورۇنداش ۋەدىمىز بىزنىڭ.

ئابدۇراخمان شائىرنىڭ بۇ شېئىرى مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ قېتىمقى «توپلانتى» ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى بىر كۈنى بالىچىلاپ بېقىۋالغان ئىنىچىسى مىرئەھمەت سېيىتنى بىللە ئېلىپ ئاتلىق تەختىيۇنغا چىقىپ، داڭلىق ئۆلىما سالىھ داموللا ھاجىم ① بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن. سالىھ داموللا ھاجىم مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مىرئەھمەت سېيىتنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئۇ:

— ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلدىلە ئەپەندىم. مەنمۇ ئۆزلىرى بىلەن مۇلاقات بولۇپ كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتىم، — دېگەن. مەمتىلى ئەپەندى: «جانابلىرىدىن ئەھۋال سورىغاچ،

---

① سالىھ داموللا ھاجىم (1957 — 1895) شىنجاڭدا تەسىرى بار دىنىي ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابى. ياش ۋاقتىدا قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ، تەختىيۇندا مەكتەپ ئاچقان، شەخسىي رومال زاۋۇتى قۇرغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بەش پارچە ئىلمىي ئەسىرى بار. ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلار دىۋانى يوقىلىپ كەتكەن. 1944 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاتۇشتا چوڭ كەلكۈن كەلگەندە يازغان «كەلكۈن» ناملىق چوڭ شېئىرى خېلى مەشھۇر بولۇپ، بۇ شېئىر «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

مۇڭدىشىپ كېلىش ئۈچۈن، ھۇزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدىم» دېگەن.

پارىڭ ئارىلىقىدا سالىھ داموللا ھاجىم:

— ئەپەندىم، ئەھۋال باشقىچىرەك تۇرىدۇ. خۇدا ئەھۋالاتلارنى يەڭگۈشلەپ تۇرغۇچى. قارىغاندا، ئىنقىلاب يولىنى تۇتقانلارنىڭ تەقدىرى كۈلۈپەتكە دۇچ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ قېچىپ قۇتۇلدى، ئەمما نۇرغۇن خەلقپەرۋەر ئوغلانلىرىمىز خەۋپتە قالدى. خائىن-مۇناپىقلار قۇتراپ كەتتى. قادىر ھاجى بىلەن مەۋلانوپىنىڭ ئىشپىيونلىرى ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ بالا - قازانىڭ بىشارىتى. شۇڭا مەلۇم ۋاقىت ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭ. ئىلكىڭىزدە ياخشى ئات بولغاندىن كېيىن، كېچىلەپ قېچىپ يەكەن تەرەپكە كېتىڭ. ئۇ يەردە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرى تېخى بار ئىكەن. كونىلارنىڭ «يېغىدىن يارغا قاچ» دېگەن تەمسىلى بار. ئويلاپ كۆرۈڭ! — دېگەن.

مەمتىلى ئەپەندى قەددىنى رۇسلاپ:

— داموللا ھاجىم، سۆزلىرى ئورۇنلۇق، پەلەكنىڭ چاقىنىڭ تەتۈر چۆرگىلەشكە باشلىغانلىقى ئېنىق. مەھمۇت شىجاڭنىڭ قېچىشى ئايرىم ئىش. مەھمۇت شىجاڭ قېچىشتىن ئىلگىرى مېنى ھەم قېچىشقا تەكلىپ قىلغان. مەجىددىن ئەپەندىمۇ مېنىڭ قېچىپ كېتىشىمنى توغرا تاپقان. جۈملىدىن، ئابباس چوڭمۇ قېچىپ كېتىشىمنى لايىق كۆرۈپ، مېنى دەۋەت قىلغان. لېكىن مېنىڭ قاچقۇم كەلمىدى. مەن قېچىپ كەتسەم، شاگىرتلىرىمغا يۈز كېلەلمەيدىكەنمەن. نېمە كۆرسەم، شۇلار بىلەن تەڭ كۆرەي دەپ ئويلىدىم. «ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ» دەپتىكەن. ۋەتەن، مىللەت يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، ئىنقىلاب قىلدۇق. تۇتۇلۇشتىن قورقساق، بۇ

ئىشلارنى قىلمىغان بولاتتۇق، ئۈمىد - ئارزۇلىرىمىنىڭ دەرۋازىسى بىر مەھەل ئېچىلىۋېدى، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلىنىش پۈرسىتىگە ئىگە قىلدىم، مانا بۈگۈنكى كۈندە، ئاتۇشتا ئون مىڭدىن ئارتۇق قىز - ئوغۇل تەلەبەلەر مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇپ ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەن قانداقمۇ قېچىشقا پېتىنالايمەن؟ قىيالمايمەن ھاجىم، قىيالمايمەن، شاگىرتلىرىمغا قىيالمايمەن. ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاجىم يوق. يامىنى كەلسە، ئۆلتۈرۈۋېتەر. ئۆلۈمدىن قورققان بولسام، بۇ ئىشلارنى قىلماي، سىڭگەن نېنىمنى يېگەن بولاتتىم. قالغان ئىشلار خۇداغا ئامانەت، — دەيدۇ.

سالىھ داموللا ھاجىم بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى قايتماقچى بولۇپ خوشلىشىدۇ. مىر ئەھمەت سېيىت بۇرۇنراق چىقىپ، ئاتلارنى يېشىپ تەييارلاپ تۇرىدۇ. سالىھ داموللا ھاجىم ئەپەندىمنى ئىشىك ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقىدۇ. ئۇ، بوي - بەستى كېلىشكەن، كۆكرەكلىرى كەڭ، بۇغداي ئۆڭ، ھەرىكەتلىرى تولىمۇ چەبدەس، يارىشىملىق كاۋكازچە بۇرۇت قويۇۋالغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئارغىماقتەك چاپچىپ تۇرىدىغان قاراگىر ئېتىغا گويا جەڭگە ئاتلىنىۋاتقان باتۇر گېنېرالدەك مىنگەنلىكىگە قاراپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنىدۇ. سالىھ داموللا ھاجىم بۇ ئاجايىپ ئەزىمەتنىڭ قارىسى يىتكىچە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ...

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئىبلىسلارنىڭ جىنايەتلىك قارا قولى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئوت يۈرەك ئوغلانىغا ئاخىرى سوزۇلىدۇ.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە، مەمتىلى ئەپەندى ئادىتى بويىچە سومكىسىنى ئېلىپ ئۇيۇشمىغا بارىدۇ. بۇ

چاغدا، قەشقەر شەھىرىدىن كېچىلەپ يولغا چىقىپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوبۇلقاسىم ئادەملىرى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۆيۈشمىغا كىرىشى بىلەنلا، ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى قولغا ئالىدۇ. بۇ مۇدھىش خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەھەللىگە ۋە يېقىن مەكتەپلەرگە تارقىلىدۇ. شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان مىڭلىغان ئاما ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ساقچىلارنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان مەمتىلى ئەپەندىنى بىر سوك ـ سوك يالىڭاچ ئاتقا مىندۈرگەنچە ئارىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئەر ـ ئاياللار ئۈن ـ تىنسىز ئۆھ تارتىشىدۇ، ئوقۇغۇچىلار «ئەپەندىم!» دەپ ۋارقىراپ، ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. يالىڭاچ ئات ئۈستىدە مەھبۇس سۈپىتىدە كېتىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ خوشلىشىدۇ. ساقچىلار مەمتىلى ئەپەندىنى ئوتتۇرىغا ئالغان پېتى ئەختىماي مېڭىپ، قۇمالتاغ تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ...

مەمتىلى ئەپەندى ئۇدۇل قەشقەر ساقچى ئىدارىسىگە يالاپ ئاپىرىلغاندىن كېيىن، ساقچى باشلىقى قادىر ھاجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىلگەن. قادىر ھاجى مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ، كۆرەڭلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن. بۇ جاللاتنىڭ كۈلكىسىدە بىر يوشۇرۇن مەنا بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەمتىلى ئەپەندى تاشكەنتتە يۈرگەن چاغلىرىدا رۇسلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى مەسىلىسىدە قادىر ھاجى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭقۇر زىددىيەت پەيدا بولغان. قادىر ھاجى شۇ چاغدا،

مەمتىلى ئەپەندىگە يان قورالىنى چىقىرىپ تەھدىت سالغانىكەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىشى شېڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، غوللۇق، ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملىرىنى تۈتاش قىرىپ تاشلاپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى تېزلىك بىلەن يوق قىلىپ، بۇ مىللەتنى بىر مەزگىل باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە قوزغىغان ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قادىر ھاجىنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكىمۇ بۇ ئىشتا قوشۇمچە رول ئوينىغان.

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە قىسقا سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋاغ تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ 14 ـ كامېرغا تەنھا سولاپ قويۇلغان. شۇ كۈندىن باشلاپ، قەشقەردىكى يۈسۈپ زىيا ئەپەندىم، تۇرغۇن بايۋەتچە قاتارلىق داڭلىق زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى يالغۇز سولانغان كامېرنىڭ جەنۇبىي تېمىغا ئاتقا مىنگەن بىر ئادەمنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئاستىغا: «مەن 1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەيشەنبە بۇ يەرگە كىردىم، مېنى ناھەق قولغا ئېلىشتى» دەپ يېزىپ قويغان.[1]

شۇ كۈنلەردە، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى يەكەندە توقسۇنلۇق ئابدۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئابدۇنىياز خوتەننى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىگىلەپ ياتقان ما خۇسەنگە بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈش توغرۇلۇق ئەلچى ئەۋەتكەن. شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى

[1] بۇ نەقىل «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1986 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان مۇھەممەت ئوسمان يازغان « ‹ ئادەم كاۋېپى › ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى.

تىزگىنلەپ قىلىش ئۈچۈن، 1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئەسكەرلەرگە مۇنداق مۇراجىئەت چىقارغان:

«پۈتۈن ئەسكەر قېرىنداشلار!

سىزلەر تۆت مىليون خەلق ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خادىملىرى. چۈنكى، سىزلەر قانچە قۇربانلار بېرىپ، ئىسسىق قانلىرىڭىزلارنى ئاققۇزۇپ، نۇرلۇق ۋە شانلىق 4 ـ ئاي ئىنقىلابىنى مەيدانغا چىقاردىڭىزلەر ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇزۇق مىللىتارىستلارنى ۋە پارىخور، خائىن ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، نۇرلۇق 4 ـ ئاي ئىنقىلابىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ساقلاپ قالدىڭىزلەر، بۈيۈك، مۇقەددەس ئالتە سىياسەت يولىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردىڭىزلەر. بىز ھازىر مۇشۇ توغرا ۋە ھەقىقىي بۈيۈك سىياسەت شوئارىمىز بويىچە، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق، مانا شۇ يول بىلەن، بارلىق مىللەتلەرگە بۈگۈنكى كۈنگە ئوخشاش تىنچلىقتا راھەت ياشاپ، ئوقەت ۋە تىرىكچىلىك قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولدى.

دېمەك، مۇشۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشلاردا سىزلەر ئەڭ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭىز- لەر. خۇسۇسەن بىزلەر بىلەن بىرلەشكەن قۇجۇشى ھەم ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ چىن كۆڭۈل ۋە ساداقەتلىك بىلەن ھۆكۈمىتىمىزنى ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تىنچلىق نىگىزىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە بۇ

ئىشلارنىڭ ياردىمى زور بولدى.

يېقىندا قەشقەردىن مەھمۇت شىجاڭ ئورنىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئىشى خاتا بىر ئىش. بۇنى ھەركىم بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇزۇق نىيەت دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك قاپقىنىغا چۈشتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، يېڭى ھۆكۈمەت تىنچلىق ساقلاش ئاساسىدا يول تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسكەر قېرىنداشلىرىمىز خۇسۇسەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز سىزلەر بۇ ئىشنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇ قىلغان ئىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرىڭىز، ھەر تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋالارغا يول قويماسلىقىڭىز ھەم قەتئىي رەۋىشتە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ ئوبدان تىنچلىقىنى ۋە ئۆزلىرىڭىزنىڭ بۇرۇنقى شەرەپلىرىڭىزنى ساقلاشقا ھەم يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بۈيۈك ئالتە سىياسىتى يولىنى يېڭى - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشكە جان تىكىشلىرىڭىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى تۆت مىليون خەلق ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك كىشىلەر بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بارلىق مىللەتلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە راھەت تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆرەشكۈچى ھەقىقىي ئەسكەرلەردىن بولالايسىزلەر.

دوبەن: شېڭ شىسەي.»

شېڭ شىسەينىڭ ئابدۇنىياز باشچىلىقىدا يەكەندە تەۋرىنىپ تۇرغان قىسىملارغا چىقارغان مۇراجىئىتىمۇ دەل شۇ كۈنكى، يەنى 1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»

ده ئېلان قىلىنغان:

«سۆيۈملۈك ئەسكەر قېرىنداشلار!

ھەرقايسىڭىزلار 12 ـ ئاپرېل ئىنقىلابىدا چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش يولىدا شەرەپ قازانغان ئادەملەرسىزلەر.

مەھمۇت شىجاڭ بۇزۇق ئادەملەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ سىزلەرنى مەجبۇرىي رەۋىشتە يەكەنگە بىللە ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن سىزلەرنىڭ بۇ ۋەقەگە رازى ئەمەسلىكىڭىزلارنى ئوبدان بىلىمەن. دوبەن، جۇشى، فۇجۇشى ھەرۋاقىت سىزلەرنى ئوبدان كۆرىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ خائىنلارنىڭ گېپىگە كىرىپ قاچقاندا، سىزلەرنى ئۆزى بىلەن مەجبۇرىي ئېلىپ بارغانلىقىنى ھەم ياخشى بىلىمىز. لېكىن بۇ پەقەت يالغۇز مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزىنىڭلا خاتاسى. سىزلەر ھېچ ۋاقىت مۇنداق ئىشنى خالىماس ئىدىڭىزلەر.

ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ كۆزقارىشى ھەر مىللەتكە باراۋەر، ھەرقايسىسىنى ئوخشاش ياخشى كۆرىدۇ. ھېچ ۋاقىت بۇ خەنزۇ، بۇ ئۇيغۇر، بۇ باشقا مىللەت، دەپ ئۆگەيلىمەيدۇ. بۇ كۈندە ئۇنداق مىللەت ئايرىش يوق. ھەر مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر ھەم ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلىرىغا كامىل ھۆرىيەت ۋە ھوقۇق بەرگەن. ھۆكۈمەت ھېچ ۋاقىت سىزلەرنىڭ دىنلىرىڭىزغا دەخىل ۋە تەرۇز قىلمايدۇ، سىزلەر بۇزۇق ئادەملەرنىڭ ئىغۋا، پىتنە سۆزلىرىگە زادى قۇلاق سالمىڭىزلەر. ئەگەر سىزلەر ئۆز يۇرتىڭىزلەرنى، سۆيۈملۈك ئاتا ـ

ئانا ھەم بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ كەتسىڭىزلەر،
ئۇ ۋاقىت گۇناھ ئۆزلىرىڭىزدە بولىدۇ.
سىزلەر ھازىر ئوتتۇز بىرىنچى تۈەندىكى
ئەسكەرلەرگە قارىڭىزلەر. ئۇلار دۈشمەننىڭ پىتنە ـ
ئىغۋالىرىگە قۇلاق سالماي ھەم مەھمۇت شىجاڭدىن
ئىشتكەن پىتنە ـ ئىغۋا، يالغان سۆزلەرگىمۇ
ئىشەنمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشمەستىن،
بالدۇرقىدەكلا ئۆز ئورۇنلىرىدا (قەشقەردە) قالدى.
يەنە بۇرۇنقىدەك توغرۇلۇق ۋە چىن كۆڭۈللۈك بىلەن
ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ تۇرماقتا. ھازىر بۇلار
راھەت ۋە بەختلىك تۇرمۇشتا تۇرىدۇ. سىزلەرمۇ،
بالدۇرقى ئورۇنلىرىڭىزغا قايتىپ كەلسىڭىزلەر، ئۇ
ۋاقىتتا مەن سىزلەرگە تولا كەڭچىلىك ۋە
ياخشىلىقلارنى قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئەپۇ ۋە
كەڭچىلىكىم يالغۇز سىزلەرگىلا خاس ئەمەس. ئەگەر
مەھمۇت شىجاڭمۇ ئۆز خاتاسىنى بىلىپ، يەنە چىن
كۆڭۈل بىلەن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلسا، ئۇنىمۇ مەن
يەنە بالدۇرقىدەك ئوبدان كۆرۈپ ھىمايە قىلىمەن.
سۆيۈملۈك ئەسكەرلەر! سىزلەر ھەرقايسىڭىزلەر
ئۆز ئورۇنلىرىڭىزغا پاتراق قايتىپ يەنە بۇرۇنقىدەك
ھۆكۈمەت ۋە خەلق يولىدا سەمىمىيەت بىلەن خىزمەت
قىلىڭىزلار. بىزنىڭ شىنجاڭ تىنچلىق ۋە بەختلىك
بىر شىنجاڭ. يۇرتىمىزنىڭ مۇنداق تىنچ ۋە بەختلىك
بولۇشى، پەقەت بارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى
ئوبدان كۆرۈشى بىلەن بولىدۇ.
سىزلەر پاتراق ئورۇنلىرىڭىزغا قايتىڭىزلەر!
مەن سىزلەرنى ئوبدان كۆرىمەن. ئەگەر سىزلەر

ئۆزلىرىڭىزنىڭ خاتالىرىڭىزنى تۈزەتسىڭىزلەر، ئۇ ۋاقىت مەن سىزلەرنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرىڭىزنى ھەم تەكشۈرمەستىن، پۈتۈن گۇناھىڭىزلەرنى ئەپۇ قىلىمەن. سىزلەر يەكەندە يەنە بەلگىسىز خاتا بىر يولغا، تەكرار ئىككىنچى خاتا بىر يولغا كىرىپ قالمىڭىزلار.

دوبەن: شېڭ شىسەي.»

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ شۇ كۈنكى سانىدا يەنە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىمزاسىدا تۆۋەندىكى خىتابنامە ئېلان قىلىنغان:

«ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەردىكى سادىق ھەربىي خادىملىرىدىن لىيۇ سىلىڭ، قۇربان سەنمۇجاڭ، قۇربانىنىياز تۈەنجاڭ ۋە ئەخمەت تۈەنجاڭلار باشلىق پۈتۈن ئەسكەرلىرىمىزگە:

ئاڭلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەھمۇت شىجاڭ ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسەت ۋە ئەمرىدىن قېچىپ، ئۆزىنىڭ قىلىپ تۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ھۆكۈمەت ھەم خەلق ئۈچۈن ناھايىتى قايغۇلۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىك ھېسابلىنىدىغان ۋەقەدۇر. يۇرتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە مۇنداق ئاۋات بولۇپ، خەلقىمىز مائارىپ ۋە مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىپ تۇرغان سائادەتلىك بىر دەۋردە، بۇ ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشى ھەقىقەتەن كۆپ مەيۈسلۈكتۇر. بۇ ۋەقە ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق سىياسىتىگە، شىنجاڭ ئۆلكىمىزدە بىر تۇغقاندەك

ياشاپ تۇرغۇچى ئون تۆت مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زور زەربىدۇر. بۇ ۋەقە ۋەتەن خارابلىقىغا يەنە قانچە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەب ئېھتىمالى بولغان ۋەقەدۇر.

ھەر قايسىڭىزلەرگە مەلۇمكى، بىز ئىنقىلاب ئاچتۇق. بۇ يولدا قانچىلىغان قانلىرىمىز ئاقتى. بۇ ئىنقىلابتا سىلەرمۇ چوڭ خىزمەتلەرنى قىلدىڭلار. ھەممىمىزنىڭ بۇ ئىنقىلابنى ئېچىشتىكى مەقسىتىمىز: مۇشۇنداق (بۇگۇنكىدەك) ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇش، مۇشۇنداق يورۇق كۈنلەرگە چىقىش ئىدى. ناھايەت دوبەن جانابلىرىنىڭ ھىممەت ۋە غەيرىتى بىلەن، كونا مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى يىمىرىپ، يۇرتىمىزنىڭ مەقسىتىدىكىدەك پۇقراپەرۋەر يېڭى ھۆكۈمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاندۇق. چۈنكى، مەيداندا بىز كۆرەش قىلغان قارا كۈچ، قارا مۇستەبىت ھاكىمىيەت قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر شىنجاڭدا كۈن كۆرگۈچى ئون تۆت مىللەت ھەممىمىز ئارىسىدىكى نىزاھ ۋە غۇلغۇلىلارنى تاشلاپ، بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك بولۇپ، راھەت ۋە ئاسايىشتا ياشاپ، تۇرمۇش كەچۈرۈپ ياتماقتىمىز. ھۆكۈمەت ھەم ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بولۇپ، ھەر خىل ئېغىرچىلىقلارغا قارىماستىن، شىنجاڭنى مەدەنىي يوسۇندا ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىشقا ۋە ھەممە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. بۇ يولدا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر بىر مىنۇتمۇ ئارام ئالماي، پۈتۈن خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلەپ تۇرماقتا.

كونا مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋاقتىدا قانداق ئىدۇق؟ قايسى ھالدا كۈن كۆرەتتۇق؟ ئەلۋەتتە ئۇ ۋاقىتتىكى كۈنلىرىمىزنى بىر ئاز بولسىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇ ۋاقىتتىلا، بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قۇدرىتى، خىسلىتى ئاشكارا بولىدۇ. مانا شۇنداق ئادىل، پۇقراپەرۋەر ھۆكۈمەتنىڭ توغرا ۋە ئايدىڭ يولىدىن چىقىپ، ئەگرى - توقاي، قاراڭغۇ - تۈتەك يولغا كىرىپ كەتكەن كىشى ھەققىدە نېمە دېيىش كېرەك؟

ئەلۋەتتە مۇنداق كىشىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىتتىپاق ۋە بىرلىك سېپىدىن چىققان، يۇرت ۋە خەلقىنىڭ ئەزىلى دۇشمەنلىرىنىڭ دام - تۇزاقلىرىغا ئىلىنغان، ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن دەپ ھېسابلايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ كىرگەن يولى — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھازىرقى ئىستىقباللىق ھاياتى ئۈچۈن غايەت زور خەۋپ ۋە ئەندىشىلىك بىر يولدۇر. بۇ يول — شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھايات ۋە تەقدىرىگە ھالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئەلۋەتتە سىزلەر ھۆكۈمەتنىڭ سادىق ئەسكەرلىرى، سىزلەر خەلق تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە قىلغان ئەھدۇ پەيمانلىرىڭىزدە مەھكەم تۇردىڭىزلەر. ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە سىياسىتىدىن چىقمىدىڭىزلەر، قەشقەر خەلقىنىڭ راھەت ۋە تىنچلىقىنى ساقلاپ قالدىڭىزلەر. سىزلەر ھەققەتەن كونا ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇشلاردا، ئىنقىلابلاردا، تارىخقا ئالتۇن بىلەن يازغۇدەك، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىدە ئوبدان قالغۇدەك خىزمەت ۋە پىداكارلىق

كۆرسەتتىڭىزلەر. يەنە بۇ نۆۋەت ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ساداقىتىڭىزلەر بىلەن نومۇس ۋە ئابروييىڭىزلەرنى دۈشمەن ئالدىدا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەردىڭىزلەر ھەم بۇ كەيپىياتنى ئىلمىي رەۋىشتە ئىسپاتلىدىڭىزلەر. دېمەك سىزلەرنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغان، كۆرسەتكەن ھەقلىق ۋە توغرىلىقلىرى-ڭىزلەرگە ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن خەلق ئوبدان خۇرسەن ۋە مىننەتداردۇر.

ھازىر قەشقەردىكى پۈتۈن ئەسكەر باشلىقلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىمىز ھۆكۈمەتكە چىن كۆڭۈللىرى بىلەن سادىق بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەكەنگە توپلانغان ئەسكەرلىرىمىز ئارىسىدا بەزىبىر ئوقۇشماسلىقلار بىلەن تەرتىپسىزلىك ئەھۋاللىرى چىقىپ تۇرغانلىقى مەلۇمدۇر. يەكەندىكى ئەسكەرلىرىمىزدە مۇنداق تەرتىپسىزلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋاللىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئەلۋەتتە ئوقۇشماسلىقلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىدىن-دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزلەر ھوشيار ۋە سەگەك بولۇپ، بۇ ۋەقەنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا، ئۇلارغىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيەت، ھەقىقىتىنى تەشۋىقى - تەرغىبات يولى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ھەم خوتۇن، بالا - چاقىلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنماسلىقى ئۈچۈن، تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىڭىزلەر زۆرۈردۇر. ھازىر سىزلەرگە ھەر خۇسۇستا پىكىر ۋە مەسلىھەت بەرگىلى، يولىيورۇق كۆرسەتكىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قەشقەرگە ۋەكىللەر كەتتى. سىزلەر ھەرقانداق ئىشلىرىڭىزلەر

بولسا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يولىيورۇق سوراپ ھەل قىلىسىڭىزلار، ھېچ ۋاقىت خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقمايسىزلەر. بەلكى ھەر ۋاقىت غالىبىيەت، مۇزەپپەرىيەت بولۇشى چوقۇمدۇر.

ئەي ھۆكۈمەت ۋە خەلق خادىملىرى! سىزلەر باشتا مېنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى قارا كۈندىن يورۇق كۈنگە چىقىرىش ئۈچۈن ئىنقىلاب مەيدانىغا چىققانىدىڭىزلەر. ناھايەت بۇ مەقسەتلىرىڭىزگە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ يورۇق كۈنگە چىقىشى بىلەن يەتكەنىدىڭىزلەر. ئەمدى سىزلەر سۆيۈملۈك ھۆكۈمىتىڭىزلەرنى ھەم شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇ سائادەت، يورۇق كۈنلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى يولى بىلەن مۇستەھكەملەپ، ساقلاشقا تىرىشىڭىزلەر. خەلق ئىتتىپاقىنى، خەلق تىنچلىقىنى بۇزغۇچىلار بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىزلەرگە تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىمەن. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەرقايسىڭىزلەر قاتتىق تىرىشىڭىزلەر:

1. زادى بىرلىك ـ ئىتتىپاق يولىدىن چىقمىڭىزلەر.

2. ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ ئىغۋالارغا يول بەرمىڭىزلەر.

3. ھېچ ۋاقىت ئارىڭىزلارغا بۇزۇق كىشىلەرنى كىرگۈزمەڭىزلەر.

4. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا كامىل ئىتائەت قىلسۇن.

5. ھەربىي ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىمۇ ھەر ئىشنى لىيۇ سىلىڭدىن سوراپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ ئادا قىلسۇن.

6. قەشقەردىكى ھەربىي، مۇلكىي ۋە بارلىق ئىدارە، جەمئىيەتلەر ئىتتىپاق ۋە بىرلىك بىلەن ئومۇم پۇقرالارنىڭ مال - مۇلكى، جېنى ھەم تىنچلىقىنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلسۇن.

7. يەكەندە تەرتىپسىزلىك چىقىرىپ تۇرغان ئەسكەرلىرىمىزگە ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ھەم مېنىڭ نامىمدىن يازغان خىتابنامىلارنى ئۇلارغىمۇ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى توغرا ۋە تىنچلىق يولىغا باشلىغايسىزلەر.

8. ئومۇمىي خەلقىمىزنى ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقان سىياسەتلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغايسىزلەر.

9. ھەر تۈرلۈك تەسىرات بىلەن ئىنتىزام دائىرىسىدىن چىققان ئەسكەرلەر ۋەقەگە چۈشەنگەندىن كېيىن، سىزلەرنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاق سېپىڭىزلەرگە كەلسە، قوبۇل قىلىپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك ئۆز مەرتىۋە - ئەمەللىرىدە قويغايسىزلەر.

10. ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە سىياسىتى يولىدىن ھەرگىز چىقمىغايسىزلەر.

— ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىس مۇئاۋىنى خوجىنىياز ھاجى.»

شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىر قاتار مۇراجەت ۋە

خىتابنامىلەرنى ئېلان قىلىپمۇ يەكەندىكى تەۋرىنىپ تۇرغان قىسىملارنى ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەن. ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەن شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، ئابدۇنىياز قەشقەر شەھىرىنى، ما خۇسەن قەشقەر يېڭىشەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىشقا پۈتۈشكەن. شۇ بويىچە، ئۇلار 1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» دە، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مەھمۇت مۇھىتىنى ئەيىبلەيدىغان ماقالە - ئېلانلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاپرېل ئىنقىلابىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئەينەن بېسىلغان. بۇ نۇتۇقنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

> بۈگۈن مەن شىنجاڭدىكى ئون تۆت مىللەت قېرىنداشلىرىمنى تۆتىنچى يىللىق ئىنقىلاب بايرىمىمىز مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن. كونا ھۆكۈمەت ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىگە مۇنداق ئازاد - ھۆر كۈنلەر بارمىدى؟ ئەلۋەتتە يوق ئىدى. بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم.
>
> بۈيۈك 4 - ئاي ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە بىزلەرنىڭ يېتىشكەن بۇ يورۇق كۈنلىرىمىزنى كۆرەلمەيۋاتقان دۈشمەنلەرنى شىنجاڭدا يوق دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.
>
> بىزنىڭ بارلىق خەلقىمىزنى بۇ راھەت كۈنلەرگە چىقارغۇچە قانچىلىك جاپا ۋە مېھنەتلەر

تارتقانلىقىمىزنى ھەرقايسىڭىزلەر بەك ياخشى بىلىسىزلەر. بۇ سائادەتلىك كۈنلەرگە ئوڭاي ئىگە بولمىدۇق. بەلكى بىز بۇ يولدا قانچە كۆپ قۇربانلارنى بەردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزلەر بۇ يورۇق كۈنلىرىمىزنىڭ قەدىرى ۋە قىممىتىنى بىلىشىمىز، مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىشلىرىمىزنى يولغا قويۇشىمىز ۋە مۇھىم ئالتە سىياسىي يولىمىز بويىچە دۈشمەنلەرنىڭ ئىغۋا - پىتنىلىرىنى يوقىتىشىمىز لازىمدۇر.

مېنىڭ يەنە سىلەرگە ئېيتىدىغان سۆزۈم: جىڭ شۈرېن دەۋرىدە بىز قۇمۇلدا ئىنقىلاب چىقاردۇق. ئەمما قولىمىزدا ھېچ بىر قورال يوق ۋە ھەم بىزلەرگە ياردەم قىلغۇچىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىزلەر ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرماي، ئىنقىلابنى داۋام قىلدۇردۇق. نەتىجىدە، بىزلەر كۈندىن - كۈنگە قورال - جابدۇقلۇق بولۇپ، قۇۋۋىتىمىز ئارتتى. ئاخىرى جىڭ شۈرېن غۇلجىدىن جاڭ دېگەننى بىزلەرنىڭ ئۈستىمىزگە كۆپ ئەسكەرلىرى بىلەن يۇبەردى. بۇنىڭغا ما جۇڭيىڭ ھەم قارشى تۇرالماي قاچتى ھەم قۇمۇل خەلقى كېيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئالالماي قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا مەن جاننى پىدا قىلىپ قارشى تۇردۇم، شۇ كۈنلەردە بولغان ئەھۋالنى شېڭ دوبەن جانابلىرى ئوبدان بىلىدۇ. ئاخىرى نەتىجىدە تۇرپانغا كەلدىم. بۇ يەردە مەھمۇت شىجاڭ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىللە ئىشلىمەك بولدى. مېنىڭ مەقسىتىم ئاجىز، يېتىم، تۇل خوتۇن، پېقىرلەرنى زالىم جىڭ شۈرېن

زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش ئىدى. بۇ ھەقتە دوبەن جانابلىرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى توغرا كېلىپ، بىز ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتۇق. ئۇ چاغدا مەھمۇت ھەم بىز بىلەن بىللە ئىدى.

ئەلھال بۇگۈن بولغاندا، مەھمۇت خاتا يولغا كىرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ئارىمىزدىن چىقىپ كەتتى. بولمىسا بۇگۈنگە قەدەر مەھمۇت قەشقەردە ئۆزى بىلگەنچە ئىشلەپ كەلدى. ھۆكۈمەتتىن نارازى بولغۇدەك ھېچبىر يامانلىق ئىش كۆرمىدى. بەلكى مەھمۇتنىڭ قەشقەردە قىلغان بۇزۇق ئىشلىرى كۆپ بولسىمۇ، ھۆكۈمەت بۇكۈنگىچە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا قىلماستىن كەلگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى خەلقلەر ياخشى بىلەر ئىدى.

ھازىر شىنجاڭدا يالغان سۆز ھەم ئىغۋا ـ پىتنىلەرنى تارقىتىدىغان كىشىلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. مانا بۇلار بىزلەرنىڭ بۇ يورۇق كۆڭۈللەرگە چىقىشىمىزغا چىدىيالماي، ھۆكۈمەت ھەققىدە ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ ئىغۋالار تارقىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ بولشېۋىك يولىغا كىردى. شىنجاڭنى شۇرالار ھۆكۈمىتىگە ساتتى، دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش...
مانا مۇنداق تۈۋى يوق سۆزلەرنى جاھانگىرلارنىڭ ئىتلىرى خەلقنى تەشۋىشكە سېلىش ئۈچۈن تارقىتىدۇ. ھەقىقەتتە، شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزلەرگە خالىس ياردەم قىلماقتا. شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ قايسى يېرىمىزنى ئالدى؟ قايسى مىللەتنىڭ دىنىغا تەرۈز قىلدى؟ ھەممىگە مەلۇم، ھەقىقەتتە شۇرالار

ھۆكۈمىتى ھېچكىمنىڭ مال ـ مۈلكىگە زورلۇق قىلمىدى. بەلكى قولىدىن كەلگەنچە يۇرتىمىزغا سەمىمىي ۋە خالىس ياردەملىرىنى قىلىپ تۇرماقتا.

شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ باشتا بىزگە قىلغان ۋەدىسىگە بىنائەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياردەم قىلىشىغا كامىل ئىشىنىمىز.

ھازىر شىنجاڭدا ئون تۆت مىللەتنىڭ ئىتتىپاقى چىڭ، بۇلار ئاتا ـ بالىدەك بىر ـ بىرىگە ئامراق، ئارىمىزدىن كىم ۋە قايسى مىللەت ئىتتىپاقنى بۇزۇپ چەتكە چىقسا، ئۇنىڭغا ياخشى كۈن يوق. بۇنى ئوبدان بىلىپ، ئىتتىپاقىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرساق، بىزلەرنىڭ بىرلىك سېپىمىزنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەر بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئاتا ـ بالىدەك بىرلىك ئىتتىپاقىمىزنى مۇستەھكەم قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشايلى.

مانا مەھمۇت بىرلىك سېپىمىزدىن چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ سۆزىگە، ئىغۋاسىغا ئالدىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئاۋۋال خۇدا، ئىككىنچى، چوڭ ـ كىچىك پۇقرالارمۇ راۋا كۆرمەيدۇ.

مانا، يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ توغرا سىياستى ھەم شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي ياردىمى ئارقىسىدا، پۈتۈن ئون تۆت مىللەت، تۆت مىليون خەلق بىرلىكتە راھەت ۋە تىنچ ياشاپ تۇرىمىز. ئەلۋەتتە بۇ راھەت ۋە تىنچلىقىمىزنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ھەربىر كەسىپتىكى بارلىق قېرىنداشلار بىر

ئىنتىپاقتا بولۇشى كېرەك ھەم بۇ راھەت كۆڭلىرىمىزنى ئەبەدىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنى چىن كۆڭۈل بىلەن ھىمايە قىلايلى (قاتتىق چاۋاك)!»

خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇ نۇتقى ئېلان قىلىنىپ تۆت كۈندىن كېيىن، يەنى 1937 ــ يىل 5 ــ ئاينىڭ 24 ــ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەھمۇت شىجاڭنى ئەيىبلەپ چىقىرىلغان ئېلاننىڭ تولۇق تېكىستى بېسىلغان. ئېلاندا مەھمۇت مۇھىتىغا ئون تۆرلۈك جىنايەت ئارتىلغان. ئېلاندا مەھمۇت مۇھىتىغا ئارتىلغان تۆتىنچى جىنايەتتە ئۇنى: «مەكتەپلەرنى تەرەققىي ئەتتۈرگەن بولۇپ، ھەر بىر مەكتەپلەردە ھۆكۈمەت ۋە خەلق پايدىسىغا ئىشلەيدىغان خادىملارنى تەييارلىماي، بەلكى ھۆكۈمەتكە قارشى خادىملارنى ھازىرلىماقچى بولدى» دېيىلگەن.

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىقارغان ئېلان «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى، يەكەندىن يولغا چىققان ئابدۇنىياز، مۆيدىن يېتەكچىلىكىدىكى بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك ئىسيانچى قىسىم تۆت كۈن يول يۈرۈپ، 5 ــ ئاينىڭ 29 ــ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى مەھمۇت شىجاڭغا قاراشلىق 6 ــ دىۋىزىيىنىڭ باش شتابى جايلاشقان يېڭىشەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. 6 ــ دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭى قۇربان سەئىد قىسىملىرىغا قوماندانلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولغان. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دەرھال ئارىغا

چۈشۈپ، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويغان. كېلىشىم بويىچە، قۇربان سەئىد ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىدىغان، ئابدۇنىياز قىسىملىرى 6 - دىۋىزىيىنىڭ باش شتابىغا ئورۇنلىشىدىغان بولغان.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردە، قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىگە قاماقلىق ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇس تۈرمە هويلىسىغا يالاپ ئېلىپ چىقىلىپ، تۈتاش ئوققا تۇتۇلغاندىن كېيىن، بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر هاجىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بۇ تۈرمىنى شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن قىرغىز ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ تۆەنجاڭى مەۋلانوپ ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن ساقلايتتى.

مەۋلانوپ بىلەن قادىر هاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىجرا قىلىنغان بۇ مىسلىسىز قىرغىنچىلىقتا، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە هەقىقىي يوسۇندا كۆڭۈل بولىدىغان، خەلقنى نادانلىقتىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا شانلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت - مائارىپ جەڭچىلىرى مانا شۇنداق ئېچىنىشلىق هالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

مەۋلانوپ قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەهرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قىرغىز بولۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قىرغىز ئاتلىق پولكىنىڭ تۆەنجاڭى ئىدى. ئۇنىڭ تۆنجى قېتىملىق شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرگەن ۋاقتى 1934 - يىلى ئەتىيازغا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېك باسمىچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇلۇغچاتتا ئىسھاقبېكنى بىر پولك ئەسكەر بىلەن قوراللاندۇرغان هەم مەۋلانوپنى ئىسھاقبېككە مەسلىھەتچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. بۇلار شۇ يىلى قەشقەر، ئاتۇش،

ئۇلۇغچات، ئاقتۇ ۋە ئۇچتۇرپاننىڭ تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ، ستالىن بىلەن شىڭ شىسەيگە قارشى بارلىق كۈچلەرنى تازىلىغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مەۋلانوپنىڭ قوراللىق كۈچى «قاچاق ئەسكەرلەر» دېگەن نىقاب بىلەن مەھمۇت مۇھىتىغا تەۋە ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىگە قوشۇۋېتىلگەن.

1936 ـ يىلى ئىسھاقبېك ئۇلۇغچاتقا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئىسھاقبېكنىڭ 500 قىرغىز ئەسكىرى ساقچى قىسىم قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ مەۋلانوپنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەھمۇت شىجاڭ چەت ئەلگە قاچقاندىن كېيىن، مەۋلانوپ قادىر ھاجى بىلەن بىرلىكتە، مەھمۇت شىجاڭنى ھىمايە قىلغان يۇرت چوڭلىرىنى، ئاساسلىق تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلارنى ۋە شۇلارنىڭ تەربىيىسىنى ھەم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلارنى دەرھال قولغا ئالغان. مەۋلانوپ ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ سىياسىي مەھبۇسلار قامالغان تۈرمىنى قوغدىغان. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېچىسى بولغان جەڭدە، ئۇ تۈرمىنى قوغداپ قاتتىق جەڭ قىلغان. ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، سەھەرگە يېقىن مەھبۇسلارنى ئېتىپ تاشلاپ ئاندىن كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن. بۇ ئىشنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلۇغچاتقا قېچىپ بېرىۋالغان.

6 ـ ئاينىڭ بېشىدا، قەشقەر، يەكەن، مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەننىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى، ئاقسۇنىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى، قەشقەر يېڭىشەھەر بىلەن يېڭىسارنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى ئاڭلىغان شىڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسىدىن بەش

مىڭ كىشىنى ئاقسۇغا يۆتكىگەن. شۇ چاغدا، يەنە 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى ديۇكوۋمۇ ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن. شىڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ، ئاقسۇدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمىگەندىن كېيىن، 9 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «3 ـ قېتىملىق شىڭ شىسەي ـ سوۋېت مەخپىي كېلىشىمى»[①] نى ئىمزالىغان. بۇ كېلىشىم بويىچە، 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى، كونىستانتىنوۋ قوماندان، شاكىر تۈەنجاڭ بولغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تۇرغات ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكەن. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسىم 240 ـ بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار مەۋلانوپنىڭ سوۋېت ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى ھەمدە ئىسھاقبېكنىڭ قىرغىز ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەي ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. سوۋېت ئارمىيىسى ئايروپىلان، تانكا، برونېۋىك قاتارلىق زامانىۋى قوراللارنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلغاچقا، ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەننىڭ بارلىق قىسىملىرى بىر ئاي ئىچىدە يوقىتىلغان ھەمدە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە بولغان خەۋپ تۈگىتىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەي دائىرىلىرى ئىسھاقبېكنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىككى ئالتۇن ئوردېن بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىم بويىچە كىرگۈزگەن قىسىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئىسھاقبېكنى

① ليۇ زىشاۋنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تارىخى» (2) ناملىق كىتابىنىڭ 675 ـ بېتىگە قاراڭ.

لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ چاغدا ئىسھاقبېكنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ تۈەن بولۇپ، مەۋلانوپ باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن خوتەنگە ئورۇنلاشقان، يەنە بىر تۈەن ئاقسۇدا تۇرغان، ئىسھاقبېككە بىۋاسىتە قاراشلىق «35 - قىرغىز ئاتلىق پولكى» دەپ ئاتالغان تۈەن قەشقەردە ئىسھاقبېكنىڭ يېنىدا تۇرغان. بۇ پولك كېيىن «3 - تۈەن» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ، ئاساسلىقى قەشقەر، ئاقسۇ ۋە خوتەن تەۋەسى ئىسھاقبېكنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەن. ئىسھاقبېك ئاسانبېكنى ئۈچتۇرپان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دادقىۋاينى يەكەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سىدىقبېكنى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، نورۇزباينى ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىگە سوتچى، جۇمالىنى باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سۇلايماننى كۇچا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىرغىز بولۇپ، ئىسھاقبېكنىڭ يېقىنلىرى ئىدى.①

1937 - يىلى 12 - ئايدا، شېڭ شىسەي ئومۇمەن ئىلگىرى تۆمۈر، ئوسمان، سابىت داموللام، ما خۇسەن ۋە مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ پاراكەندىچىلىك سالغانلار بىردەك قولغا ئېلىنىپ تازىلىنىدۇ②، دەپ جاكارلىغان. قەشقەردە بەش مىڭ كىشى قولغا ئېلىنغان. ئۇلار بىردەك «خائىن» دەپ جاكارلانغان ھەمدە مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قەشقەر رايونىدا «خائىنلارنىڭ مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى» قۇرۇلغان. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مۇستەبىت

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 - سان 216 -، 217 - بەتلەر.
② «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىم 240 - بەت.

ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ستالىن ھۆكۈمىتىدىن ئالغان قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن، مۇشۇ باھانىدا، شىنجاڭ مىقياسىدا نۇرغۇن چوڭ بايلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمەلدارلارنى ۋە زىيالىيلارنى قىرىپ تۈگەتكەن.

ئىسھاقبېك قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، قىرغىز خەلقى ئۈچۈن ئالاھىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. ئاساسلىقى قىرغىز ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقارغان، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قىرغىزلارنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە بىر قاتار تەلەپلەرنى قويغان. ئابدۇقادىر توختاروپ ئىسىملىك ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 23 - ساندا ئېلان قىلىنغان «گېنېرال ئىسھاقبېك توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يېزىلغان:

«شېڭ ھۆكۈمىتى ئىسھاقبېكنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ئىسھاقبېك بۇ ئىشنى قەشقەر قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدىن نازارەت ۋە رەھبەرلىك قىلىپ تۇردى. قىرغىز ئۇيۇشمىسى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن تۆت مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، ئىككى يۈز تۇياقتىن ئارتۇق كالا ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىپ، ھەربىر كەمبەغەل ئائىلىگە يىگىرمە — ئوتتۇز تۇياقتىن چارۋىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىنەم يەر ئېچىپ، ھەرقايسى

جايلاردىكى كەمبەغەللەردىن يۈزدىن ئارتۇق ئائىلىنى شۇ يېڭى ئېچىلغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر ئائىلىگە بىر جۈپتىن قوش كالىسى، ساپان ۋە يىگىرمە تۈياقتىن قوي تەقسىم قىلىپ بەردى. كونا ئۈلۈغچاتقا ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزىل ئۈيغا بەش يۈز ئوقۇغۇچىسى بار بىر مەكتەپ سېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ياتاقلاشتۇرۇلۇش بىلەن، ئىككى مەكتەپتىكى سەككىز يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممە راسخوتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلەندى. قەشقەرگە بەش سىنىپلىق ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، راسخوتىنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەتتىن، ئاز بىر قىسمى قىرغىز ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەمىنلەندى. ئاقتۇ، قاراجۇل رايونلىرىدا ھۆكۈمەت ۋە قىرغىز ئۇيۇشمىسى ھېسابىدا بىرقانچىلىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش شەرتى بويىچە، يۇقىرى مەكتەپلەرگە كۆپ ساندا قىرغىز ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.»

ئەسلىدە، قىرغىزلار شىنجاڭدا ناھايىتى ئاز بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بىراقلا كۆپەيگەن. بۇ توغرىدا، قىرغىزىستاندا چىقىرىلغان «قىرغىز تۇغى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «1916 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «1916 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگوغا بىر يۈز يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق قىرغىز قېچىپ ئۆتتى. بۇ توغرىدا قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خاتىرىسىدە: ‹قىرغىزلار ئۆيمۇ ئۆي پىيادە كېزىپ ئىش ئىزدەپ يۈرىدۇ، بالىلىق ئاياللار ئەمچەكتىكى

بالىلىرىنى تاشلاپ، كىچىك بالىلىرىنى، كىيىملىرىنى سېتىپ يۈرىدۇ. ئۇچتۇرپان بازىرىنىڭ ئىچىدە قىرغىزلارنىڭ كىيىملىرى پاتماي قالدى...›، دەپ يېزىلغان.»

ئىسھاقبېكنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي تەسىرىنىڭ يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن شېڭ شىسەي 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالغان، بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئىلى قازاق - قىرغىز ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ غۇلجىغا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسھاقبېككە ئەگىشىپلا يۈرىدىغان ھېلىقى مەۋلانوپ دېگىنى دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئىسھاقبېكنىڭ 35 - تۇەنى تارقىتىۋېتىلگەن.

1943 - يىلى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق شەرتنامىسىنى يىرتىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى بارلىق خادىملىرىنى، ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئىسھاقبېكمۇ غۇلجىدىن شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىش، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا قوزغىلاڭ قوزغاشقا تەييارلىق قىلغان. ئىسھاقبېك سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، قىرغىزىستاندا قوراللىق ئىككى ئەترەت تەشكىللىگەن. مەۋلانوپ شۇ يەردە يەنە ئىسھاقبېكنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان. ئۇلار ئەترەتلىرىنى ئۇلۇغچات ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان. بۇ مەخپىيەتلىكنى توغاي ئىسىملىك بىر قىرغىز قەشقەردىكى ئۆلكىگە قاراشلىق قىسىملارنىڭ قوماندانىغا يەتكۈزۈپ قويغان. ئۇ: «ئىسھاقبېك، مەۋلانوپ قاتارلىقلار: بىز ئۇلۇغچاتقا بارغاندىن كېيىن، 35 - تۇەندە تەربىيىلەنگەن

كونا ئەسكەرلەرنى يىغىۋالساقلا، قەشقەرنى ئېلىشىمىز ھېچ گەپ بولماي قالىدۇ، دېيىشتى»[①] دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى پاش بولۇپ قېلىپ توختاپ قالغان.

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، تۆت كۈندىن كېيىن، ئىسھاقبېك مونونوپ بىر قىسىم رۇس، تاتار، قىرغىز، قازاق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن. شۇ چاغدا، يەنە شۇ مەۋلانوپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن. ئىسھاقبېكنىڭ قىرغىزىستاندا قۇرغان ئەترىتىدىكى مەۋلانوپ، توغايبايوپ، موللا سابىروپ، مىڭجىلقايوپلار مىللىي ئارمىيىدە پولك كوماندىرلىرى بولغان. باشقا بىرقانچىسى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، ئىسكادرون كوماندىرى، ئىززۋوت كوماندىرى بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر قىسىملىرى سىياسىي ـ قانۇن خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. بۇلار — ئەلى ئەپەندى، كامىل ئەپەندى، زاكىر ئەپەندى، قوغان ئېلىيوپ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ساقچى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىققان ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ خادىملارنى تەربىيىلىگەن.[②]

مەۋلانوپ ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئەتىۋارلىنىشتىن قالغان. ئۇنى خروششېۋ دەۋرىدە بىر باجخانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلىدى دېگەن گەپلەر بار. كېيىن، بەدىنىي ئورۇقلاپ، ۋىجىكلەپ كېتىدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانمىش. ئۇ 90 ـ يىللىرىغىچە قىرغىزىستاندا ھايات ياشىغان ئىكەن، سابىق

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ سان 52 ـ بەت.
② «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ سان 53 ـ بەت.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇ نامەلۇم قىساسكارلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتىمىش.

مەۋلانوپنىڭ خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا قولغا ئالغان، ئۆلتۈرگەن، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ئادەملىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. مەۋلانوپ ۋە ئۇنىڭ قول - چوماقچىلىرىنىڭ زەربە بېرىش، تازىلاش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئوبيېكتى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىمالار، داڭدار بايلار ۋە مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار ئىدى. ئەينى يىللىرى يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە يەكەننىڭ ھاكىمى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ئابدۇرېشىت يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەۋلانوپ تېرىسىگە سىغماي ھۆركۈرەپ يۈرگەن زامانلىرىدا، ئىنتايىن قەبىھ ئىشلارنى سادىر قىلغانىكەن. ئۇ بىر قېتىم، قۇربان ھېيتىدا قاتتىق مەست بولۇپ قېلىپ، دادقىباي دېگەن ئاغىنىسى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتە بەسلىشىپ باقماقچى بولۇپ، باشقىلارغا بۇيرۇپ تۈرمىدىن قىرىق مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئوڭ - سول قىلىپ قاتار ياتقۇزۇپ، يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مەن پىچاقنى بىر قېتىمدىن سۇرۇش بىلەن، بۇ ئوڭ تەرەپتىكىلەرنىڭ جېنىنى تېزلىك بىلەن ئالالايمەن، سول تەرەپتە ياتقۇزۇلغانلارنى دادقىباي بوغۇزلىسۇن» دەپ، جاللاتلىق ماھارىتىنى كۆرسەتكەنىكەن. ئۇنىڭ قەشقەردە قۇتلۇق شەۋقىينى خورلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن. ئاشۇ زامانلاردىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ ھازىر بار بولغان شاھىدلىرى مەۋلانوپنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن ھېكايە قىلىشىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەرنى تارىخچى ئابلىمىت روزى ماڭا كۆپ قېتىم قايناپ تۇرۇپ بايان قىلىپ بەردى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ مائارىپچىسى، تالانتلىق تەشكىلاتچىسى، ئوت يۈرەك كومپوزىتورى ۋە شائىرى، نامى مەڭگۈ ئۆلمەس ئوغلى مەمتىلى ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدا قان قەرزىگە پاتقان، خەلقنى زار - زار قاقشاتقان ئاشۇ مەۋلانوپ دېگەن جاللاتنىڭ قولىدا، 1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئېتىپ تاشلىنىپ، ئارقىدىنلا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ئاتۇش ئوڭئېرىقلىق قەدىرى ئىمىنھاجى دېگەن بىر كىشى بولۇپ. ئۇ ئادەم ئەينى يىللىرى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن، كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئاخبارات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ 1950 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ تۈرمىدە مەۋلانوپقا مۇھاپىزەتچى بولغان ئېزرەك دېگەن قىرغىز كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قالغان. ئېزرەكنىڭ قەدىرى ئىمىنھاجىغا ئېيتىپ بېرىشىچە: شۇ ئاخشىمى (5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىسىنى دېمەكچى) ئابدۇنىياز، مويدىن ۋە كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلارنىڭ قىسىملىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، قادىر ھاجى باشلىق ساقچى ئەمەلدارلىرى قېچىپ دوتەي يامۇلىغا كىرىۋالغان، ئەمما مەۋلانوپ سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيگە جايلىشىۋېلىپ، مۇھاپىزەتچىسىگە كېچىچە ماۋزورىغا ئوق قاچىلاتقۇزۇپ، ئۇ يەردىن كەتمەي، بېسىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن ئۇرۇشقان. خوراز چىللىغاندا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قارشى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق 300 دىن ئارتۇق مەھبۇسنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىققۇزۇپ، ئۇلارنى تۇتاش پىلىموتقا تۇتقان، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. قەدىرى ئىمىنھاجى بۇ گەپنى

كېيىنچە باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن.

مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن، 14 ـ كامېرنىڭ تاملىرىغا بىرنەچچە پارچە شېئىر يېزىپ قويغان:

نەچچە يىل كەزگەنىدىم بۇ دىيارى غۇربەتنى،
كۆرمىگەنىدىم مۇنداق ئازابۇ ئوقۇبەتنى.
ئاقىۋەت ۋەتەنگە كېلىپ، قىلىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت،
مۇكاپات ئورنىدا ئالدىم بۇ ئازارى كۈلپەتنى.

تاقىتىم تاق بولدى مۇندىكى خەلقنىڭ نىدايىدىن،
قۇلاقلىرىم گاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن.
گۇناھى نە ئىكەن بۇندا قامالغان نەۋقىرانلارنىڭ؟
ھەققە ئۇيغۇنى يوقتۇر تېخىلغان شۇم گۇمانلارنىڭ.

روھىم ئەجەپ قىسىلدى يالغۇزلۇقتا، تۇتقۇندا،
سائەتلىرىم ئۆتمەكتە كىشەنلىنىپ زۇلمەتتە.
يېشىم ئوتتۇز ئالتە ياش، تاشتىن بەتتەر قاتتى باش،
ئادا بولار ئوخشايمەن بۇ خىل قايغۇ ـ ھەسرەتتە.

ساقچى دائىرىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپلەپ ئادەم تۇتۇپ، ئاخىرى كامېرلار توشۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، يالغۇز كامېرغا سولىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق مەھبۇس بولغان مەمتىلى ئەپەندىنى قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن تۈركىيىدىن بىللە كەلگەن ھېسامىدىن ئەپەندى بىلەن بىر كامېرغا سولاپ قويغان. مەمتىلى ئەپەندى قايناپ تۇرغان غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن، كامېر

تاملىرىغا شېئىرلارنى يېزىپ توشقۇزۇۋەتكەن:

بۇلبۇللار تۇتقۇن بولدى، يۇرتنى بولغىدى قاغا،
كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۈن ئېسىلۇر دارغا.

بۇ قاراڭغۇ يىللاردا تاپالمىدىم ئادالەت،
ئادالەتكە ئىنتىلسەم قولغا ئالدى سىياسەت.

خەلقىم ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات ئىزدىدىم،
نىيىتىم ساپ، دىلىم ئاق، ئۆتكۈزمىدىم جىنايەت!

قادىر ھاجى كىرىپ كەلدى، يېنىدا گۇندىپاي ئالتە،
ھەقىقەت نە، ئادالەت نە؟ بىلمەيدۇ ئەقلى بەك كالتە.

كىشەن قىستى سېنى تەۋپىق قىلما زەررىچە پەرياد،
پىدا قىل جاننى سەن ئەمدى، بېشىڭغا كەلدى بۇ ئەرسات.

ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.

خۇدا بىلۇر بالىلىرىم قالدى دادۇ ـ پەريادتا،
دىرىكىمنى ئالالماي سەرسان بولۇپ ھەر ياقتا.

ئەل خائىنى مەمتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق،
ھۆكۈمەتكە ئۇستۇمدىن خەۋەر بېرىپسەن ساختا.

«ئەل خائىنى مەمتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق» دېگەن بۇ

مىسرادىكى مەتىمىن 1930 — 1940 - يىللىرى قەشقەر تەۋەسىدە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلىپ، ئىككى قولىنى نۇرغۇن خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويىغان مۇناپىق مەتىمىن ئاق كىرپىك دېگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەتىمىن ئاق كىرپىك 1902 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە تۇغۇلغان. ياش چاغلىرىدا ئاتۇش، غۇلجا، ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا دېھقانچىلىق، تۇماقچىلىق ۋە سودىگەرچىلىك ئىشلىرىنى قىلغان. 1935 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا تىلخەت بېرىپ ئىشپىيون بولغان. ئۇ جەمىيەتتىن ئوتتۇزغا يېقىن كىشىنى ساقچى ئىدارىسىگە ئىشپىيونلۇققا تونۇشتۇرغان. ئۇ، 1937 - يىلى كۈزدە، قەشقەر ساقچى ئىدارىسى ئىشپىيونلۇق بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان ھەمدە قىرىق ئادەمنى ئىشلەتكەن. 1938 - يىلى، ئۇ ئۆزى تەربىيىلىگەن ئىشپىيونلار تەمىنلىگەن ئاخبارات ۋە ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە قامىغان. بۇ كىشىلەر شۇ پېتى يوقىلىپ كەتكەن. يەنە شۇ يىلى 6 - ئايدا، قىرغىز پولكىدا ئەسكەر بولۇشنى خالىمىغان ئەسكەرلەردىن نۇرغۇنى پولكتىن قېچىپ كەتكەن. ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە، مەتىمىن ئاق كىرپىك قاچقان ئەسكەرلەرنى قوغلاپ تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ بىر ئاي ئىز قوغلاش ئارقىلىق، ئاتمىش ئەسكەر، نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ خىزمەتتە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەچكە، 1939 - يىلى يېڭىسار ساقچى

ئىدارىسىگە باشلىق بولغان، 1940 - يىلى پەيزاۋات ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان، 1947 - يىلى، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى «ئون بىر ماددىلىق بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئاتۇش ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان ھەم ئىشپىيونلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا، ئاتۇشتىكى گومىنداڭغا قارشى ياشلاردىن نۇرغۇنىنى قولغا ئالغان. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدىكى مەمۇرىي ئورگانلىرىدىمۇ ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەتىمىن ئاق كىرپىك داڭقى چىققان خەلق دۈشمىنى شۇنداقلا ئىنتايىن زالىم ئادەم بولغان. 1948 - يىلى 4 - ئايدا، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، مەشھەدتىكى مەمەت ئېلى داۋۇت دېگەن كىشىنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى مەتىمىن ئاق كىرپىكنىڭ ئوغلىنى ئۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن، مەتىمىن ئاق كىرپىك ھېلىقى بالىنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا سۆرەپ ئەكىرىپ قاتتىق ئۇرغان ھەمدە «ئۇرغىنىمنى ئاناڭغا ئېيتىدىغان بولساڭ، تىرىك كۆمۈۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپ چىقىرىۋەتكەن. ھېلىقى بالا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، 8 - كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن. مەتىمىن ئاق كىرپىكنىڭ 1948 - يىلى 8 - ئايدا باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسى موللاخۇننى «سەن نېمىشقا ئانام بىلەن ئەپ ئۆتمەيسەن؟ مەندىن نېمىشقا پۇل تالىشىسەن؟» دەپ، ئۆز ئۆيىگە سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ قاتتىق ئۇرغان، ئىنىسى بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ ئىنىسىغا تاپانچا تەڭلەپ تەھدىت سالغان. ئۇنىڭ ئىنىسى ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندە ئۆلۈپ كەتكەن. . .

مەتىمىن ئاق كىرپىك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن چاغلىرىدا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ،

خەلقتىن نۇرغۇن ئاشلىق، پۇل ۋە ئالتۇن يىغىۋالغان ھەمدە نۇرغۇن زېمىننى ئىگە بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمتىن ئاق كىرپىك قولغا ئېلىنىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ، 1952 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەشھەد بىلەن تېجەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايدا، خەلق ئالەم ئالدىدا ئېتىپ تاشلاندى.

1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە ياۋاغ تۇرمىسىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئوقتا تۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ مۇدھىش خەۋەر قەشقەر شەھىرىگە ناھايىتى تېزلىك بىلەن تارالغان. شۇ چاغدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى رىشات قەشقەر شەھىرىدە ئىكەن. مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، نىزامىدىن ئەپەندى رىشاتنى تاشاخۇنۇمنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ جانان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق توقلى تۇخېنىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەمتىلى ئەپەندىگە تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇغان. شۇڭا، ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ھېيتكارغا كېلىپ، كېچىچە بولغان جەڭگە ئائىت خەۋەرلەرنى ئۇقماقچى بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇققىنى «ساقچىلار ياۋاغ تۇرمىسىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، يىغىشەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەر بولغان. رىشات ھېچنېمىگە قارىماي، موللا ئاكىسى (مەمتىلى ئەپەندىنى شۇنداق ئاتايدىكەن) نىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياۋاغ تۇرمىسىگە كەلگەن. قارىسا، بۇ يەر قىزىل قىيامەتنىڭ ئۆزىگە ئايلانغان بولۇپ، كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر ھويلىدا، تامنىڭ تۈۋلىرىدە، كامېرلارنىڭ بوسۇغىسىدا دۆۋىلىشىپ كەتكەن. رىشات يۈگۈرگەن پېتى مەمتىلى ئەپەندى

ياتقان كامېرغا بارغان. شۇ چاغدا، بىرسى ئۇنىڭ مۆرىسىنى تۇتقان، قارىسا دادىسى نىزامىدىن ئەپەندى ئىكەن، يېنىدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتى ئابدۇغوپۇر قۇناجى، ئاغىنىسى ئابباس چوڭمۇ بىللە ئىكەن. ئەسلى ئۇلار ئابدۇنىياز قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، سەھەردە قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار قەشقەرگە كېلىپلا، تۈرمىگە ئوت قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان، شۇنىڭ بىلەن، ھېچ نېمىگە قارىماستىن بۇ يەرگە كەلگەن. ئۇلار بىرلىكتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى ئىزدىگەن. جەسەتلەر تونۇغۇسىز دەرىجىدە كۆيۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار بەك ئىزدەپ كەتكەن. كېيىن رىشات مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پۇتىدىكى كۆيمەي قالغان كاراشناۋاي ئايىغىنى تونۇۋالغان. ئۇ دادىسىغا: «مەن بۇ ئاياغنى تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئەكىلىپ بەرگەنىدىم» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن نىزامىدىن ئەپەندى بىلەن ئابباس چوڭ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەم كىچىكلەپ، ھەم يېنىكلەپ كەتكەن جەسىتىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، كۆينەك، چاپانلىرىغا ئوراپ ئاتقا ئارتىپ، بەشكېرەمگە يېتىپ كېلىپ، بىر يېقىن تونۇشىنىڭكىگە چۈشكەن. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە ماڭماقچى بولۇشقان. رىشاتنى بولسا ئات بىلەن ئاۋۋال بېرىپ مەخپىي ھالدا يەرلىك تەييارلىتىپ تۇرۇشقا بۇيرىغان. ئۆزلىرى جەسەتنى تاغارغا سېلىپ، ئاتقا ئارتىپ، بەشكېرەمنىڭ ئىت يولى ئارقىلىق كېچىلەپ ئاتۇشقا قاراپ يول ئالغان. نىزامىدىن ئەپەندى، ئابباس چوڭ، ئابدۇغوپۇر ئۈچەيلەن ئۈستىگە جەسەت ئارتىلغان ئاتنىڭ يېنىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ ياش تۆكۈپ ماڭغان.

1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا، جەڭگىۋار ئىزچىلىرىنى باشلاپ، نەي ـ بارابانلارنى

ياڭرىتىپ، ناخشا ـ مارش سادالىرى بىلەن تاغۇ ـ تاشلارنىمۇ لەرزىگە سېلىپ، قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى بۇ تار يولدا نەچچە ئون قېتىم ھەيۋەتلىك سەپەر قىلغان، ھەم شۇ خاسىيەتلىك سەپەرلىرىدە مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب كۆزىنى يورۇتۇپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پارلاق سەھىپىلەرنى ئاچقان بۇ مائارىپ سەركەردىسى، بۇگۈنكى كۈندە كۆيۈپ چۇچۇلا بولغان ھالەتتە تاغارغا قاچىلىنىپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى بۇ يولدا ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى...

جاھانغا پاتمىغان سەركە،
قازانغا قانداق پاتقاندۇ!
قازانغا پاتسا پاتقاندۇ،
تۇۋاقنى قانداق ياپقاندۇ؟

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەسىتى ئەل ئايىقى بېسىققاندا بويامەتكە ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئىنتايىن مەخپىي پۈتتۈرگەن، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ھەتتا نىزامىدىنىنىڭ ئايالى زورىخانغىمۇ ئۇقتۇرمىغان.

ئاخىرەتلىك پۈتكەندىن كېيىن، سەككىز كىشى — نىزامىدىن، ئابدۇراخمان شائىر، ئابباس بەگ (1936 ـ يىلىدىن كېيىن ئاتۇشقا بەگ بولغان، يەنە بىر ئىسمى ئابباس چوڭ)، قۇۋان شەيخ، ئابدۇغوپۇر قۇناجى (تېجەنلىك مەرىپەتپەرۋەر باي قۇۋان ھاجىمنىڭ ئوغلى)، رىشات ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يەرلىكىنى تەييارلىغان ئىككى ئىمكار — تاشمەت، ئىگەمبەردىلەر ئالدىراپ مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى دەپنە

قىلىشقان. ئېھتىيات يۈزىسىدىن ھەتتا قەبرە ئۈستىگە ئېگىزرەك توپا دۆۋىلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان.

مەرھۇمنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەككىزۈيلەن نىزامىدىنىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ سىرنى ئەبەدىي ساقلاشقا، توققۇزىنچى بىر كىشىگە بىلدۈرۈپ قويماسلىققا قەسەمياد قىلىشقان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۈرمە تاملىرىغا يېزىپ قويغان شېئىر - قوشاقلىرى قانداق ساقلىنىپ قالغان؟

مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار قەتلى قىلىنغان شۇ ئاخشىمى كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭنىڭ ئايالى كىچىكخان قەشقەردە ئىكەن. ساقچى دائىرىلىرى كىچىكخاننى ئىسيانچىنىڭ ئايالى دەپ تۇتۇپ، باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋنىڭ قەشقەردىكى قورۇسىغا نەزەربەند قىلىپ قويغان. ئابدۇنىياز كامالى، مۆيدىن، كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ئاخشىمى، كىچىكخان پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن. كىچىكخان بىر ئامال قىلىپ ئېرى بىلەن كۆرۈشكەن. كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭ ئايالى كىچىكخاننى تېجەنلىك سەمەرباي دېگەن كىشىگە قوشۇپ، ئۇنىڭغا ئايالىنى ئاتۇشقا ئالغاچ چىقىپ كېتىشنى تاپىلىغان. ئاندىن: «مەۋلانوپ، قادىرھاجىلار ياۋاغ تۈرمىسىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ، شۇڭا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بۇيامەتتىن ئۆتكۈچە، ئاكىسى نىزامىدىنغا خەۋەر بېرىپ قويۇڭلار، دەرھال قەشقەرگە كەلسۇن!» دېگەن.

سەمەر باي بىلەن كىچىك خان بۇيامەتكە كېلىپ، نىزامىدىنىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئايالى زورىخان: «نىزامىدىن بىلەن ئاباس چوڭ تۇنۇگۇن ئاخشام قەشقەردىن چىققانلاردىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەپتۇ دەپ

ئاڭلاپلا قەشقەرگە كەتكەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سەمەرباي بىلەن كىچىكخان تېجەنگە يېنىپ كەلگەن. سەمەربايىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان سەمەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى» نىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، شۇڭا، سەمەر باي بۇ خەۋەرنى ئوغلىغا ئېيتقان. ئابدۇراخمان سەمەر ئۇستازىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەمەت مەخسۇم قاتارلىق بىرنەچچە ساۋاقدىشىنى باشلاپ، دەرھال قەشقەرگە يېتىپ بارغان. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، تۈرمىنىڭ ئىچى بىر قىزىل قىيامەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەۋاتقان ۋە تاپقانلارنىڭ يىغا - زارى پەلەكنى قاپلىغانىكەن. ئابدۇراخمان سەمەر باشلىق بىرنەچچەيلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى ئىزدىگەن. ئۇلار ئىزدەپ بىر كامېرغا كىرىپ، تامدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چالما بىلەن يازغان شېئىرلىرى تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلار پوچۇركىسىغا قاراپلا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغاندىن كېيىن، ھەممىنى كۆچۈرۈۋالغان. ئۇلار كۆچۈرۈۋالغان شېئىرلار قىرىق كۇپلېت ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ شېئىرلارنى كېيىن ئابدۇراخمان سەمەر يادلىۋالغان.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بۇ مىسلىسىز پاجىئەنىڭ مۇدھىش خەۋىرى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە پۈتۈن قەشقەر تەۋەسىگە پۇر كەتكەن. بۇ خەۋەر ئاتۇشقا كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالىچىلاپ بېقىۋالغان مۇنەۋۋەر شاگىرتى مىرئەھمەت سېيىت دەرھال دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تېجەنلىك سولايمان دېگەن بالا بىلەن ئىككى ئېشەككە مىنىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئالغان. ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېشەكلىرىنى تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى بىر سارايغا قويۇپ، ئازراق تاماق يەپ،

ياۋاغ تۈرمىسىگە يېتىپ بارغان. ئۇلار تۈرمىگە يېتىپ بارغاندا، بۇ يەر ئاساسەن جىمىققان بولۇپ، بوران ئۇچۇپ تۇرغانىكەن. بۇ ئىككىسى بارلىق كامېرلارغا كىرىپ، ئاخىرى مەمتىلى ئەپەندى ياتقان تۈرمىنى تاپقان. ئۇلار تۆت تامغا ئالا قويماي يېزىلغان شېئىرلارنى خاتىرىلىرىگە بىر ـ بىرلەپ كۆچۈرۈۋالغان. ئۇلار بۇ كامېردىن چىقىپ، يەنە باشقا كامېرلارنى ئايلانغان. قارىسا، يەنە بىر كامېردىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرى يېزىقلىق تۇرغان. ئۇلار ئۇنىمۇ كۆچۈرۈۋالغان.

مىرئەھمەت سېيىت بىلەن سۇلايمان تۈرمىنىڭ ئىشىكىنى ساقلايدىغان گۇندىپاينىڭ ئايالى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە ئائىت ئىشلارنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغان. بۇ ئايال بۇ ئىككىيلەنگە: «مەمتىلى ئەپەندىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئەكەلگەن، ئاۋۋال يالغۇز كامېرغا سولىغان، كېيىن ھېسامىدىن ئەپەندى بىلەن بىر كامېرغا سولىدى. بۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى بەك تولا سوراق قىلدى، بەك قىينىدى، ھېلىقى مەۋلانىبېك (مەۋلانوپنى دېمەكچى) دېگەن قىرغىز بەك تولا سوراق قىلاتتى. ھېلىقى كۈنىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنى ئاشۇ ئۆز قولى بىلەن ئاتتى. بىز بىر نەچچە ئايال ئېتىشۋازلىقتا ئوق تېگىپ كېتىشتىن قورقۇپ، باللىرىمىزنى ئېلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋالغانىدۇق. شۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن، تاڭ يورۇقىدا بولغان ئاشۇ قىزىل قىيامەتنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، دوزاقنىڭ ئۆزى بولدى، خۇدا بەندىسىگە ئۇنداق كۈننى كۆرسەتمىسۇن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېغىزلىرىمغا قوقاق چىقىپ كەتتى...» دەپ سۆزلەپ بەرگەن.

مىرئەھمەت سېيىت بىلەن سۇلايمان ئىشەكلىرىگە مىنىپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. مىرئەھمەت سېيىت شېئىر يېزىۋالغان

دەپتەرنى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، شېئىرلارنى يادقا ئېلىۋالغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوققان ئاتۇش خەلقى قوشاق قېتىپ يىغلىغان:

ئىشىك ئالدىدا تۆت ئۇرۇس،
تۆتىلىسىدە پاپىرۇس.
ئەپەندىمنى ئۆلتۈرگەن،
قادىر هاجى جا ئۇرۇس.

مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتكۈل ئاتۇشنى قاپلىغان مائارىپ هەرىكىتىنى سۈسلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇراخمان شائىر، ئەمەت مەخسۇم، تاشاخۇنۇمنىڭ ئوغلى لىۋاهىدىن قارى، ئابدۇغوپۇر قۇناجى، ئىزچىلار سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يار مۇهەممەت، سۇلتان مامۇت قاتارلىق ئوننەچچەيلەن يىغىن ئېچىپ، «مەمتىلى ئەپەندى تۈرمىدىن چىققۇچە، ئاتۇش مائارىپىنى ئاقسىتىپ قويمايلى» دەپ، ئابدۇراخمان شائىرنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئورنىغا ئاتۇش مائارىپىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتىكەن. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغاچقا، خائىن - مۇناپىقلارنىڭ، ئىشپىيون - چېقىمچىلارنىڭ كۈنى تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، كۆرەڭلەپ كەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن. ئەينى يىللىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېنىدا مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىلەر هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. شۇ چاغدا ئابدۇراخمان شائىر

مۇنداق شېئىر يازغان:

ۋەھىمە سالما ئەي پەلەك، ئۆلمەك ماڭا بار بىر كۈنى،
مەن ئەمەس شاھلارمۇ قالماس ئاڭا ھەم بار بىر كۈنى.

جەۋرى سالما ئەي پەلەك تېز پۈكمىگەي شائىر ساڭا،
بەربىر قورقساممۇ ئۆلمەك يەنە باردۇر بىر كۈنى.

ئارى ئۇستاز ئېيتقىنىدەك مىڭ ئۆلۈر قورققان كىشى،
تىك تۇرۇپ قورقماي ھامان ئۆلسەكمۇ ھەم بار بىر كۈنى.

ئۆزگىچە سىرلىق قاراپ كۆزنى قىسادۇر غەيرىلەر،
قويغۇسى قاپقان - توزاق ئاخىر ماڭا بار بىر كۈنى.

تۇرمىنىڭ قانلىق پۇرىقى كەلدى شىددەتلىك پۇراپ،
ئالغۇسىدۇر ھەر قاچان قولغا مېنى بار بىر كۈنى.

ئىسمى - زاتىڭدۇر ئۇلۇغ راخمان رەھىم يازەلجالال،
قىل تەرەھھۇم نەۋقىرانغا سەنلا يارسەن بىر كۈنى.

لەنتى مىڭ لەنتى بولسۇن ساڭا مەلئۇن رەقىپ،
ئۆز گۆرىنى ئۆزى قازغاي قېپ قىساسقا بىر كۈنى.

ئابدۇراخمان قورقمىغىل ساتقىن - خائىنلار ۋەھمىدىن،
ئەل - ۋەتەن قۇربانى بولساڭ ئەل، خۇدا يار بىر كۈنى.

ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەنسېرى، گۇناھسىز كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ئۆيىدىن چاقىرىپ ئېلىپ چىقىلىپ، دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندى، ئابباس چوڭ، مۇئەللىملەردىن ئابدۇراخمان شائىر، لىۋاھىدىن قارى، ئەمەت مەخسۇم، ئابدۇغوپۇر قوناجى، ئىزچىلاردىن يار مۇھەممەت قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شۇ پېتى ئىز - دېرىكى بولمىغان.

مەمتىلى ئەپەندى كۆتۈرگەن مەرىپەت بايرىقىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان تالانتلىق ئوقۇتقۇچىلار، خەلقپەرۋەر شەخسلەر بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولغان. دېمەك، ئۇلار شېڭ شىسەي ئادەت قىلغان ئۇسۇل بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

1937 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى بىر قەدەر چوڭراقلىرى مەكتەپلەردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلغان. دائىرىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ئوقۇتقان. ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىمۇ باشقىدىن تۈزۈلگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۆگەتكەن ناخشا - مارشلارنى ئوقۇش چەكلەنگەن. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى كۇنسېرى چېكىنگەن ۋە چاكىنىلاشقان...

# ئاخىرقى سۆز

XX ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) نىڭ قىسقا ئەمما قىسمەتكە باي كۆرەشچان ھاياتى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار مەزمۇنغا باي ئىجادىيەتلىرى ئىنقىلاب، ئىزدىنىش ۋە ئاقارتىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈردى، كۈچلۈك مىللىي مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇلغان جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئىلھامبەخش بىر بايراق بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مىللەتنى مىللىي زۇلۇمدىن، خارلىق ۋە قۇللۇقتىن، نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپ ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ھەقىقەت يولىدا بارلىقىنى بېغىشلاشتەك بىباھا «تەۋپىق روھى» نى نامايان قىلدى. بۇ قىممەتلىك روھ ئۇيغۇر روھىيەت خەزىنىسىدىكى بىر بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىپ قالدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەڭگىۋار ھەم شانلىق ھاياتىنى تونۇشتۇرۇش، مەنىۋى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىش ئارقىلىق ئەۋلادلارنى «تەۋپىق روھى» بىلەن ئۇچراشتۇرۇش جەھەتتە، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى، ئىخلاسمەنلىرى ۋە ۋىجدانلىق ئەۋلادلىرى بىر قاتار

خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان كىشى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىسى مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى بولدى.

مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى 1923 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچى ئەترىتى» گە قوبۇل قىلىنغان ھەم بارابانچى بولغان. 1939 ـ يىلى قەشقەر سىفەن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ يىل ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قەشقەر ۋە ئاتۇشتا سەنئەتچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولغان. 1949 ـ يىلدىن كېيىن، ئاتۇشتا مەدەنىي ـ مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1959 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە، ئاتۇش ناھىيىلىك (شەھەرلىك) مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن، جۈملىدىن ئاتۇشنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى ئەل ئىچىدە ئابرويى بار سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ ساتار، تەمبۇر، چاڭ، غىجەك، نەي ۋە داپ قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنىڭ ئۇستىسى ۋە تونۇلغان مۇقامچى ئىدى. مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى كومپوزىتور ئابلەت ئاۋامىسلىم بىلەن بىرلىشىپ، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ناخشىلار توپلىمىنى تۈپلەپ، رەتلەپ، نەشرگە تەييارلاپ، 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» نىڭ 5 ـ قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرغان. ئۆزى «بۇغرا مۇقامى» ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان.

مىر ئەھمەت سىيىت ئەپەندى 1991 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ

18 ـ كۇنى ئاتمىش سەككىز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى

مىرئەھمەت سېيىت ئەپەندى 1981 ـ يىلى شائىر ۋە ژۇرنالىست قۇربان باراتنىڭ مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، تۇنجى قېتىم «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانىدا، «شائىر تەۋپىق» دېگەن ماقالىسىنى ۋە «تەۋپىق شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر»نى ئېلان قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن. 1985 ـ يىلى «ئاتۇش ئەدەبىياتى»دا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 30 ـ يىللاردىكى كومپوزىتورى مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ناخشا ـ مارشلىرىدىن قىرىق نەچچىنى رەتلەپ كىتابچە ھالىتىدە نەشرگە تەييارلىغان ۋە ئادەتتىكى ئۈنئالغۇغا تەمبۇر بىلەن ئوقۇپ، ئىككى پىلاستىنكىغا قىلىپ خاتىرە قالدۇرغان. مىرئەھمەت سېيىت ئەپەندى يەنە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى — مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق ئەسلىمىسىنى تاماملاپ نەشرگە تاپشۇرغان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى نامايان قىلىش جەھەتتە، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ۋە ئوقۇغۇچىسى سەيپىدىن ئەزىزىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىشلارنى قىلدى.

1985 ـ يىلى ئاتۇش ئېكساقتا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالغا سەيپىدىن ئەزىزى مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا مەخسۇس ماقالە تەييارلاپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىنچىكە مەلۇماتلارنى كىشىلەرگە تونۇشتۇردى. سەيپىدىن ئەزىزى 1990 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىدىكى «ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق» دېگەن بابىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى، ئېتىقادى، قابىلىيىتى،

ئىجادىيىتى ۋە جەڭگىۋار روھى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاۋالىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسانىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى قارار چىقىرىپ، ئەنگە ئېلىپ پۇل ئاجرىتىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا ئاساس سالدى.

مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا يەنە شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىسى ئابدۇكېرىم ماخمۇتوۋ ئەپەندىمۇ خېلى كۆپ تەشۋىقات ئەمگەكلىرىنى ئىشلىدى. ئابدۇكېرىم ماخمۇتوۋ ئەپەندى 1990 - يىلدىن كېيىن، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» قاتارلىق ژۇرناللاردا، «مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ھەققىدە ئەسلىمە»، «مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە ئەمەلىي تولۇقلىما»، «مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ياش يازغۇچى زۇلپىقار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەنىۋى ھەيكىلى سۈپىتىدە، «چېقىن» ناملىق رومانىنى يېزىپ تاماملىدى. زۇلپىقارنىڭ مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا يازغان «يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرە» ناملىق ئۇچېرىكى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 18 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە شېئىرلىرى «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى

ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى (4)»، «سامان يولى» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى. «مەرىپەت مارشى» ناملىق ناخشىسى «ئاتۇش سەيلىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمىدا ئىجرا قىلىنىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى ئارقىلىق جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى ھەم ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ناخشا دەرسىدە ئۆگىنىلىدىغان بولدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر فوتۇ سۈرىتى قانداق ساقلىنىپ قالغان؟

مەمتىلى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قەشقەر قوغانلىق باجىسى ئوبۇل ھەسەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئايالى مەلىكىزاتنى يېشىغا توشمىغان قىزى ئەدىبە بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ تۈركىيىدە ئوقۇغان چاغدىكى ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مىراس قالغان نەرسىلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھازىرقى سۈرەت شۇ كىنىشكىغا چاپلانغانىكەن. مەلىكىزات خېنىم بۇ قىممەتلىك مىراسنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. ئەپسۇسكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بىلەن كېلىپ چىققان جۇدالىق ھەسرىتىنىڭ دەردىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەلىكىزات خېنىم ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. قارا يېتىم بولۇپ قالغان ئەدىبەنى قەشقەر شەھىرىدىكى ھاممىسى خەلىچە خېنىم بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەدىبە بويىغا يەتكەندىن كېيىن، تۇرمۇشلۇق بولۇپ، تۆت پەرزەنتكە ئانا بولغان. 1960 ـ 1970 ـ يىللىرى، «خائىنىنىڭ پۇشتى» دەپ چەتكە قېقىلىپ، ئەدىبە خېنىمنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان. 1970 ـ يىللىرى ئەدىبە خېنىم قەشقەردىن غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇ، ھازىر غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق مەھەللىسىدە

ئولتۇرىدۇ. مەلىكىزات خېنىمدىن مىراس قالغان سۈرەتنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باجىسى ئوبۇل ھەسەن ساقلاپ، 1960 ـ يىللىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ پەرزەنتلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ سۈرەتنى قايتا فوتوغا ئالغۇزۇپ، كۆپەيتىپ يۇيغۇزۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بىردىن تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇ سۈرەتتىن بىر پارچىسى 1982 ـ يىلى قۇربان باراتنىڭ شەخسىي ئادرېسىغا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. قۇربان بارات بۇ سۈرەتنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ سانىدا ئېلان قىلىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شۇندىن بۇيان، بۇ سۈرەت كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

قولىڭىزدىكى «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق بۇ كىتاب قانداق رۇياپقا چىقتى؟

مىرئەھمەت سېيىت ئەپەندى 1987 ـ يىلى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى — مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق ئەسلىمىسىنى يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسلىمە 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى كومپوزىتور مېھمانجان روزىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرغان.

1996 ـ يىلى يازدا، مەن تاسادىپەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مېھمانجان روزىنىڭ قولىدىن بۇ ئەسلىمىنى ئېلىۋالدىم ھەم مىرئەھمەت سېيىت ئەپەندىنىڭ ئوغۇللىرى تەلئەت دوختۇر ۋە قۇربانجانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدۇم. مەن بۇ ئەسلىمىنىڭ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى خېلى مۇكەممەل يورۇتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە بىر قىسىم ئىنچىكە تەپسىلاتلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن، بىر نەچچە ئاي ماتېرىيال توپلاش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق،

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۆزى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تولۇق تاماملىدىم ھەمدە كىتابنى مەمتىلى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئاتمىش يىللىقى خاتىرىسىگە سۇندۇم.

يالقۇن روزى

1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

买买提里先生
米.色依提,依·肉孜著
责任编辑:安尼瓦尔·玉素甫
审定:阿不都热合满·吾买尔

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码:830046)
新疆新华书店发行　　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米1/32开本　12.625印张
1997年5月第1版　1997年8月第1次印刷
印数:1—10000

统一书号:ISBN7-5631-0896-3/I.161(民文)定价:22.25元